# تارىم

4

1988



گۈزەل ئەسلىمە

سۈرەتنى ليۇشىن تارتقان.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

4

1988

38-يىل نەشرى

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

كوررېكتور: رېقىپ ئېلى.

«تارىم مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئەخەت تۇردى

# خەير-خوش، تۇققۇز كۈنلۈك ماكان

(ھېكايە)

«خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاققان،
مىس تىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان؟
مۈشۈك شىر بولدۇ چاشقان تۇتۇشتا،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان!»
(شەيخ سەئدى)

كىشىلىك ھاياتتا ئادەم قەلبىدىكى قانچىلىغان گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار ئەپسۇس بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ-ھە؟! شۇنداق، ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا، يۈرەكتە قالىدىغىنى يەنىلا قايغۇ-ئەلەمنىڭ ئاچچىق خاتىرىسى بولىدۇ. مەن بۇنى كېيىنرەك ھېس قىلىپ قالدىم...

خىزمەت ئورنۇم بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەردى. مەن تەشكىلنىڭ ئىشەنچىدىن خۇشال ئىدىم، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بەزى بۇرادەرلىرىم مەندەك خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار خۇددى مېنىڭ تەقدىرىمدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ:



— سەن كىتاب ئىچىدىكى بىلىملەرگە پىششىق بولغىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ھايات سىرلىرىدىن بىخەۋەر ئادەمسەن! ئۇ يەر بىر پارچە لوق گۆش، ھەممىسىنىڭ كۆزى تىكىلگەن. مۇبادا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئىشلىيەلىسەڭغۇ ياخشى، بولمىسا كۈنۈڭ تەس!... — دېيىشتى.

مەن دەسلەپ بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە ئانچە چۈشەنمىدىم، راستىنى ئېيتسام، چۈشىنىشنىمۇ خالىمىدىم. چۈنكى، يۆتكىلىش بۇيرۇقى ئاللىقاچان چۈشۈپ بولغان، ئەمدى ئۇنىڭغا پالان-پۇستان دېگىلى بولمايتتى. ھەي!... بۇلارنىڭ «لوق گۆش» دېگىنى نېمىسىدۇ؟

ئەزەلدىن لوق گۆش دېگەن نەرسە بولمايدۇ، پەقەت كىشىلەر ئۇنى سۆڭەكتىن شۇلۇپ لوقلاشتۇرۇپ قويغان! مەن ئۇنى سۆڭەكتىن ئاجراتمىسام‌لا بولىدىغۇ! شۇ چاغدا، ھېچكىممۇ بۇ يەرنى «لوق گۆش» دەپ تۇمشۇق سوزالمايدۇ!...

شۇنداق قىلىپ، ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئوڭ پۈتۈم بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ، يېڭى ئورۇنغا ئىشقا چۈشتۈم. كىم بىلسۇن، بىرىنچى كۈنىلا مېنى پالاكەت باستى...

تېخى ئەمدىلا بۆلۈم مەسئۇللىرىنى ئىشخانەمگە يىغىپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇۋاتاتتىم. ئۇشتۇمتۇت تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم. قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى سالاپەتلىك ھەم زەردىلىك ئىدى.

— سىز كىم؟

— مەن ياسىن...

— ھە، ياسىن جىڭلىمۇ سىز؟

— شۇنداق...

— بۈگۈن كېچە مېھمانخاناڭلاردا سادىر بولغان ۋەقەدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— ياق، مەن تېخى بۈگۈنلا ئىشقا چۈشتۈم...

— قانداقلا بولمىسۇن خەۋەر تېپىشىڭىز كېرەك، يولداش جىڭلى! بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئۇقتىڭىزمۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس! دەرھال تەكشۈرۈپ، ماڭا دوكلات قىلىڭ!...

تۇرۇپكا تاراققىدا قويۇلدى. مەن بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ماڭا تېلېفون بەرگەن كىشى بۇ يۇرتنىڭ كاتتىسى، سۆزىگە پالان - پۈستان دېگىلى بولمايدۇ، دەرھال ئىجرا قىلىش كېرەك. لېكىن قانداق ئىجرا قىلىمەن؟ مېنىڭ بۇ داڭدار مېھمانخانىغا جىڭلى بولۇپ چىققىنىمغا تېخى بىر سائەت 40 مىنۇت بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخشام سادىر بولغان «ۋەقە» دىن خەۋىرىم بولمىسا، باشلىقنىڭ بۇيرۇقىنى قانداق ئىجرا قىلىمەن؟...

بايا جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم سەل بوشاشتى، تۇرۇپكىنى جايىغا قويدۇم. ئىشخانىدىكىلەرمۇ ماڭا قاراپ، ئاغزىنى ئېچىپلا ئولتۇراتتى. شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كەلدىم: مانا، مۇشۇ بۆلۈم مەسئۇللىرى ھەممە ئىشنى بىلمەمدۇ؟ تېخى بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاخشام نۆۋەتچىلىك قىلغانلار بولۇشى مۇمكىنغۇ، شۇنىڭدىن سورىسام‌لا ئىش پۈتمەمدۇ؟...

— ئاراڭلاردا ئاخشام نۆۋەتچىلىك قىلغانلار بارمۇ؟

سوئالىم غەلىتە تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ھەممەيلەن دىڭ چۆچۈگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىشتى. خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، ئۇدۇلۇمدىكى سافادا ئولتۇرغان 50 ياشلار ئەتراپىدىكى ئورۇق، چاسا يۈزلۈك كىشى ئىككى تەرەپكە قىمىدىنىپ، ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە پىچىرلىدى:

— مەن نۆۋەتچىلىك قىلغان، بىرەر ئىش بوپتىمۇ؟

بۇ كىشىنىڭ فامىلىسى لياڭ بولۇپ، مالىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىدىن ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچان، يۈرەكسىز ئادەملىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي سۆزۈمنى داۋام قىلدىم:

— ئىش بولغانىدىمۇ كىچىك ئىش

ئەمەسكەن!...

— نېمە بوپتۇ؟... قالداق ئىش ئىكەن؟! — لاۋلىياك تېخىمۇ هودۇقۇپ سورىدى.

مەن بايىقى تېلېفوننىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

— گەپ ئەنە شۇ، — دېدىم ئاخىرىدا، — نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن باشلىق دەرهال تەكشۈرۈپ دوكلات قىلىشىمنى ئېيتتى. سىز كېچىچە بىرەر ئىشنى سەزمىدىڭىزمۇ؟

لاۋلىياك بېشىنى كەسكىن ئېغىتتى:

— ياق، ياق، هېچقانداق ئىش بولغىنى يوق، بىرەر ئىش بولغان بولسا، بۇ چاقىچىقە كىشىلەر بىلىپ بولمامدۇ؟!

توغرا، بۇ باشتا قاتتىق ناخشا ئېيتسا، ئۇ باشقا ئاڭلىنىدىغان خىلۋەت، كوچۇم بۇ مېھمانخانىدا بىرەر ئىش بولغان بولسا، مۇشۇ ئولتۇرغان بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بايا باشلىق تېلېفوندا ناهايىتى زەردە بىلەن «ۋەقە»، «چوڭ ئىش» دېدى. شۇنداق ئىكەن، «ۋەقە» بىلەن «چوڭ ئىش» هەرگىزمۇ شاۋقۇن-سۈرەنسىز، تىمتاس بولمايدۇ. ئۇنىڭدا جەزمەن قىيا-چىيا، گۈلدۈر-غالاپ بولىدۇ. لېكىن قىرىشقاندەك، بۇنى هېچكىم ئاڭلىمىغان، هېچكىم سەزمىگەن، ئەكسىچە، تۈنۈگۈنكى بىر كېچە ناهايىتىمۇ تىنچ، خاتىرجەم ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇنداق بولسا، بۇ زادى نېمە ئىش؟ باشلىقنىڭ سەزگۈسى خاتالاشتىمۇ، ياكى بىرەر ئالاقاغا يالغان خەۋەر يەتكۈزدىمۇ؟ ياق، ئەگەر ئۇنداق ئىش بولسا، باشلىق قاق سەھەردە ئۆزى تېلېفون بېرىپ، ئۇنچىلىك چېچىلماستى! نېمە بولمىسۇن، چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك. بەلكىم، شاۋقۇن-سۈرەنسىز بىرەر «سىياسىي ۋەقە» سادىر بولغاندۇ؟...

مەن ئاشۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن بىر پەس ئويلاندىم. كېيىن بۆلۈم مەسئۇللىرىغا جىددىي ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇردۇم:

— هازىر هەممىمىز قايتىپ، ئۆز تەۋەيىمىزدە بىر قۇر تەكشۈرۈش قىلىپ باقايلى، كېچىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ بېقىڭلار، مەن ئىشخانىدا ساقلايمەن، ئىككى سائەتكىچە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلساڭلارمۇ بولىدۇ.

هەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋاتقاندا، ياش هەم شوخراق بىرسى چاقچاق ئارىلاش كىنايە قىلدى:

— يولداشلار، ئەھۋالدىن قارىغاندا، تەكشۈرۈشىمىز چوڭقۇرراق بولۇدىغان ئوخشايدۇ، مەن بىر نەرسىنى سورىۋالاي، تۈنۈگۈن ئاخشام ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان ئىشلار بولسىمۇ تەكشۈرىمىزما؟

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، لېكىن بۇ كۈلكە چىن كۆڭۈلدىن چىققان خۇشال كۈلكىگە قارىغاندا، سالقىن هەم مەسخىرىلىك ئىدى.

مەنمۇ يا كۈلۈشۈمنى، يا ئاچچىقلىنىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم.

بىر سائەت جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. ئىشخانىغا هېچكىم كىرمىدى، تېلېفونمۇ جىرىڭلىمىدى. بىر خىل روهىي ئېزىلىڭگۈلۈك مېنى تېخىمۇ بۇرۇختۇم قىلىۋەتتى. يەنە يېرىم سائەت ئۆتتى، بىر چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. مەن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئۆزۈم

ئاچتىم. بۇ سوغىمدا ھېلىقى مالىيە بۆلۈمە-
نىڭ مەسئۇلى لاۋلىياڭ تۇراتتى. ئۇ ئاد-
دىي ھەم قىسقىلا دوكلات قىلدى:

— بىزنىڭ تەۋەدە ھېچقانداق ئىش
سادىر بولماپتۇ—بىخەتەرلىك ئىشكابى ساق،
جوزا - بەندىڭ، ھۆججەت - تالۇنلارمۇ ئۆز
ئورنىدا؛ بۆلۈم تەۋەسىدە گەپ تەگمىشىپ،
قىزىرىشىپ قالغانلارمۇ يوق ئىكەن...

لاۋلىياڭ «يەنە گەپ بارمۇ؟» دېگەن-
دەك، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى.
مەن يەنە نېمە دەيمەن، ئۇ ھازىر ئۆز
تەۋەسىدىن خاتىرجەم، بولۇپمۇ، مېھمانخا-
نىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىدا ھېچقانداق
ئىش سادىر بولمىغان، دېمەك، ئۇمۇ، مەن-
مۇ خاتىرجەم بولۇشۇم كېرەك!

— بولدى، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، — دې-
دىم ئۇنىڭغا.

ئۇ يەڭگىل لاتا خېيىنى شىپىرلىتىپ
سۆرىگىنىچە چىقىپ كەتتى. قايتىپ كېلىپ
ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭ-
لىدى، تۇرۇپكىنى ئىتتىك ئالدىم، ھېلى-
قى شوخ يىگىتنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى:

— يولداش جىڭلى، ئاشخانا تەۋەس-
نى تامام تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ بولدۇم،
ئالدى بىلەن گۆرۈچ، ماي ساق - سالامەت،
ئۇننى جىڭلاپ كۆردۇق، بىر سەر كەم ئە-
مەس. قازان - قومۇچ، قاسقان - جومبۇل،
ئەنبەل - پەشخۇن، پىچاق - چەيدۇ ھەممە-
سى ئۆز جايىدا، لېكىن... — ئۇ شىپپىدە
سۆزدىن توختىۋالدى. مەن ئۇنىڭ زۇۋان-
دازلىقىدىن بىزار بولۇپ تۇرساممۇ، ئاخىر-
قى گېپىگە قىزىقىپ قالدىم، ھە - ھە، دېگى-
نىمچە تۇرۇپكىنى قولىقىمغا تېخىمۇ يې-
قىن تۇتتۇم، ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە جاراڭلى-
دى، — لېكىن جىڭلى، ئاخشام بىزنىڭ بىر
ئاشپەز كەيپچىلىكتە تاۋىكاغا چۈشۈپ، قى-
مار ئويناپ ساپتۇ، بار - يوقى 30 يۈەن
پۇلى بار ئىكەن، ئۇتتۇرۇپتۇ...

— ئاشپەز ھازىر نەدە؟

— ئاشخانىدا، ئىشلەۋاتىدۇ...

مەن لەسسىدە بولۇپ تۇرۇپكىنى قوي-
دۇم. باشلىق دېگەن «ۋەقە» ئەلۋەتتە بۇ
ئەمەس ئىدى. ئاشپەز كەچتە قىمار ئويني-
غان بولسا، يەنە ساق - سالامەت قايتىپ
چىقىپتۇ. مۇبادا، ئۇ قولغا چۈشۈپ، ساقچى
ئورۇنلىرى: «مۇشۇنداق بىر كاتتا مېھمان-
خانىنىڭ ئاشپىزى قىمار ئويناپ تۇتۇل-
دى» دەپ باشلىقلارغا دوكلات قىلغان بول-
سا، بۇنىڭ يولى باشقا ئىدى...

بارغانسېرى ئىچىم تىت - تىت بولۇپ،
يۈرىكىم سىقىلدى. توۋا، باشلىق دېگەنمۇ
غەلىتە بولىدىكەن - ھە؟ مەندىن بىر ئې-
غىز گېپىنى ئاياپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۆزى
بىلگەن ئىشنى ئوچۇقلا ئېيتماي، سىرلىق
تېپىشماقتا ئايلاندۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
ياكى بۇ مەن ئۈچۈن بىر ئىمتىھان سوئا-
لىمۇ؟...

خىيالىمنى تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى
بۆلۈۋەتتى. يەنە شۇ دوكلات، ھېچ گەپ
يوق! بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى
خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا: ساق - سالامەت،
خاتىرجەم... دېيىشتىن نېرى ئۆتمەيۋاتات-
تى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتمۇ توشۇپ قالاي
دېدى، يەنە بىر ئورۇن قالغاندى، ئەگەر
ئۇنىڭ دوكلاتىمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بول-
سا، ئىش توگەيتتى، ئۇ چاغدا مەنمۇ خا-
تىرجەم ھالدا باشلىققا: «تۈنۈگۈن كېچە
مېھمانخانىدا ھېچقانداق ۋەقە سادىر بول-
ماپتۇ، ھەممە ئىش ئۆز جايىدا، ھەممە
ئادەم خاتىرجەم» دەپ دوكلات قىلاتتىم.

خالاس!

سائىتىمگە قارىسام، ئىشتىن چۈشۈشكە چارەك سائەت قاپتۇ. ئاخىرقى خەۋەرنى كۆتۈپ تېلېفوندىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇردۇم. 12 گە بەش مىنۇت قالغاندا تېلېفون جىرىڭلىدى.

— ۋەي، جىڭلىما؟ ... — تۇرۇپكىدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى، — مەمۇرىي بۆلۈم ئەۋەسنى تەكشۈردۇق، چوڭ ئىش يوق. ئەمما، تونۇگۈن كەچتە ئىككى ئايالنىڭ تېلېفوندا گەپ تەگكىشىپ قالغان بىر ئىشى بار ئىكەن...

بۇ مۇجمەل گەپكە ئىچىم پۇشۇپ، سوغۇققىلا سورىدىم:

— ئۇچۇرىراق ئېيتامسىز، كىم بىلەن كىمنىڭ؟

— ھە، ماقۇل، ئوچۇق ئېيتسام، بىزنىڭ ھېلىقى تېلېفونىست ئايال جاڭ شاۋلى بىلەن ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىر ئايال مېھمان تېلېفوندا سوقۇشۇپ قاپتۇ.

بۇ خەۋەر مېنى بىر ئاز قىزىقتۇرۇپ قالدى. مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىدىن ئاسماقچىلاپ سورىدىم:

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئايال مېھمان كىم ئىكەن؟

تېلېفوندىن پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەنمۇ مەقسەتلىك ھالدا كېكىرتەكىمنى قىرىپ قويدۇم.

— ئۇ مېھماننىڭ سالاھىيىتىنى سورۇشتۇرەلمىدۇق، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن دۇدۇقلاپ، — ئاڭلىشىمىزچە، ئىش قىلىپ، بېشىدا تاجىسى بارلاردىن ئوخشايدۇ...

ھە، بىلدىم. باشلىق دېگەن «ۋەقە»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى كاللامدا سەل-پەل روشەنلەشكەندەك بولدى. «تاغدەك ئىشنىڭمۇ تېرىقتەك تۆگۈنى بولىدۇ» دېگەندەك ، باشلىقنى شۇنچە ساراسىمگە سالغان ئىشنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ تۆگۈنى بولۇشى كېرەك ئىدى، بۇ تۆگۈن جەزمەن ئاشۇ كەچتىكى «تېلېفون» بولۇشى مۇمكىن.

چۈشلۈك تاماقنى ئالدىراشلا يېدىم، دەم ئېلىش ۋاقتى توشا-توشمايلا، مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنى ئەگەشتۈرۈپ، باش ئاپپارات ئۆيىگە باردىم. تېلېفونىست پوپايكا توقۇپ ئولتۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپ بېشىنى شۇنداقلا بىر كۆتۈردى-دە، قىپقىزىل ئەگلىك سۇرتۇۋالغان قېلىن كالپۇكلىرىنى غەلىتە مىدىرلىتىپ قويۇپ يەنە ئىشىنى قىلىۋەردى. مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى:

— جاڭ شاۋلى، بۇ كىشى مېھمانخانىمىزغا يېڭى كەلگەن ياسىن جىڭلى بولىدۇ، تونۇشۇپ قويۇڭ!

تېلېفونىست بېشىنى سىلكىپ كۆتۈرۈپ ماڭا يەنە بىر قېتىم قارىدى، ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كىرپىك قاقماي ماڭا قادالغان كۆزلىرىدىن بىر خىل يېقىمسىز سوغۇق نۇر «يالت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قورۇقلىرى تارتىشقان چىرايىدىن بولسا، ئاللىقانداق مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، قىرقىم چاچلىق، ياداڭغۇ، لېكىن ئانچىمۇ سەت كۆرۈنمەيدىغان ئوتتۇرا ياشلىق تەكەببۇر ئايال ئىدى. ئۇ ماڭا ئاشۇ يوسۇندا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— يېڭى باشلىق كەلگەن بولسا قارشى ئالىمەن، لېكىن بىزدەك پۇقرالارغا بەرىبىر، ئۇلار كېلىپ تۇرىدۇ، كېتىپ تۇرىدۇ ... — دېدى قاش-قاپىقىنى سو-

زۈپ ۋە مېنى سىنىماقچى بولغاندەك، بې-
شىمدىن - ئايىغىمغىچە ئۈزاق قارىغاندىن
كېيىن، پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — بۇ
كىشىمۇ قانچىلىك تۇراركىن؟ ...

ئۇنىڭ گەپلىرى، قىياپىتى تولىمۇ
كۆرەڭ ئىدى، ئەنىمۇ پىسەنت قىلمىدىم،
ئۇنىڭ يېنىدىكى جوزىدا ئازادە ئولتۇرۇپ،
ئاخشامقى ئىش توغرىسىدا توپتوغرىلا
سورىدىم:

— ئاخشام تېلېفوندا كىم بىلەن گەپ
تەگىشىپ قالدىڭىز؟

— كىملىكىنى كىم بىلسۇن ئۇنىڭ؟ —
دېدى ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ ۋە بىردىنلا
جاۋۇلداپ سۆزلەپ كەتتى، — تېخى مېنىڭ
كىملىكىمنى بىلەمسەن، دەيدا، كىم بولات-
تىڭ، ماڭا ئوخشاشلا يېتىم قوۋۇرغىمدىن
بولغان بىر ئايال، دېدىم، ناھايىتى بول-
ساڭ، ئېرىڭ باشلىقتۇ، ياكى بىرەر باشلىققا
ئاسراندى كېلىن بولغانسەن، بولساڭ ئۆ-
زۈڭگە بولدۇڭ، ماڭا نېمە؟! سەندەك ئې-
رىنى قوقاق قىلىپ شەھەر سورايدىغان ھا-
زازۇللارنى پۇتۇمغا پايىتىما قىلغانمەن،
دەپ پوسكايتىۋەتتىم ...

يائاللا! بۇ ئايالنىڭ ئاغزى ئېغىز
ئەمەس، پىلىموتنىڭ ئوقى ئىكەن. ئۇنىڭ
مۇشۇ ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئاخشام تېلې-
فوندا قارشى تەرەپنى بەكمۇ بوزەك قىل-
غانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىشنىڭ
تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدىرىماي
سورىدىم:

— ئاراڭلاردا نېمە ئىش بولغان؟

— ھېچ ئىش ... — دېدى ئۇ يەنە شۇ
زۇۋانىدازلىقى بىلەن، — ئۇ تازىمۇ جې-
دەلخور پاسكىنا ئىكەن، سائەت 10 يې-
رىمدا ئورۇمچىگە تېلېفون ئالدى، ۋاقىتنى

ئۈچ مىنۇت ھېسابلىدىم، شۇنىڭغا چىدى-
ماي، مەن پەقەت ئۈچ ئېغىزلا گەپ قىل-
دىم، سېنىڭ سائىتىڭ قاپاق ئوخشايدۇ،
دەپ چىچاڭشىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن-
مۇ: مېنىڭ سائىتىم قاپاق بولسا، سېنىڭ
بېشىڭ قاپاق ئوخشايدۇ، قىسقا سۆزلە-
سەن، ئۇزۇن سۆزلەمسەن مېنىڭ چاتىقىم
يوق، ئۈچ مىنۇتقا توشمىسىمۇ ئۈچ مى-
نۇت ھېسابلايمەن، بۇ مېنىڭ ھوقۇقۇم،
ئۈچ مىنۇتقا چىدىمىغان ئادەم ئۇزۇن
يوللۇق تېلېفون بېرىپ نېمە قىلاتتىڭ،
سەككىز پۇڭلۇق خەت ياز ... دېدىم. بول-
غان ئىش شۇ!

كاللام قوداڭشىپ كەتتى. بۇ ئىش-
نى ھەرقانچە كۆپتۇرۇپ، پرىنسىپقا كۆ-
تۈرسىمۇ، باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك
بىرەر «ۋەقە» شەكىللەنمەيتتى. روھىم چۈ-
شۈپ ئىشخانامغا كىردىم. ئەمدى
بىرەر پىيالە قايناقسۇ ئىچەي دەپ تۇرۇ-
شۇمغا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. خۇش-
ياقماي، لەلەڭشىپ بېرىپ تۇرۇپكىنى ئال-
دىم. تېلېفون غەربىي بىنادىن كەلگەنى-
كەن، بىر كۆتكۆچى قىز سۆزلەۋاتاتتى:

— جىڭلى، سىزنى ئىككى باشلىق
104 - نومۇرلۇق ئۆيدە ساقلاپ تۇرىدۇ،
تېز كەلسۇن، دەيدۇ.

بۇ خەۋەردىن تېخىمۇ ھەيران بو-
لۇپ، غەربىي بىناغا پالاقشىپ باردىم.
104 - نومۇرلۇق ئازادە ئۆينىڭ مېھمانخا-
نىسىدا ئۈچ ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ
ئىككىسى ماڭا تونۇش باشلىق، بىرسى ئوت-
تۇرا ياشلاردىكى ناتونۇش ئايال ئىدى.
ئەنە، ئاۋۇ سول تەرەپتىكى سافادا ئىككى
قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تۈزۈت
بىلەن ئولتۇرغان كۆپمە يۈزلۈك، چىمەن

دۇپپىلىق كىشى ئەتىكەن ماڭا تېلېفون
بەرگەن باشلىق ئىدى. بۇ ئادەمنى ھازىر
خەقلەر ئۆز ئىسمىدىن كۆرە، «تېلېۋىزور
چولپانى» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۇنىڭ تەرەپتىكى سافادا ئېگىلىپ ئولتۇرغى-
نى بولسا، قاراموتۇق، ياپما قاپاق ئادەم
بولۇپ، ئۇ چېكىسىدىكى تېكە ساقىلىدەك
بىر تۇتام شالاڭ چېچىنى يانتۇ تاراپ،
بېشىنىڭ چوققىسىدىكى ئاپپاقلىقىنى يوشۇ-
رۇۋالغانىدى ...

ئۇلار مېنىڭ كىرگىنىمگە دىققەت
قىلىپمۇ كەتمىدى، ئىككى باشلىق ئاغزى-
ئاغزىغا تەگمەي ھېلىقى ئايالدىن ئەپۇ سو-
راپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىۋاتاتتى:

— ليۇ خېنىم، كەچۈرگەيسىز، سەۋەن-
لىكنىڭ ھەممىسى بىزدە، سىزنى ياخشى
كۈتۈۋالالمىدۇق ...

— شۇنداق، ياخشى كۈتۈۋالالمى-
دۇق ... ئادەتتىكى بىر مۇلازىمەتچى سىز-
نى رەنجىتىپ قويۇپتۇ، بۇ بىزنىڭ خىزمى-
تىمىزدىكى يېتەرسىزلىك. سىزگە مېنىڭ
مەرتىۋە ناماقۇل بولمىز ...

ئۇلار خۇددى «ئېگىلگەن بويۇننى
قىلىچ كەسمەس» دېگەندەك، ھەدەپ باش-
لىرىنى ئېگەتتى. قوللىرىنى كۆكسىگە ئې-
لىپ، ھەر قانداق پەرمانغا تەييار قۇلدەك
بىچارە قىياپەتتە تۇرۇشاتتى ...

مەن بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ، «ۋەقە»
نىڭ ھەقىقەتەنمۇ كىچىك ئەمەسلىكىگە
ئىشەندىم. بۇ ئىككى باشلىق بۇنداق يەر-
لەرگە ئاسانلىقچە چىقىپ قالمايتتى. ئە-
گەر تۈنۈگۈن ئاخشام رايونىمىزنىڭ بى-
رەر زاۋۇت - كانلىرىدا تۇيۇقسىز ھادىسە يۈز
بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەدېگەندىلا
ئۆيەرلەرگە بېرىپ، ھال - ئەھۋال سورىشى
ناتايىنىدى. كۆڭلۈمگە كەلگەن بۇ خىيال
مېنى بىر قىسما قىلىپ قويدى. تېنىم جۇ-
غۇلداپ، ئۆز - ئۆزۈمچە بىر نەرسىدىن يىر-
گەنگەندەك بولۇپ قالدىم. باشلىقنىڭ بىر-
سى ئەمدى مېنى ئېسىگە ئالغاندەك، خەن-
زۇچىنى يامداپ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ سۆز-
لىدى:

— ياسىن جىڭلى، سىزمۇ ليۇ خانىم-
دىن ئەپۇ سوراڭ، ئاخشام سىلەرنىڭ تېلې-
فونىست بۇ كىشىگە قاتتىق ئازار بېرىپتۇ،
ليۇخانىم كېچىدە ئۆيگە تېلېفون بېرىپ،
ماڭا كۆز يېشى قىلدى. شۇڭا ئەتىگەن
سىزگە خەۋەر قىلغانىدىم. بۇ نېمىدېگەن
بېشى چوڭلۇق؟ تېلېفونىستىڭلار زادى
قانچىلىك نېمە؟ تېخى تەپ تارتماي:
«سېنىڭ كىملىكىڭ بىلەن مېنىڭ چاتىقىم
نېمە» دەپتىيا؟ شۇنداق ئادەمگىمۇ ماشاش
بېرەمسىلە؟ ليۇ خانىم كىچىك ئادەممۇ؟
ئۇ، چوڭ ئاقساقالنىڭ كېلىنى تۇرسا؟! ...

باشلىق ھەددىدىن ئارتۇق كۆچىنىپ
كەتكەچكە، دېمى سىقىلىپ قالدى، دەس-
لەپ كۆچلۈك باشلانغان سۆزمۇ ئاخىرىغا
بېرىپ پەسىيىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆ-
زىنىڭ تۈگىشىگە ئۇلاپلا يەنە بىر باشلىق
ۋەزىيەتنى جانلاندۇردى. ئۇ خەنزۇ بول-
غاچقا، سۆزلىرى ئۇرغۇلۇق ھەم دانە - دانە
ئىدى:

— شۇنداق، سىزمۇ ليۇخانىمنىڭ
ئالدىدا ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ! بۇ سىلەر-
نىڭ خىزمەت پوزىتسىيىڭلاردىكى ناچارلىق!
ھېلىقى تېلېفونىستقا ھەرگىز يۇمشاق قول-
لۇق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قاتتىق
چارە كۆرۈش كېرەك! ئۇنداق بېشەم، ئا-
زازۇللارنى بۇ يەردە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ!
بۇ يەر دۆلەت ئەربابلىرىدىن تارتىپ، چەت

ئەللىك مېھمانلارغىچە چۈشىدىغان مۇھىم جاي. سىز بۇ يەرگە يېڭى چىقتىڭىز، بۇ قېتىم تېلېفونىستقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش — سىز ئۈچۈن بىر سىناق!

قۇلۇقۇم غۇڭۇلداپ كەتتى. بۇ گەپلەر تۆگەيدىغاندەك ئەمەس. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي نا قولاي ئەھۋالدا ئولتۇرغاندا، ھېلىقى ئايال ناھايىتى سىپاگەرلىك، لېكىن بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىت بىلەن مۇنداق دېدى:

— بولدى، سىلەرمۇ خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارنى ئاقساقالغا دەپ يۈرمەيمەن! لېكىن تېلېفونىستنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇ ماڭا شۇنداق قىلغان يەردە، ئاددىي پۇقرالارغا نېمە قىلماقچى؟ بۇ، مۇلازىمەت ئورنى، پوزىتسىيە ئىللىق، مۇئامىلە سىلىق بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ دەيمەن؟

... ھەر ئىككى باشلىق تەڭلا ئورۇنلىرىدىن سەل-پەل قوزغىلىپ، ئايالنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— شۇنداق، شۇنداق! پوزىتسىيىسى يامانلارنى جەزمەن قاتتىق بىر تەرەپ قىلىمىز! ...

ئەمدى مەنمۇ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسام بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

— مەن بۇ يەرگە تېخى بۈگۈنلا ئىشقا چۈشتۈم، — دېدىم ئىككى باشلىققا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كېتەلىگىنىم يوق. زىددىيەت، مەسىلە ھەممە يەردە بولىدۇ، پەقەت بەزى يەرلەردە كۆپرەك، ئېغىرراق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىسلاھاتنىڭ بورىنى بارلىق غەلدە-غەشتىنىلەرنى تازىلاشقا قادىر. ئەگەر رەھبەرلىك

قولىلاپ، يار-يۆلەكتە بولسىلا، مەن بۇ يەرنىڭ ئىشىنى ياخشى تۈزەپ، رايونىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇنلىرىدىن قىلىپ چىقىشقا ۋەدە بېرەلەيمەن!

ئىككى باشلىق تۇشمۇ-تۇشتىن پوزىتسىيە بىلدۈردى:

— قورقماي ئىشلەۋېرىڭ، رەھبەرلىك سىزگە يار-يۆلەكتە بولىدۇ! ...

— تەشكىل سىزنى قوللايدۇ، دادىل ئىسلاھات قىلىڭ! ...

بۇ سۆزلەر قۇلىقىمغا ياقتى، كۆڭلۈمدىكى بايىقى غەشلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ، خېلىلا يەڭگىللەپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەنە بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچتىم. ئاۋۋال تېلېفونىست جاڭ شاۋلىنىڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئارقىدىن ئىككى باشلىقنىڭ تۈنۈگۈنكى جىددىي يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، مۇزاكىرىگە سالدىم. ھەدېگەندىلا پىكىرلەر يۈرۈشۈپ كەتمىدى. بەزىلەر تاڭلىيىنى چەكتى، بەزىلەر خورسىنىپ قويدى. خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئەپقاچتى گەپلەر چىقىشقا باشلىدى:

— شۇنچىلىك ئىشقىمۇ چارە كۆرەمدىكەن؟ ...

— كۆرمىسە بولماس، باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قاپتۇ...

— ئۇۋال بولۇپ كېتەرمىكىن؟ ...

— ئۇۋال بولمايدۇ!

— توغرا. ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكەن!

— ئۇنداق ئادەملەرنى يەنە قانات ئاستىغا ئېلىشقا بولمايدۇ! ...

...

ئۇمۇمىي كەيپىياتتىن قارىغاندا،

جاڭ شياۋلىنى ياقىلىغۇچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بەزىلەر پەقەت ئېھتىيات يۈزىسىدىنلا ئانچە-مۇنچە يۇمىلاق گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. مۇزاكىرە ئاخىرىغا بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. جاڭ شياۋلى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى ئۆچ-ئاداۋىتى بارلار، ئۇنىڭ مىشچان، تەكەببۇر، ئازازۇللىقتىن بىزار بولغانلار ئۇنى پۇخادىن چىققۇدەك سۆكتى، ئەيىپلىدى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئاخشامدىن بېرى ئويلاپ قويغان قارارىمنى ئوچۇق ئېلان قىلىشقا پۈتۈنلەي زېمىن هازىرلاندى. مەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى يىغىنچاقلىغاچ، ئۆز قارارىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

— يولداشلار، بىز هازىر ئىسلاھات دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز، ئىسلاھات دېمەك — ئۆزگەرتىش دېمەك. بىز سوتسىيالىستىك تۇرمۇشىمىزغا ئۇيغۇن بولمىغان بارلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەخلاقىي نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىمىز، بۇ ئەلۋەتتە ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش جاڭ شياۋلىنىڭ مەسىلىسى مېھمانخانىمىزدا مۇلازىمەتتىكى پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىدەك مۇھىم بىر مەسىلىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنى تۈزىمەي تۇرۇپ، مېھمانخانىدا يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئىستىل، يېڭى سۈپەتنى تىكلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يولداش جاڭ شياۋلىنىڭ مەسىلىسىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشىمىز كېرەك. مەن يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ يوليورۇقى بويىچە، يولداش جاڭ شياۋلىنى بۇ يەردىن يۆتكىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇنىڭغا ئىككى ئاي سۈرۈك بېرىمىز، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆزى مۇناسىۋەت قىلىپ، خىزمەت ئورنىنى تېپىۋالسا بولىدۇ، بۇ قارارنى بۈگۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ ئېلان قىلىمىز.

بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى ئاۋاز بەرمىدى، لېكىن ھەممەيلەننىمۇ بىردەك قىزغىن بولۇپ كەتمىدى. بەزىلەر «ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دەپ، بېشىنى لىڭشىتسا، بەزىلەر «كۆرۈپ باقمايمىزمۇ» دەپ، بىتەرەپلىك ئىپادىسىنى بىلدۈردى. يىغىن تارقىلىش ۋاقتىدا، مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى مەندىن بىر ئىشنى سورىدى:

— ياسىن جىگلى، باش ئاپپاراتنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى، ئەمدى جاڭ شياۋلىنىڭ ئورنىغا كىمنى قويىمىز؟

مەن تۈنۈگۈنلا بۇ ھەقتە كۆڭلۈمدە سان تەييارلاپ قويغانىدىم.

— يېڭى بىنادا گۈلنار ئىسىملىك بىر قىز بار ئىكەن، ئۈچ تىللىق ئىكەن، تېلېفونىستلىقتىنمۇ خەۋىرى بار ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى بىر نەرسىنى ئەسلىگەندەك، كۆزلىرىنى يېرىم-يارتا يۇمۇپ دېدى:

— ھە، توغرا، توغرا، شۇنداق بىر قىز باردەك قىلاتتى ...

— ئەمىسە، هازىرچە شۇ قىز ئىشلەپ تۇرسۇن!

چۈشتىن كېيىنكى چوڭ يىغىن قىسقا، لېكىن تەنتەنىلىك ئېچىلدى. جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى كەسكىن قارار خۇددى تېپتىنچ كۆلدە قاتمۇقات دولقۇن پەيدا قىلغاندەك، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا، جىددىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. ھەمىشە كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا بولۇپ، قەلبى ئۇگدەپ قالغان، قو-

لىنىڭ ئۈچىدىلا ئىشلەپ، بىخەستەلىك قىلىدىغان، سەپداشلىرى ئىچىدە بىشەملىك، زوۋاندازلىق قىلىپ، ياخشىلارغا كۈن بەرمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر چۈچىگەندەك، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى باشلىنىش ئىدى. لېكىن كىم بىلسۇن، بۇ ئىشنىڭمۇ ئاخىرى خەيرلىك بولماي قالدى. جاڭ شياۋلى ئارقىمۇ ئارقا ئەرز يېزىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتىرىدى، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭمۇ ھامىيسى چىقىشقا باشلىدى. ئىشنىڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى قارار ئېلان قىلىنىپ بەش كۈندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى باشلىقنىڭ مېھمانخانىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى ئىدى.

ئۇلار مېنى يەنە شۇ غەربىي بىنادىكى 104 - نومۇرلۇق ئۆيگە چاقىرتتى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپلا ھەيران قالدىم. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى گەپ - سۆزى، تەققى - تۇرقى ئۆتكەنكى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. ئاۋازى ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك، دولقۇنلۇق، چىرايى سۈرلۈك ھەم سوغۇق ئىدى.

چىمەن دوپپىلىق باشلىق جىددىي ئەلپازدا سورىدى:

— تېلېفونىست جاڭ شياۋلىنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغاندىڭىز؟

مەن پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. باشلىق ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك، بىردىن چالۋاقىدى:

— شۇ ئىشقىمۇ بۇنچە ئېغىر چارە كۆرگەن بارمۇ؟

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم، تىلىممۇ تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئاران ئېسىمنى يىغىپ:

— ھېچقانداق چارە كۆرۈلمىدى، پەقەت بۇ يەردىن يۆتكىلىشىنى ئۆتۈنۈپ تۇردۇق... — دېيەلىدىم.

— شۇمۇ چارە - دە! — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن، — بۇ يەردىن كېتىپ نەگە بارماقچى؟

ياپما قاپاق باشلىقمۇ دەرھال ئۇنى قۇۋۋەتلىدى:

— توغرا، زىددىيەتنى باشقا يەرگە ئىتتىرىش ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىجابىي تەربىيە بەرسەڭلا بولاتتى، ئادەم ئەمەسمۇ، ئۆزگىرىپ كېتىدۇ!...

بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شۈركىنىپ كەتتىم. بۇ ئىككى باشلىقنىڭ بىر ھەپتە بۇرۇن مەن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە سۆزلەشكەن باشلىق ئىكەنلىكىدىن شەكلىنىپ قالدىم. ئەلەمدىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ، ئۇلارغا قايتىدىن زەڭ سالدىم. ھېچقانداق خاتاسى يوق، دەل شۇلارنىڭ ئۆزى، پەقەت كىيىملىرىلا ئۆزگەرگەن: ئۇ چاغدا ئۇلار ناھايىتىمۇ ئاددىي - ساددا ئىدى، بۈگۈن بولسا، ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك، ئەجنەبىيچە كۆرۈنەتتى.

— جاڭ شياۋلى سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز سۇندى، — دېدى چىمەن دوپپىلىق باشلىق ئەمەلدارلارچە تەلەپپۇزدا، — ئۇ سىزنى مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئېغىر، بىر خەنزۇنى بوشىتىپ، ئورنىغا ئۇيغۇرنى قويدى، دەۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

يارەببىم! يوغان بىر باشلىقنىڭ مۇشۇ گەپنى مەندىن سوراۋاتقىنىنى قاراڭ! ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى، توۋا دەيمەن، پارتىيە ئۇنىڭغا شۇنچە پۇرسەتلەرنى يارى-

تىپ نېمە دەپ تەربىيىلىدى؟ ئىككى-ئۈچ يىلغىچە ئالىي پارتىيە مەكتەپلىرىدە ئۇ زادى نېمىنى ئوقۇدى؟ جاڭ شياۋلىنىڭ چىدىماسلىق قىلىپ شۇنداق دېسۇن، بۇ باشلىقچۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئىشنى چۈشىنىپ، تېگىگە يەتكۈچىلىكى يوقمۇ؟ ئىست! ئىسىت!...

ئۇيلىغانسېرى يۈرىكىم سىقىلىپ كەتتى، ئالدىمدا قاتتىق ئولتۇرغان ئىككى باشلىق كۆڭۈل ئەينىكىمدە بارغانسېرى خىرەلەشتى. ئۆزۈمنى باسالماي ئاخىرى پوسۇققىدا دېدىم:

— مۇنداق گەپلەرنى كالتەك، قالپاق قىلىپ ئادەم قورقۇتۇش بۇرۇن بولغان، لېكىن كىشىلەر ھازىر بۇنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ قالدى. مېنىڭچە، خىزمەتتىكى نورمال تەكشەشنى مىللىي كەيپىيات، مىللەتچىلىك دېگىلى بولماس! توغرا، مەن جاڭ شياۋلىنىڭ ئورنىغا گۈلنار ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىزنى قويدۇم. ئۇ جاڭ شياۋلىدىن چەندان ياخشى، خىزمەتتە قىزغىن، ئاكتىپ، مەسئۇلىيەتچان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ تىللىق، خەنزۇچە بىلەن ئېنگلىزچىنى ياخشى بىلىدۇ، بۇ — مېھمانخانىمىزنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئۆتكەندە، جاڭ شياۋلى چەت تىل بىلمىگەچكە، چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا بىرمۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مېنىڭچە، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قايسى مىللەت، قايسى جىنس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى بولسىلا، مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتىشكە بولۇۋېرىدۇ...

— بولدى-بولدى، بەك سۆزلەپ كەتتىڭىز، يولداش جىگلى، — دېدى چىمەن دوپپىلىق باشلىق مەسخىرە قىلغاندەك دىمىقىنى قېقىپ، — ھەرقانچە چۈشەندۈرسىڭىزمۇ جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى چارە مۇۋاپىق بولماپتۇ!...

— نېمە؟! — مەنمۇ ئاغزىمنى قويۇۋەتتىم، — بۇ ئىشتا مەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلغىنىم يوق، سىلەرنىڭ يوليورۇقىڭلارنى ئىجرا قىلدىم!

چىمەن دوپپىلىق باشلىقنىڭ كۆپمە يۈزى تېخىمۇ ئېسىلىپ ئۆڭدى. ياپما قاپاق باشلىقمۇ سافانى غىرىسلىتىپ، ئۇيان-بۇيان تولغاندى. ھېلىقى شالاڭ چاچلىرىنى چىمەلتىكى بىلەن قاشلىغاندەك تاراپ قويدى. كېيىن قىلچىمۇ تەپ تارتماستىن:

— توغرا، ئۇ ۋاقىتتىكى گەپقۇ شۇنداق بولغان، لېكىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ-دە! ئۇ چاغدىكى سورۇنمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇ كۈنى شۇنداق دېيىش زۆرۈر ئىدى... — دېدى.

مەن شۇ چاغدىلا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە باشلىدىم. ئۇلار سورۇن تاللاپ سۆزلەشكە نېمىدىگەن ئۇستا-ھە؟! ئۇ كۈنى بۇ يەردە ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ بىر ئاقساقالنىڭ كېلىنى بار ئىدى، بۈگۈنچۇ؟! بۈگۈن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىككىنە بىر جىگلى ئولتۇرىدۇ. بۇنى ئۇلار خۇددى خېمىردەك خالىغانچە ئەيلەپ-چەيلىيەلەيدۇ-دە!...

ئۇشتۇمتۇت خورلۇق ھېس قىلدىم. نېمىدۇر ئىنسانىي غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگكەندەك بولدى. ئاچچىقىمدا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، قادىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر چاغدا چىمەن دوپپىلىق باشلىق تومشۇقىنى ئۇچلاپ بۇيرۇق قىلدى:

— قارارنى ئۆزگەرتمەڭ! جاڭ شياۋلى ئۆز جايىدا ئىشلەۋەرسۇن!...

— شۇنداق قىلىڭ! — دېدى يەنە بىر باشلىقمۇ سالا قىلغاندەك، — قارار دېگەننى ئادەم چىقىرىدۇ، ئۆزگەرتسە بولىۋېرىدۇ...

غۇۋىدا ئاچچىقىم كەلدى، كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.

قارارنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ! — دېدىم چورتلا كېسىپ، — سىلەر تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن مانا مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ: «تېلېفونىستقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش سىز ئۈچۈن بىر سىناق!» دېگەن ئىدىڭلار، مەن شۇ گەپ بويىچە مېھمانخانىدىكى 253 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئالدىدا جاڭ شياۋلى ئۈستىدىكى قارارنى ئېلان قىلدىم. قارار مېھمانخانىدا كۈچلۈك دولقۇن پەيدا قىلدى. كىشىلەر شۇنىڭغا قاراپ سەپكە تۇردى. ھازىر بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش-قىلماسلىق مەن ئۈچۈن 253 ئىشچى - خىزمەتچى ئالدىدىكى جىددىي سىناق بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر قارارنى ئۆزگەرتىشكە مېنى مەجبۇرلىساڭلار، ئۇ چاغدا مېھمانخانىدا مەن ئەمەس، جاڭ شياۋلى تۇرسۇن، ئىككىنىڭ بىرى!

ئىككى باشلىق بىر - بىرىگە قاراشتى، بىرسىنىڭ يۈزى دەسلەپ قىزىرىپ، كېيىن ئاقاردى. يەنە بىرسىنىڭ چۆيۈندەك كۆكرىپ كەتتى. ئەمدى ئۇلارغا ھېچقانداق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى.

— بولدى، سىز چىقىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ! — دېدى چىمەن دوپپىلىق باشلىق قوپال ھەم سوغۇق ئاۋازدا، — بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى!

ئورنۇمدىن ئىلىككىدە تۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. كۈن قايرىلىپ، ھاۋا سەگىپ قالغانىدى. ئىشخانىغا كىرگۈم كەلمىدى، يۈرىكىم سىقىلىپ، شۇنچە كەڭ يەرمۇ تارلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. باغلارنى ئارىلاپ خىيالغا چۆمدۈم. يۈرىكىمدىن ياڭراق بىر سادا كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى. قانچە ئويلىساممۇ بۈگۈنكى ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. يوغان ئىككى باشلىقنىڭ ئاددىي بىر تېلېفونىستقا بۇنچىلىك خەيرىخاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ، بىر ھەپتە بۇرۇنقى لەۋزىدىن دەرھال يېنىپ، ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بۇنچە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايتتى...

دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنچىلىك مۇرەككەپ، شۇنچىلىك سىرلىقمىدۇ؟ ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاشۇنداق غەلىتە، ئۆمۈچۈك تورىدەك باش - ئايىغى يوق تىلسىماتمىدۇ؟ ئۇنىڭ زادى تېگىگە يېتىپ پايانىنى تاپقىلى بولماسمۇ؟!...

خىياللىرىم چىگىشلىنىپ، بېشىم چىڭقالدى، نېرۋىلىرىم تارتىشىپ كەتتى. ئېغىر - ئېغىر تىنىپ، تاللىق ئاستىدا كېتىۋاتاتتىم، ئارقامدىن شېپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام، مالىيە بۆلۈمىنىڭ ھېلىقى ئېھتىياتچان مەسئۇلى لاۋلياڭ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ، بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇنغاچ دېدى:

— مالىيىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنى تاپشۇرغانىدىڭىز، ئۈچ كۈندىن بېرى كېچە - كۈندۈز ئىشلىدۇق. ئۇششاق - چۈشەك ئىشلار ئاز ئەمەس ئىكەن، لېكىن 25360.00 يۈەنلىك مۇشۇ بىر ھۆججەت ھازىرغىچە كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىزمۇ

كۆرۈپ بېقىڭ.

مەن ھۆججەتنى قولۇمغا ئېلىپ قارـ دىم. ئۇنىڭدا «مەركەزدىن كەلگەن ××× باشلىقنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇل 25360.00 يۈەن» دەپلا يېزىلغانىدى. ھۆججەتنىڭ چېكىدە مېھمانخانىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقىنىڭ ئىمزاسى تۇراتتى. بۇ كىشى تېخى بىر ئاي بۇرۇنلا بىر دەرىجە ئۆسۈپ، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

مەن ھۆججەتتىن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلـ مەي سورىدىم:

— بۇنچە كۆپ پۇل نېمىگە ئىشلىـ تىلگەنىكەن؟

لاۋلياڭ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ئۆتكەندە جۇڭيادىن كەلگەن باشلىقلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە ئىشـ لەتكەن...

— ئۇلار قانچىلىك ئادەم ئىدى؟

— جۇڭيادىن، ئاپتونوم رايوندىن بولۇپ، 27 نەپەر.

— قانچە كۈن تۇرغان؟

— بار - يوق ئىككى كۈن...

مەن تەئەججۈپ ئىچىدە تېخىمۇ كو- چىلاپ سورىدىم:

— سېتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى دەپ بېقىڭا؟

لاۋلياڭ بىردەم جىمىپ كەتتى، كېـ يىن ئالدىرىماي، ئىددىتلىق قىلىپ سۆزلەشـ كە باشلىدى:

ئېسىمدە قېلىشىچە، قايسى بىر ناھىيە- دىن سېتىۋېلىنغان بادام تۆت تاغار، ئىككى كۈن ئىچىدە ئېلىنغان قوغۇن، تاۋۇز 14 تونىنا، قوي 32، توخۇ، ئۆردەك، غاز دېگەنلەر يۈزلەپ - يۈزلەپ. قالغان نەرسـ لەر ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن سىز بىر سانىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ: مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان نەرسىلەر بىلەن 20 جوزىلىق زىياپەت تەييارلاپ 200 ئادەم بىر كېچە ئوينىدى!...

بۇ سان - سىفىرلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ يەردە «بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچكەن» دىنىمۇ چوڭ نەپـ سانىيەتچىلىك باردەك قىلاتتى. راست ئەمەسمۇ؟ ئىككى كۈن تۇرغان مېھمان ئۈچۈن شۇنچىۋالا نازۇ - نېمەتلەرنى سېتىـ ۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەركەزدىن كەلگەن چوڭ باشلىق بىر جېنىغا شۇنچە نەرسىلەرنى يەپ كېتەلەيدىغان لەھەڭمۇ؟ ئەگەر ئۇ كاتىپى ھەم مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىللە ئىككى كۈن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ بادام چېقىپ يېسىمۇ، ئۇلار سېتىۋالغان بادامنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يەپ بولالـ مايتتى!...

بۇ سان - سىفىرلار مېنى سەگەكلەشـ تۇرۇپ قويدى. خىيالىمغا بىردىنلا ئۆتكەن يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىنكى ئىدارـ مىزدە سۆز - چۆچەك بولۇپ يۈرگەن بىر ئىش كەلدى:

ئۆتكەن يىلى باھار بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى كەچتە مېھمانخانىنىڭ سابىق جىڭـ لىسى شەھەردىكى كادىرلار قوروسىغا كەپتۇ. ئۇ، ئا بۇجاڭنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيدىكەن، بىر- سىدىن سورىسا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىرىنچى ئۆينى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. جىڭلى بۇ ئۆيگە تۈگۈلتىلگەن 15 توخۇ بىلەن 20 كىلو بېلىقنى ئەكىرىپ، «چاغانلىق سوۋغىتىمىز» دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ نام ئەھۋالىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، ئا بۇجاڭ ئۆيدە يوق ئىكەن، خوتۇنى ناھايىتى تەڭـ

قىسلىقتا «سوۋغات» لارنى ئېپقاپتۇ.
كىم بىلسۇن، ئەتىسى ئەتىگەنـ
دىلا، ئا بوجاڭ جىنگىلغا تېلېفون
ئۇرۇپ، راسا دەككىسىنى بېرىپتۇ. شۇ چاغـ
دىلا ئۇ ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ.
ئەسلىدە، شۇ بىنادا ئىككى ئا بوجاڭ بار
ئىكەن، بىرسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ، يەنە
بىرسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ. جىنگىلىنىڭ
«سوۋغات» ئېلىپ كىرمەكچى بولغىنى،
تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئا بوجاڭ ئىكەن،
لېكىن ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇقۇشماي كۆرسـ
تىپ قويغىنى بويىچە، تەشۋىقات بۆلۈمىدـ
كى ئا بوجاڭنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ سالغانىـ
كەن...

بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن،
ئىدارە - جەمئىيەتلەردە بىر مەزگىل راسا
كۈلكە بولغانىدى. ئۇنى بىزنىڭ ئىشخانىدىـ
كى قىزىقچى بىرسى خۇددى مەدداھلاردەك
كېلىشتۈرۈپ ھېكايە قىلاتتى. مانا بۈگۈن
شۇ ئىشلار سادىر بولغان مېھمانخانىدا
ئۆزۈم تۇرۇپتىمەن. قولۇمدىكى ھۆججەت
بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىشلارنى باغلىسام،
ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە
ھەم سىرلىق بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى
غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بەلكىم بۇ،
بىرلا ئا بوجاڭنىڭ ئۆيى بىلەن تۈگىمىسە
كېرەك...

كۆڭلۈمگە بىر ئىش كەلدى، مالىيە
بۆلۈم باشلىقىدىن ئىلتىجا بىلەن سورىـ
دىم:

— سىز ماڭا مۇشۇ ھۆججەتتىكى ئەھۋالـ
نى تەپسىلىرەك ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ
بېرەلەمسىز؟

— پايدىلىنىش قىممىتى بار، دەپ
قارىسىڭىز، يېزىپ بېرەي،— دېدى ئۇمۇ
قىزغىنلىق بىلەن،— راستىنى ئېيتسام،
بەزى ئىشلار مېنىڭمۇ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ،
جىنگىلى. لېكىن ھوقۇق دېگەن بۇ نەرسىـ
نىڭ پىلدەك كۈچى بار ئىكەن، ئۆتمىسىمۇ
ئۆتكۈزىدىكەن. سىز ئويلاپ بېقىڭا، يۇقىرىـ
دىن بىزنىڭ بۇ يەرلەرنى نامرات دەپ،
ھەر يىلى نۇرغۇن ياردەم پۇلى بېرىدۇ،
لېكىن بۇ پۇللار زادى نەگە كېتىۋاتىدۇ؟
ئۆز جايىغا ئىشلىتىلىۋاتامدۇ - يوق؟ مەن
گۇمانلىنىمەن. بىر نەچچە مېھماننى كۈتۈـ
ۋېلىش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنچىۋالا پۇل بۇزۇپ-
چېچىلسا، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلمامدۇ؟ بۇ
ئىشلارنىڭ زادى ئىگىسى بارمۇ - يوق؟...

لاۋلىياڭنىڭ قايىنىشى يوللۇق ئىدى،
يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى
چەكچىيىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭغا بىر
نەچچە ئېغىز بولسىمۇ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان
سۆزلەرنى قىلىپ قويدۇم.

— ئىگىسى بار، ئىگىسى يوق ئىش
بولامدۇ، لاۋلىياڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭ يەلكىـ
سىگە يېنىك قېقىپ تۇرۇپ،— سىز يېزىپ
بېرىڭ، مەن ئۇنىڭ ئىگىسىنى تاپماقـ
چىمەن!

ئۇ، ماتېرىيالنى كېچىچە ئىشلەپ بەر-
مەكچى بولۇپ كەتتى.

ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە
باشلىدى. مەن تاللىقتىن چىقىپ،
گۈللۈككە كەلدىم، ئۇ يەردىن
ئۆتۈپ، ئەمدى ئىشخانىغا كىرەي دەپ
تۇرۇشۇمغا، دەرۋازىدىن ناتونۇش بىر پىكاپ
كىرىپ كەلدى. مەن بىرەر ئىش بىلەن
چىققان بىرسى بولسا كېرەك دەپ، ئىشخانا
بىناسىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇردۇم. لېكىن
پىكاپ بۇ تەرەپكە قايرىلماي، ئۇدۇل ئاشـ
خانا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. دەسلەپ كۆ-
ڭۈلشىمگەنىدىم، كېيىن بىردىنلا كۆڭلۈمگە

گۇمان چۈشتى. شەيتان ۋەسۋەسى بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاشخانىغا باردىم. ماشىنا بۇ يەردە كۆرۈنمەدى. قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئامبار تەرەپكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ماشىنا ئامبارنىڭ ئارقا تېمىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. تېخىمۇ يېقىنراق كەلدىم، ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈندى. ئامبارنىڭ ئارقا تەرەپتىكى كىچىك دېرىزىسى ئېچىلىپ، شۇ يەردىن ماشىنىغا ھەدەپ بىر نەرسىلەر قاچىلىنىۋاتاتتى. مەن تۇيدۇرماي ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدىم. دېرىزىدىن ئېلىنىۋاتقان نەرسىلەر قول چىراغنىڭ نۇرىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقى توڭلىتىلغان گۆش، توخۇ، بېلىق، ياپون پىمۇسى، پاكىستان تاماكىسى، ئالىي دەرىجىلىك ئاق ھاراق، مېۋە سۈيى، گاز سۈيى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن توشاي دەپ قالغانىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەكلا ۋارقىرىدىم:

— بۇ نېمە ئىش؟ ئامبارغا ئوت كەتمىگەندۇ؟..

بۇ قوپال ئاۋازىمدىن ئۇلار چۆچۈپ، جىممىدە بولۇپ قېلىشتى. ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. يەنە ۋارقىرىدىم:

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ بۇ ماشىنا نەگە بارىدۇ، كىمنىڭ؟

ئامبار ئىچىدىن مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنىڭ غورۇڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— باشلىقنىڭ ئۆيىدە مېھمان بار ئىكەن، شوپۇرنى چىقىرىپتۇ، ئازراق بىر نەرسە قاچىلاپ بېرىۋاتىمىز...

قايسى باشلىقنىڭ؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدىم.

مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى دۇدۇقلاپ قالدى:

— ھېلىقى ... ھېلىقى ... باشلىق...

مەن دەرھال ماشىنىنىڭ نومۇرىغا كۆز تاشلىدىم. بۇ راستىنلا ھېلىقى چىمەن دوپپىلىق، كۆپمە يۈز باشلىقنىڭ ماشىنىسى ئىدى.

— بولدى، تىلىڭىزنى چايناڭ! — دېدىم مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىغا زەردە بىلەن، — مۇشۇ قاچىلىغان نەرسىلىرىڭىز تېخى ئازراق نەرسىلەرمۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭا، كۆپ بولغاندا قانچىلىك بولىدۇ؟

ئۇ زۇۋان سۈرمىدى، يەرگە قاراپ پۇشۇلداپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئىشچى راست گەپنى ئېيتتى:

— جىڭلى، بۇ نەرسىلەرنى بۇرۇن ئوچۇق - ئاشكارا قاچىلاۋېرەتتۇق، ئاز بولغاندا يېرىم ماشىنا كىرىپ كېتەتتى. بۈگۈن سىلىدىن ئېھتىيات قىلىپ، يوشۇرۇن قىلغان يېرىمىز بۇ!...

غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. بۇ يەرنى كىشىلەرنىڭ «بىر پارچە لوق گۆش» دېگەنلىرى راست ئىكەن. ھارامنى يەپ كۆنگەنلەرنىڭ نەپسى يوغىناپ، دوزاقنىڭ ئوتىمۇ كار قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا، مۇشۇ گۆشلەرنىڭ سۆڭەكلىرى، بېلىقنىڭ قىلتىرىقلىرى ئۇلارنىڭ گېلىغا پۇتلاشماسمۇ؟ پىۋا، ھاراقلار تىلىنى كۆيدۈرمەسمۇ؟...

ھەي كادىرلار، ئىنساپ قىلىڭلار! بۇ نەرسىلەر جاڭگالدىكى ئىگە - چاقىسىز تاش - تۇپراق ئەمەس، بۇ خەلقنىڭ قان - تەرى! ئۇنى بۇنداق تالان - تاراج قىلىشقا بولمايدۇ! سىلەر بىلمەمسىلەر، ئاچكۆز ئادەملەر ھەمىشە ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ!

قايسى بىر دانىشمەن: «مال - مۈلۈك بىلەن
باي بولغاندىن كۆرە، قانائەت بىلەن باي
بولغان ياخشىراق» دەپتىكەن. بۇ سۆز سىلەر-
گىمۇ تەئەللۇق بولسۇن، ئاز-تولا قانائەت قىلىڭ-
لار، ئىنساپ قىلىڭلار ،نەپسىڭلارنى يىغىڭلار!

مەمۇردى بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئام-
بارچىغا قاتتىق كايىدىم:

— سىلەر ئەمدى ھوشۇڭلارنى تېپى-
ۋېلىڭلار! بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بار! ھېساب
كىتابى بار! كونا يولدا ئەمدى مېڭىشقا بولماي-
دۇ. ئەگەر مەن مۇشۇ يەردىلا بولىدىكەنمەن،
ھەرقانداق ئادەمگە بىر چىشلەم «لوق گۆش»
ئالدۇرمايمەن! بۇنىڭدىن كېيىن ئامباردىن
مېنىڭ تەستىقىمسىز بىر تال پەيمۇ چىقىم
قىلىنمايدۇ! ماشىنىدىكى نازۇ - نېمەتلەرنى
ئۆز جايىغا چۈشۈرۈپ قويۇڭلار، شوپۇر ھا-
لال قەدەم بىلەن تىنىچ - ئامان كىرىپ
كەتسۇن!

شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاق-
مىدىم. باغرىمدا چىراغ كۆيگەندەك،
ۋۇجۇدۇم قىزىپ، تولغاندىم. ئەتىسى ناھا-
يىتىمۇ خامۇش تۇردۇم. شۇنداقتىمۇ يەنە
ۋاقتىدا ئىشقا چىقتىم. ئىشخانىغا ئەمدى
كىرىپ تۇرۇشۇمغا لاۋلىياك تاپان باستى
قىلىپ كىردى. ئۇ ئاۋۋال ئىشىكنى ھەم
يېپىپ قويۇپ، ئاندىن يېنىمغا كەلدى ۋە
پەس ئاۋازدا:

— ئاخشام دېگەن ماتېرىياللارنى ئىش-
لەپ كەلدىم، كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى.

ئىككى ۋاراق قەغەزگە تېزلا كۆز
يۈگۈرتتۈم. ماتېرىيال ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ،
ناھايىتى ئېغىزلىق يېزىلغانىدى. ئاخشام
دېيىشكەن ئىشلاردىن باشقا، يەنە يېڭى بىر
پاكىتمۇ قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭدا، يېرىم يىل
ئىلگىرى مېھمانخانىغا 12 دانە ئىمپورت
قىلىنغان توڭلاتقۇ سېتىۋېلىنغانلىقى، بىر
نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئۈچ دانىسىنىڭ
باھاسى 75% چۈشۈرۈلۈپ، ئالىلىكىملەر-
گە «سوۋغات» قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى.
مەن ھەم ئەجەبلىنىپ، ھەم غەزەپلىنىپ
سورىدىم:

— لاۋلىياك، مۇشۇ ئىشلار راستمۇ؟

لاۋلىياكنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئېھتى-
ياتچانلىق بىلەن ئاستا چىقاتتى:

— راست جىڭلى، راست ئىش. ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى سوۋېتنىڭ 240 لېترلىق
توڭلاتقۇلىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدىن ئۆزىمىز
ئالاقىلىشىپ ئالدۇرغان. مېھمانخانىغا كەل-
تۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۈچ دانىسىنى جىڭلى
ئۆز ئاغزى بىلەن: «يولدا كەلگۈچە بۇزۇ-
لۇپتۇ» دەپ، بىراك مال قاتارىغا چىقاردى.
ئارقىدىنلا باھاسىنى 75% چۈشۈرۈپ، بىر
كېچىدىلا كۆزدىن غايىب قىلدى. كېيىن
ئۇقسام، بىراك مال قاتارىغا چىقىرىلغان
ھېلىقى ئۈچ توڭلاتقۇ ئامباردا قېلىپ،
ساقلىرى مېڭىپ كېتىپتۇ...

بۇ ئىشلارنى نېمە دەپ سۈپەتلەش
كېرەك؟! بۇ كۈپكۈندۈزدە قىلىۋاتقان
بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟! ئىچىمنى بىر ئوت
ئۆرتەۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. بەز-
لەرنىڭ يۈرىكى نېمىدېگەن يوغىناپ،
قاراملىشىپ كەتكەن - ھە؟! ئۇلارنىڭ نەزە-
رىدە، پارتىيە ئىنتىزامى، قانۇن - تۈزۈم
دېگەنلەر يوقمىدۇ؟! ئۇلار نېمىنى خالىسام
شۇنداق قىلىمەن، دەپ ئويلامدىغاندۇ؟!
ياق، ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق! تەشكىل-
نىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، خەلقنىڭ نەزەرى
كەڭ! ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەرقان-
داق ئىستىھكاملىرىمۇ چاك - چېكىدىن بۆسۈ-
لۈپ، بارلىق ھىيلە - مىكىر، قۇۋلۇق - شۇم-

لۇق يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىدۇ! مانا، لاۋلياگىنىڭ جۈرئىتى بۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ؟ لاۋلياگىدەك ۋىجدانلىق، ئىنساپلىق ئادەملەر بىزدە ئازمۇ؟ ...

مەن خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، لاۋلياك بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، ئاخىر مەندىن سورىدى:

— باشقا ئىش بارمۇ؟ بولمىسا مەن چىقاي...

ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندا بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى.

— لاۋلياك، توختىڭا، — دېدىم دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — تېلېفونىستجاك شياۋلى زادى قانداق ئايال، تېگى-تەكتىنى بىلەمسىز؟

لاۋلياك بىر پەس جىم تۇرۇۋېلىپ، كېيىن قىسقىلا مۇنداق دېدى:

— تېخىچە ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ ئۆزى ئادەتتىكى ئايال، لېكىن بۇرۇنقى جىڭلىنىڭ كېلىنى...

— شۇنداقمۇ؟! — ئۈندەرگەندەكلا سورىدىم.

لاۋلياك بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كاللام بىردىنلا «ۋاڭ»ڭىدا قىلغاندەك ئېچىلىپ قالدى. تۈنۈگۈندىن بېرى مېنى قىيىنىغان چىگىش، سىرلىق سوئاللارغا ئاز-تولا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم...

توۋا، بۇ ئىشلارنىڭ خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك مۇنداق سىرلىق ھەم ئەپچىل توقۇلۇپ كەتكەنلىكىنى! بىر كىچىككىنە بىر مۈشۈكنى كۆتۈرۈۋېدۇق، مۈشۈك ئۆزى بىلەن بىللە يوغان بىر پارچە كىگىزنى قامىلاپ قوپقانىكەن-دە!

مەن شۇ كۈنى ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ، پارتكوم ئىشخانىسى نامىغا بىر دوكلات يازدىم. ئۇنىڭدا، بايا لاۋلياك تەمىنلىگەن پاكىتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، مېھمانخانىنىڭ بىر نەچچە يىللىق ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش، قەيەرگىچە چېتىلسا، شۇ يەرگىچە ئېنىقلاش، ئاندىن ئادەملەرنى تەرتىپكە سېلىش، سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قويۇپ، بۇ ئىشتا رەھبەرلىكنىڭ قوللاپ، يار-يۆلەكتە بولۇشىنى سورىدىم.

دوكلات شۇ كۈنىلا ماڭغۇزۇلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن تىمتاس ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. سائەت 10 لار بىلەن ئىشخانامدا بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىر باشلىقى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قىياپىتىدىنلا مەن بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدۇم.

— ياخشى، ھەممىڭلار مۇشۇ يەردە ئىكەنسىلەر، — دېدى ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى سافاغا لۆممىدە چۆكۈپ، — رەھبەرلىكنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشى بار، مەن سىلەرگە يەتكۈزىمەن، سىلەر ئاممىغا يەتكۈزۈپ قويساڭلار بولىدۇ، — ئۇ خۇرۇم سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ كۆپچىلىككە نامايىش قىلماقچىدەك ئېگىز كۆتۈردى، قەغەزنىڭ ئوغاق بولقىلىق قىزىل تامغا بېسىلغان يېرى ھەممەيلەنگە ئوچۇق كۆرۈندى، ئاندىن ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، سالاپەت بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن كۆپچىلىككە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمەن، يولداش ياسىن جىڭلى رەھبەرلىكنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپتۇ، ئۇلار مۇنداق بىر ساپ گۆھەرنى تېخىمۇ نۇر چاقناتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈردى. ياسىن جىڭلى بۈگۈندىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك يەر نامىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولىدۇ، مانا بۇ، پارتكومنىڭ قارارى! — ئۇ قولىدىكى ھېلىقى قەغەزنىڭ ئالدى-ئارقىنى ئۆرۈپ پۇلاڭلاتتى. ئاندىن كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ قويۇپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — ئەمدى ياسىن جىڭلىنىڭ ئورنىغا، مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى نامەت

كېرىم مۇۋەققەت جىڭلى بولىدۇ. مەن رەھـ
بەرلىك نامىدىن، بۇ ئىككى ئىقتىدارلىق،
ياش كادىرلارنى تەبرىكلەيمەن ھەم ئۇلارـ
نىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىدا دادىل ئىسلاـ
ھات قىلىپ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرـ
نى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈـ
رىمەن!...

يىغىن مەيدانى بىردىنلا سۈرلۈك
تۈس ئالدى، ھەممەيلەن ھاڭۋاقىتاندەك،
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇپ قالدى،
مەن ئېغىر خورسىنىپ قويدۇم. بىر ئازدىن
كېيىن يىغىن ئۆزلىكىدىن تارقاپ كەتتى،
ئىشخانىدا يالغۇز قالدىم. مەن ئۆز ئاقىۋـ
تىمنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق بولۇـ
دىغانلىقىنى غىل - پال ئويلىغانىدىم، لېـ
كىن بۇنچە تېز ۋە شىددەتلىك بولۇشىنى
تەسەۋۋۇر قىلماپتىكەنمەن! قەدەمنى ئەمدى
باسقانىدىم، كۆتۈلمىگەن يەردىن چوماق
چىققتى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قەدەمنى
توختىتىشقا بولمايدۇ، قەيەردە بولماي، ئالغا
ماڭغىنىم - ماڭغان! دوكلاتىم بۇ يەردە ئاقـ
مىسا، يۇقىرىغا يازالايمەن، بىرسى ئاڭلىمـ
سا، بىرسى ئاڭلايدۇ! پارتىيىمىز تېخى
گېگانت ئادەمدەك، ھەيۋەت بىلەن قەد
كۆتۈرۈپ تۇرمامدۇ!...

مەن ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇۋاتـ
قاندا، ئىشىك قىيا ئېچىلدى، قارىسام،
بوسۇغىدا لاۋلياك تۇرۇپتۇ. ئىتتىك ئورـ
نۇمدىن تۇرۇپ سافاغا تەكلىپ قىلدىم،
لېكىن ئۇ ئولتۇرمىدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى
سېلىنغان، كەيپىياتىمۇ جىددىي ئىدى. ئۇ
چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ
سۆزلەپ كەتتى:

ئۇلارنىڭ ھىيلە-نەيرىڭى سىزنىڭ ۋۇكۇڭـ
دىنمۇ كۆپ ئىكەن. بوپتۇ، ئۇلارنىڭ قولىـ
دىن كېلىدىغىنى شۇ ئىكەنغۇ! ناھايىتى
ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىدىكەن، بۇ ئۇلارغا
تەئەللۇق، لېكىن ئۆزىمىزگە تەئەللۇق
بولغان كۆڭچەنداڭغا خاس يۈرىكىمىزنى
ھېچكىم ئېلىۋېتەلمەيدۇ!— ئۇ چېكىلىپ
سۆزلىگەچكە، ھۆمۈدەپ قالدى، بىر-ئىككى
قېتىم تۈكۈرۈكىنى يۇتقۇنۇپ سەل - پەل
دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە
داۋام قىلدى،— يولداش ياسىن، سىزگە
راستىنى ئېيتسام، بۇرۇن بەزى ئىشلارغا
ئەقلىم يەتمەي، يۈرەككە ئالىدى
بولغان يەرلىرىمۇ بولغان.
ئەسلىدە، بۇرۇنقى جىڭلىنىڭ قىلغان - ئەتـ
كەنلىرىگە قاراپ، بىر كۈنى ئەمەس، بىر
كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم.
نەدىكىنى، كۈتمىگەن يەردىن بىردىنلا مەنـ
سىپى ئۆسۈپ، تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى. شۇ
چاغدا بەزىلەر: «جاڭ جىڭلى مۇشۇ مېڭىـ
شىدا ئەمدى ب. د. ت غا بېرىپ توختايـ
دۇ!» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاھاننىڭ
ئىشلىرىغا تېخىمۇ چۈشىنەلمەي قالدىم.
لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇرۇقتۇم بولۇپ،
قېيداش ئىچىدە ياشاۋېرىشكە بولمايدىكەن،
بۇنداق كېتىۋەرسەم، ئۆز ۋىجدانىمنى
ئۆزۈم ئازابلايدىكەنمەن. ئەڭ يامىنى،
ئۆزۈم مەنسۇپ بولغان پارتىيىگە سەمىمىي -
سادىق بولالمايدىكەنمەن! شۇڭا، ئەندى سىز
بىلەن بىللە كۈرەش قىلىش نىيىتىگە كەلـ
دىم. يولداش ياسىن، بىز باشلىغان ئىشنى
بىرلىكتە داۋاملاشتۇرايلى!...

ھاياجاندىن كۆزلىرىمگە غىللىدە ياش
كەلگەندەك بولدى.

— شۇنداق، لاۋلياڭ،—دېدىم ئۆزۈمنى
تەسلىكتە بېسىپ،— باشلىغان ئىشنى ھەرـ
گىز توختىتىشقا بولمايدۇ! بىردە «ئالدامـ
چىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن گەپ
بار. دۇنيا ھالاللىق بىلەن راۋاج تاپىدۇ،
بەزى ئادەملەر دەماللىققا كۆز بوياپ،
ئەرشى - ئەلاغا چىققالىسىمۇ، لېكىن بىر كۈنى
ئەمەس بىر كۈنى ھامان موللاق ئاتماي قالمايدۇ!
چۈنكى، كۆز بوياش سېھرىگەرنىڭ ھۈنىرى،

ئۇنىڭ بىر دەملىك سېھرىي كۈچى تۈگىگەن هامان، كىشىلەرنىڭ كۆزى يەنە روشەنلىشىدۇ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىۋالىدۇ. لاۋلىيالىڭ، دۇنيادا خەلقىنىڭ نەزەرىدىن كۈچلۈك نەزەر يوق!

لاۋلىيالىڭ «شۇنداق» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى، مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستىم، ئىسسىق بىر هارارەت ئىككىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تارىغاندەك بولدى...

مەن سومكامنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقتىم. شىمال تەرەپتىن يەڭگىل تاغ سەلكىنى سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە باغلارنىڭ، گۈللەرنىڭ يېقىملىق، خۇش پۇراق هىدلىرىنى ئېلىپ كېلىپ يۈزۈمگە ئۇردى. تۇنجى قېتىم شۇنداق راهەتلىنىپ نەپەس ئالدىم. بۈگۈن مېهمانخانا ئۆزىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇراتتى. بۇ هەقىقەتەنمۇ گۈزەل، ئارامبەخش، شۇنداقلا، خاسىيەتلىك جاي ئىدى. بۇ يەرگە قانچىلىغان ئەزىز، كاتتا مېهمانلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى چۈشمىگەن؟ بۇ يەردە قانچىلىغان مۇهىم يىغىنلار ئېچىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى هەل قىلىنمىغان؟ بۇ يەردە قانچىلىغان ئىلمىي مۇهاكىمىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلمىگەن؟!...

شۇنداق، سەن يۇرتۇمنىڭ نۇرلۇق يۈزى. كىشىلەر ساڭا قاراپ بۇ يەرنىڭ گۈزەل، ساخاۋەتلىكىنى، خەلقلىرىنىڭ مېهماندوست، دىلكەشلىكىنى كۆرەلەيدۇ!... تېخى يېقىندىلا، دۇنياۋى شۆهرەتكە ئىگە ئەربابلار، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىملار، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن كەلگەن دوستلۇق ئەلچىلىرى سېنىڭ ئەنە شۇ نۇرلۇق يۈزۈڭگە قاراپ، بۇ يۇرتنى جەننەتكە مىسال قىلىپ مەدھىيىلىمىدىمۇ؟!...

شۇنداق، بۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلار بولغان، يەنە نۇرغۇن ئىشلار بولىدۇ! مەن بۇ يەردە پەقەت توققۇز كۈنلا تۇردۇم. بۇ توققۇز كۈن مەن ئۈچۈن توققۇز ئايدەك مەكتەپ بولدى. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، ئاڭلىدىم، بولۇپمۇ، ئادەملەرنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا چوڭقۇرراق چۈشەنگەندەك بولدۇم. قايسى بىر ئارخىلوگ: «ئادەم — مەدەنىيەت توپلىغۇچى، ساپال بۇيۇملارنى ياسىغۇچى، زىرائەت تېرىغۇچى ۋە يېزىق ئىجاد قىلغۇچىدۇر.» دەپتىكەن، مېنىڭچە، بۇ تەبىر تازا تولۇق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا: «ئادەم — نومۇس قىلىشنى بىلىدىغان ياكى نومۇس قىلىشنى بىلىشى زۆرۈر بولغان بىردىنبىر مەخلۇق» دېگەننى قوشساق، ئاندىن ئادەم توغرىسىدىكى چۈشەنچە تولۇق بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يەر ماڭا ئاشۇ چۈشەنچىنى بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەرگە بولغان مېهرى - مۇهەببىتىم چوڭقۇر، هۆرمىتىم چەكسىز ئىدى. ئامال قانچە، بۈگۈن بۇ يەردىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن. ئۇلار مېنى پەقەت توققۇز كۈنلا ۋەزىپىگە قويدى. توغرا، ئۇلارنىڭ قولىدىن مېنى ۋەزىپىگە قويۇش كېلىدۇ، بۈگۈنكىدەك ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىشمۇ كېلىدۇ. لېكىن بىرلا نەرسە — ۋىجدانىمنى سېتىۋېلىش كەلمەيدۇ! ئادەم بۇ دۇنيادا ئاز-تولا ۋىجدان بىلەن ياشاش كېرەكقۇ!؟ بولمىسا، ئۇنىڭ هايۋاندىن نېمە پەرقى!؟...

مەن مېهمانخانىغا ئاخىرقى قېتىم هۆرمەت بىلەن ئۇزاق قارىدىم. خەير-خوش، ماڭا توققۇز كۈن ماكان بولغان گۈزەل جاي!...

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# ئاقار مۇھەببىتىم دەريا سۈيىدەك

## ئىزلىگەن مېنى ئادەم يۈرىكىدىن

«ئىزلەپمۇ تاپالمىدىم سېنى» دەيسەن،
ئىزلىمە، مېنى بۇندىن تاپالمايسەن.
«نەدە سەن ياكى كۆكنىڭ قەھرىدىمۇ؟»
دەيسەنۇ كۆلكىدىن لەۋ ياپالمايسەن.

قىزىقسەن، كۆك قەھرىدە يۈرمەك ماڭا
نە شادلىق، نە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ؟
بىلەمسەن، مېنىڭ ئىزگۈ تىلەكلىرىم
ھاياتتا بىر نەرسىنى باغاشلايدۇ.

سەن مېنى ئىزلەپ يۈرمە يوللار ئارا،
گۈزەللىك ئاقتۇرىدۇ ئىلھامغا دەپ.
يۈرمەسمەن سوقماق تۇرماق، چوڭ يولدىمۇ،
پەرۋانە يەڭلىغ ھامان ئوتنى چۆگىلەپ.

ئاقتۇرما يېشىل ۋادا، چىمەن باغنى،
ئىشقىنى بەرگەن شائىر باھارغا دەپ.
بەرگەنمەن باھارغىمۇ يۈرىكىمنى،
ياشايمەن باھارىمنى سۆيۈپ كۈيلەپ.

شەپەقلەر قۇچىقىغا سالما نەزەر،
رەڭ، ئەندىز ئالار ئۇندىن شېئىرغا، دەپ.
مەن سۆزنى ئەگىتمەيمەن، بويىمايمەن،
ئۆگەنگەن گەپلىرىمنى ئۇدۇللا دەپ.

ئىزلىمە جانانلارنىڭ كۆلكىسىدىن
كۆلكىگە، خۇشاللىققا ھېرىسمەن، دەپ،
ئىزلىمە كۆڭۈل بۆلۈپ مېنى، دوستۇم،
ئەنسىرىمە ئەمدى مېنىڭ غېمىمنى يەپ.

مەن، بىلسەڭ، نۇر مىسالى بۇ تۇپراقنىڭ
مۇقەددەس قۇچىقىغا سىڭىپ كەتكەن.
بىر تاتلىق كۆلكە بولۇپ ئادەملەرنىڭ
كۆڭلىنى تا مەڭگۈلۈك ماكان ئەتكەن.

ھاياتقا كۆز ئاچقانمەن بۇ زېمىندا
ئاتىلار ئارزۇسىدىن، تىلىكىدىن.
ئادەملەر بىلەن مېنىڭ ئادەملىكىم،
ئىزلىگىن مېنى ئادەم يۈرىكىدىن.

## شېئىرىم شاخلاردا ئىلىنىپ قالدى

كېلمەن چۆللۈكتە تەشنا چاكىلداپ،
بىر سايە ئىزلەيمەن ئەتراپقا قاراپ.
ئالدىمدا ئويناقشىپ ئاقار كۈمۈش سۇ،
كۆز يۇمسام، يۇرتۇمنى، باغلارنى ئويلاپ.

يىراقتىن كۆرۈندى بىر يالغۇز توغراق،
تۈۋىگە ئىنتىلدىم بوۋاقتەك شۇئان.
توغراق سايىسىدا ئولتۇردۇم ئۇزاق،
جىسمىمغا كىرگەندەك بولدى قايتا جان.

ئويلىدىم، دىلبىرىم، سېنى بىر ھازا،
ئويلىرىم تۇمانى يەنە تارقالدى.
توغراققا ئېسىلىپ تۇردۇم ۋە لېكىن،
شېئىرىم شاخلاردا ئىلىنىپ قالدى.

## باھار جىلۋىسى

باھارنىڭ تىنىقى ئۇرار باغلاردىن،
ئۆستەڭ بويلىرىدا بىخ سۈردى يالپۇز.
يوللاردا ئەگىزلەر شىرقىراپ ئاقتى،
باھارجىلمىيىشى مىڭ كۈلكىدىن ئۈز.
كەلمەكتە جىلۋىلىك يۇرتۇمغا باھار،
ئۇ گويا ئۇيقۇدىن ئويغانغان دىلدار.

ھايات زوقى بىلەن جانلىنار ھەريان،
بىر تۇۋش ئاڭلىنار قۇلاقلىرىمغا.
گۈل ئېلىپ كەلدىمۇ سۆيگۈنۈم جانان؟
سىنچىلاپ قارايمەن قىرغا، دالاغا.
نە جانان، گۈليۈزلۈك ياپيېشىل باھار،
ئاق قار قۇچىقىدا تەلپۈنگەن گۈلزار.

باھارنىڭ ئاپتاپلىق ئىللىق باغرىدا،
زېمىن چۆمۈلىدۇ نۇر تالاسىغا.
تۆكۈلەر ماڭلايدىن ئۈنچە - مەرۋايىت،
ساخاۋەت ئېتىزى — يۇرت دالاسىغا.
ۋىلىقلاپ كۈلمەكتە، كۈلمەكتە باھار،
زېمىن لەۋلىرىگە ئۆپمەكتە باھار.

تونۇشتۇر قەلبىمگە باھار شەپىسى
ئانامنىڭ تىنىقىدەك، يارنىڭ كۈيىدەك.
باھار شەربىتىدىن يۇرتۇمغا دىلدىن —
ئاقار مۇھەببىتىم باھار سۈيىدەك.
باھارنىڭ ۋاپادار ئاشنىسىدۇرمەن،
گۈل - چېچەك پەسلىنىڭ تەشنىسىدۇرمەن.

باغرىمنى ياقىمەن قارا تۇپراققا،
چىمەنلەر باغرىدا ئاھۇدەك ئويناپ.
تور سالاي دەريانىڭ سايازلىرىغا،
سۇ كېچىپ دولقۇنلۇق ئېقىننى بويلاپ.
ئاھ! قانداق چىرايلىق باھار جىلۋىسى،
كۆڭۈل ۋادىسىدا كېزەر سۆيگۈسى.

## كۆرگەنمەن ئاشۇنداق ئادەمنى

كۆرگەنمەن ئاشۇنداق ئادەمنى:
دوست، ياران ئۆمرىدىن شادلانسا،
غەلبىدىن غەلبىگە ئاتلانسا،
كۆزىدە مەيۈسلۈك، ئەلەمنى.

كۆرگەنمەن ئاشۇنداق ئادەمنى.
دوست - ياران يېڭىچە يول تاپسا،
سادىقلىق ئىلكىدە مۇڭداشسا،
تۆھمەتكە بىلەيدۇ قەلەمنى.

كۆرگەنمەن ئاشۇنداق ئادەمنى:
توي بولسا، ماتەمگە كەلگەندەك،
ماتەمدە ئەجەبمۇ كۈلگۈنچەك،
قايىنىتار ئەجەبمۇ زەردەمنى.

## دىلبەرىمگە

يۇتۇپ كېتەر يۇلتۇزلارنى تاڭ،
كۆلۈمسىرەپ كەلمەكتە سەھەر.
يۈرەكتىكى پىنھان سىرلارنى
ساڭا ئېيتقۇم كېلەر نەقەدەر.

ئىشىنەتتىم گۈدەك چېغىمدا
مومام ئېيتقان چۆچەكلەرگىمۇ.
چۆمۈلەتتىم چوڭ كۆل ھېسابلاپ،
توختام سۇلۇق كۆلچەكلەرگىمۇ.

خىلۋەت يېزا، خىلۋەت بۇلاقلار
قالدى نەدە گويا چۈش مىسال.
بەلكىم بوران ئۆرۈۋەتكەندۇ،
قېرىغاندۇ يا بىر تىككەن تال.

يىللار ئۆتتى كەچمىش خاتىرە
پېشانەمگە ئىز سېلىپ كەتتى.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بىراق
سەن ئۆلمەيسەن، ياشايسەن دەيتتى.

لېكىن يۈرەك توختار بىر كۈنى،
ئارزۇيۇمغا بولالماس يۆلەك.
مەن ھاياتنى يۈگەنلىگەنمەن،
ئەقىدەمگە قاناتتۇر تىلەك.

ئۆلگىيمەن ئەمدى ھەر نەپەس،
سۆزلۈمەكتە قەلبىمدە ھېسلار.
شۇ يۇرت، شۇ ئەل بولسىلا ئامان
ئۆلمەسلىككە ئامال تېپىلار.

ئاغرىنمىغىن سۆزۈمگە، دىلبەر،
مەن ئۆچەرمەن يۇلتۇزدەك گويا.
ساڭا ساغلام ناخشىلار ئېيتار،
ماڭا دەرد - غەم كەلتۈرگەن دۇنيا.

## ئايدىڭ كېچە لىرىكىسى

شېرىن خىيال پاك تۇيغۇ بىلەن
ئايدىڭ كېچە باغرىدا تۇردۇم.
ھايات تاتلىق ئۇيقۇسىدا مەست،
مەن تەبىئەت بىلەن ئوي سۈردۈم.

كۆز قىسىدۇ زۇمرەت ئاسماندا
چېچەكلەردەك ياقۇت يۇلتۇزلار.
ۋاقىت ئاقار دەريا مىسالى
ۋە ئۆزگىچە قالدۇرۇپ ئىزلار.

شىلدىرلايدۇ ئاھۇ كۆز بۇلاق،
ئوي سۈرىدۇ يېشىل يوپۇرماق.
سىردىشىمەن تولۇنئاي بىلەن
يۈرىكىمدە نۇرلۇق تاڭ بىراق.

## مىسرالىرىم تۇپراق پۇرايدۇ

تۇغۇلدۇم داق يەرنى قۇچاقلاپ،
ئۆمۈلىدىم توپىنى سىقىملاپ.
توپىلىق يوللاردا ئوينىدىم،
تەرلىرىم تۆكۈلدى تامچىلاپ.

توپىغا مىلىنىپ ياشىدىم،
كىيىملىرىمدە توپا تۇرمامدۇ؟
شۇڭلاشقا شېئىرىمدىن ھەر قاچان
تۇپراقنىڭ خۇش ھىدى پۇرايدۇ.

## ئال يۈزۈڭدىن پەردىنى

يۆگىنىپ چۈمپەردىگە توسۇلۇپ نىچۈن ئايدەك يۈزۈڭ،
يا باھارنىڭ نۇرىغا بەرداش بېرەلمەمدۇ كۆزۈڭ؟

تەلپۈنۈپ تاڭ نۇرىغا زۇلمەتتە ئۆتكەن ئۆمرىمىز،
ئاھ، نىچۈن زۇلمەتنى راۋا ئەيلىدىڭ جانان ئۆزۈڭ.

ئاچقىنا چۈمبەردىنى، سۆيسۇن يۈزۈڭنى تاڭ نۇرى،
قارىغىن كۈلمەكتە خۇش خۇي تەلەي، مۇراتتىن يۇلتۇزۇڭ.

كىم سېنى زۇلمەتكە ئاشنا قىلدى بۇنچە، دىلرەبا؟
شۇل نادانغا تىك بېقىپ بىر يوقمۇ ئېيتارغا سۆزۈڭ.

ئال يۈزۈڭدىن پەردىنى ئال، باق ھايات گۈلزارىغا،
چىن مۇھەببەت ئىلكىدە كۈلمەكتە ئاپئاق كۈندۈزۈڭ.

### بولغاچ

ۋۇجۇدۇم قاقلىدىم، دىلبەر، جامالىڭ ئاپتاپ بولغاچ،
كۆزۈڭدىن چاقنىغان ھەر نۇر ۋاپادىن مىڭ كىتاب بولغاچ.

مېھىر يامغۇرى ياغدۇرغىن، قىلىپ مەلھەم بۇ ئاشىققا،
يۈرەك - باغرى سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن كۆيۈپ كاۋاپ بولغاچ.

مېنىڭ باشىم يېتەر كۆككە لېۋىڭدىن گۈل تۆكۈپ ھەريان،
يۈرەك تارىڭ ساداسىدىن ۋىسالغا بىر جاۋاب بولغاچ.

سېنىڭ ئاتەش پىراقىڭدا ئەجەبمۇ بىداۋا بولدۇم،
كېتەلمەيمەن ئىشىكىڭدىن شۇ يەر كەبە تاۋاپ بولغاچ.

قىيا باقساڭ قۇچار ياشلىق مېنى ۋەسلىڭ بىلەن، دىلبەر،
سېنىڭ كۈلكەڭ ۋۇجۇدۇمغا شىپا، مەلھەم گۈلاپ بولغاچ.

ئۆزىنى بەختىيار بىلگەي بۈگۈن بۇلبۇل چىمەنزاردا،
ئۇنىڭ قويىنى تولۇپ گۈلگە، سەيىر قىلماققا باپ بولغاچ.

قۇربان بارات

# شېئىرلار

## قۇياشتىن - قۇياشقا...

مەن سېنى قۇتلايمەن، ئەي ئانا خەلقىم،
تاتارغان يۈزۈڭگە يۈگرۈپ قالدى قان.
ئانىسى ساقايسا ئۇزاق كېسەلدىن
شادلانماس گۆدەكتەك قايسى بىر ئوغلان؟
ئەقىلنىڭ قۇياشى ئىللىتتى سېنى،
ماغدۇرسىز جىسمىڭغا بەردى قايتا جان.
قامەتلىك قەددىڭنى تىكلەپ زېمىندە،
يۈزلەندىڭ ئۇنىڭغا سەن — ئۇلۇغ ئىنسان.

تەلپۈندۈڭ كەڭ ئېچىپ قۇچاقلىرىڭنى
ۋە سالدىڭ بوراندەك قۇدرەتلىك چۇقان:
ئەي قۇياش، بىر ئۇزاق ئىزلىدۇق سېنى،
تەمتىرەپ، يىقىلىپ يۈرۈپ كۆپ زامان.
سېرىقتال كۆنلەردە ئىزلىدۇق سېنى،
قەھرىتان تۈنلەردە ئىزلىدۇق سېنى،
يېتىلگەن بوۋاقتەك تۇغۇلدۇڭ مانا،
ھاياتلىق يولىغا نۇر چاچتىڭ بۇ ئان!

بۇ مېنىڭ خىيالچان قاراشلىرىمدا
شۇڭقارغا ئايلاندىڭ، پەيدا بولدى پەر.
يېتىلدى جىسمىڭدا غايەت چوڭ قانات،
يېيىلدى تاغلاردىن - تاغلارغا قەدەر.
بۇ قانات تەۋرەندى قۇياش ئاستىدا،
قۇياش ۋە قاناتتىن پۈتتى بىر ئەسەر.
قاناتىنىڭ ئۇلۇغۋار تەۋرىتىشىدە
ھاياتلىق ئويغاندى، ياشناپ كەتتى يەر...

چاقماقتەك يالت قىلىپ ئۆتتى ئالدىمدىن
قۇياش ۋە ئىنسانىنىڭ تەقدىرداشلىقى...

تەبىئەت قۇياشى ئاستىدا ئۆتكەن
ئىنسانىنىڭ ئۇزاقتا قالغان ياشلىقى.
تايانغان قۇياشنىڭ نېمەتلىرىگە،
ئۇ زامان تەبىئەت ئىدى كۆپ سېخى.
تەييارنى يېيىشكە ئۆگەنگەن ئىنسان
ئورماندا، ئۆڭگۈردە ياشىغان چېغى.

ئىنسانلار كۆپەيدى، نېمەت ئازايدى،
قۇتقۇزدى ئىنساننى يوقنى بار قىلىش.
ئۇ ئۆزى ياراتتى، تاپقۇزدى كامال
مېھنەتكە، ئەقىلگە بولغان ئىنتىلىش.
ئۆزىنىڭ قۇياشنى ياراتتى ئىنسان،
بۇ قۇياش ئۇلغىيىپ باردى يازۇ - قىش.
ئۇ ئەقىل قۇياشى ئىدى چاقنىغان،
نۇر ئالدى ئۇنىڭدىن ھايات ۋە چېلىش...

ئۇ تارتتى ئىنسانىنىڭ كارۋانلىرىنى،
ئۇ كىمدە كۆپ بولدى، شۇ تاپتى روناق.
بۇ دۇنيا ئەقىلنىڭ دۇنياسى بولدى،
ئەقىلدىن تۆرەلدى غەيرەت، ئىشتىياق.
ئەقىلنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى تامامەن،
ياشىماق، گۈللىمەك ياكى يوقالماق.
مانا سەن شۇ قۇياش نۇرى ئالدىدا
تۇرىسەن شادلىنىپ، يېيىپ كەڭ قۇچاق...

* *

ئەي خەلقىم، قەلبىمدىن قۇتلايمەن سېنى،
بۇ ئەقىل قۇياشى يار بولسۇن ساڭا.
قانىتىڭ يېيىلدى، ئەيلىگىن پەرۋاز،
بۇ زېمىن، بۇ دۇنيا بار بولسۇن ساڭا!...

# ياشلىق تاشقىنى

سەن باھارنىڭ تاشقىنىنى كۆرگەنمۇ؟
ئۇ چاغ دەريا ئۆز قىنىدا ئاقمايدۇ.
خۇددى شۇنداق، ياشلىقتىكى جۇشقۇن قان،
ئۇرغۇپ ئۇرۇپ تومۇرلارغا پاتمايدۇ.
ياشلىق كۈچى تېپىپ ھامان تېشىغا،
باش باھارنىڭ ئەگىزىدەك يامرايدۇ.
ياش ھاياتنىڭ تاشقىن روھىي قۇدرىتى
دولقۇنلايدۇ، ئۇپقۇنلاردا قاينايدۇ.
ئاھ، نېمىلەر بولماس دەيسەن نامايان
ئۆركەشلىگەن بۇ دولقۇنلار ئەۋجىدە!
يالتىرايدۇ ھاياجانلىق ھەۋەسلەر،
دولقۇنلارنىڭ تاك نۇرىدەك مەۋجىدە...
مەن ئۇچراتتىم ئۇزۇن يوللۇق بېكەتتە،
قونالغۇغا چۈشكەن بىر توپ ياشلارنى.
ئۇلار سورۇن تۈزگەن ئىدى ئۇسسۇلغا،
چېلىپ داسنى، تەڭكەش قىلىپ تاشلارنى.
ئىككى يىگىت ئوتتۇرىدا ئوينايتتى،
ئېگىز بويلۇق كەلگەن قاۋۇل ئىككى ياش
قوڭۇر رەڭدە ئىدى كۆزى، چاچلىرى،
يوغان كۆزلۈك، قىرلىق بۇرۇن، قويۇق قاش.
ھەرىكەتلىرى ئىدى ئېتىك، رىتىملىك،
شەكىللىرى ئەركىن، راۋان ۋە سەبى.
ئاياغلىرى يەر تېپەتتى بەزىدە،
قۇتۇرغاندەك ياۋايى ۋە ئەسەبىي.
توسۇن تايدەك تېپچەكلەيتتى، سەكرەيتتى،
قول - پۇتلىرى ماس ھەرىكەتتە بولۇپ تېز.
ئايلىناتتى، پىرقىرايتتى، ياز كۈنى —
چۆلدە قۇيۇن قوزغالغاندەك تۇيۇقسىز.
پىرقىرىتىپ قويدى مېنىڭ بېشىمنى،
بىر رەت ئۇلار بەكمۇ ئۇزۇن پىرقىراپ.
كۆز ئالدىمدا ھەممە نەرسە ئايلاندى،
قارلىق تاغنى كۆردۈم بىردىن مەن قاراپ.
تاغنىڭ باغرى ئوتلاق ئىدى ياپيېشىل،
گۈل - چېچەككە تولۇپ كەتكەن ھەممە ياق.
ئۇندا ئوتلاپ يۈرەر ئىدى ئىككى ئات،
بىرى چىلان تورۇق رەڭلىك، بىرى ئاق.
بىر توپ كەكلىك يورغىلىشىپ يۈرەتتى،
خادا تاشنىڭ ئارقىسىدا، چاتقالدا.
تاش ئالدىدا ئىككى يىگىت تۇراتتى،
بىر - بىرىگە تىغ تەڭلىگەن ئەھۋالدا.
ئۇلار كېيىپ ئالغانىدى ساۋۇتنى
ۋە قالپاققا ئوخشايدىغان دۇبۇلغا.
يالىڭاچلاپ ئېلىپ ئەگرى قىلىچنى،
ئۇزىتىشىپ تۇرار ئىدى ئۇدۇلغا.
تاغ باغرىدا قىلىچۋازلىق قىلاتتى،
ئېگىز بويلۇق كەلگەن قاۋۇل ئىككى ياش.
قوڭۇر رەڭدە ئىدى كۆزى، چاچلىرى،
يوغان كۆزلۈك، قىرلىق بۇرۇن، قويۇق قاش.
ئۇلار قىلىچ ئۇرۇشاتتى شىددەتلىك،
ئىزلەپ يۈرگەن رەقىبىنى تاپقاندەك.
ھەرىكەتلىرى چاققانىدى ئۇلارنىڭ،
ئېتىلاتتى بىر - بىرىگە قاپلاندەك.
تىرەجىشىپ قالسا بەزەن چېكىنىپ،
پۇرسەت كۈتۈپ بىر - بىرىنى پايلايتتى.
ئۇرۇشتىمۇ، توسۇشتىمۇ قىلىچنى
قارىغاندا بىر - بىرىدىن قالمايتتى.
يۈز - كۆزلىرى كەتكەنىدى قىزىرىپ —
ئوتقاش كەبى، ياشلىق تاشقان بۇ ئىشتا.
ھەرىكەتلىرى ئۆزگىرەتتى تېز - تېزلا،
قۇياش نۇرى يۈگۈرگەندەك قىلىچتا.
ئۇلار يەنە تىرەجەشتى، قىلىچلار —
ئاجرالمىدى قالقان كەبى چاپلىشىپ.
پىرقىراشتى، يەنە مېنىڭ ئالدىمدا —
ئۇسسۇلچىغا قالدى ئۇلار ئالمىشىپ،
گۈپپۈلدەشتىن تىنجىپ قالدى ئاخىرى،
ئۈلۈك توپا ئۆرلەپ تۇرغان قاقاس يەر.

خۇشال چۇقان كۆتۈرۈشتى ئەتراپتا،
بۇ بېلەتسىز شوخ نومۇرنى كۆرگەنلەر.
قاقاقلىشىپ كۈلدى ئىككى ئۇسسۇلچى
ئۇرۇپ قويۇپ بىر - بىرىنىڭ دولىغا.
گاڭگىرىغان، تېنەپ قالغان خىيالىم
كەتتى يەنە يېشىل تاغنىڭ بويىغا.
پىرقىراشتا مەن ئايلىنىپ قۇيۇندەك،
يېتىپ باردىم دەريا كېچىپ، تاغ ئاتلاپ.
ئۇلار توختاپ قاپتۇ قانلىق ئويۇندىن،
كۈلۈشەتتى خۇشال - خورام قاقاقلاپ...

بۇ كۈلكىدىن چۆچۈپ كەتكەن كەكلىكلەر
ئۇچۇپ كەتتى خادا تاشتىن يىراققا.
چىلان تورۇق كىشنەپ قويۇق دوستانە
قاراپ قويدى ئوت يەۋاتقان ئاق ئاتقا...

* *

سەن باھارنىڭ تاشقىنىنى كۆرگەنمۇ؟
ئۇ چاغ دەريا ئۆز قىنىدا ئاقمايدۇ.
خۇددى شۇنداق، ياشلىقتىكى جۇشقۇن قان
ئۇرغۇپ ئۇرۇپ تومۇرلارغا پاتمايدۇ...

1986 - يىل 14 - ئاۋغۇست، كورلا.

## مەن — نېمە؟

سەن ئېيتقىنا، مەن ساداقمۇ يا ئوقمۇ؟
كۆز ئالدىڭدا مەن ئىنسانمۇ يا روھمۇ؟
مېنى ئوقماي - بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمە،
بىلەلمىسەن - بىلەلمەسەن مەن نېمە؟

قاغا ئاڭلاپ قارىدايدۇ ھەسەتتە.
قەدىم تاغلار ئۇنىڭ ئۆسەر دۇنياسى،
مەن — ئۇنىڭكى يوقالمىغان ساداسى...

1

تاغ يۈكسەلگەن كۆك ئاسماندا تىكلەپ باش،
قۇياش بىلەن سۆھبەت قۇرار خادا تاش.
خادا تاشنىڭ تىك باغرىدا، كاۋاكتا
قىران بۈركۈت سادا بېرىپ ياتماقتا.
ئۇندا ئۇنىڭ ئۇلغايماقتا ھاياتى،
تېخى يۇمران، يېتىلمىگەن قاناتى.
ئۇ ئاسماندا بورانغا ئۈن قاتىدۇ،
تىزمەن ياشلىق بۈركۈت ئۇنى باقىدۇ.
ئۇنى كېلەر، كۆرەلمەيسەن سەن ئۇنى،
ئۇ ئۆسمەكتە كۈتۈپ ئۇچۇش پەيتىنى.
چۈشمەيدۇ ئۇ تۈلكىلەرنىڭ دامىغا،
كۆز تاشلايدۇ خادا تاشتىن ۋادىغا.
ئاتقان ئوقلار قىلالمايدۇ ئۇنى يوق،
خادا تاشقا تېگىپ قايتار ئاتقان ئوق.
تاغ جاراڭلار ئۇ ئۈن بەرگەن شۇ پەيتتە،

2

قارايغاندا ئاسمان قارا مەخمەلدەك،
زېمىن ھالسىز ئۇخلاپ كېتەر كېسەلدەك.
شۇنداق تۈندە مۇبادا يول يۈرسەڭ سەن،
تېنەپ يۈرگەن غايىپ ئوتنى كۆرىسەن.
يېشىل ئوتلار يۈگرەپ يۈرەر تۇپراقتا،
يالقۇن چېچىپ يېقىندا ۋە يىراقتا.
كۆرۈنىدۇ ئالدىڭدا ۋە كەينىڭدە،
سوغۇق تىترەك پەيدا قىلىپ قەلبىڭدە.
چۆگىلەيدۇ بەزەن تېخى قۇيۇندەك،
خۇددى جىنلار تۈندە تۈزگەن ئويۇندەك.
ئۆز - ئۆزىدىن كېتەر تىلىڭ دۇئاغا،
قورقۇپ قاراپ بۇ سەرگەردان نۇرلارغا.
قورقما، نادان، ئەمەس بۇ جىن ئويۇنى،
تۈندە ئۆتكەن شىۋە قەدر قۇيۇنى.
بۇ ئەجدادىڭ سۆڭەكلىرى چاچقان نۇر،
قارا يەرنىڭ ئىسكەنجىدىن قاچقان نۇر.

قەدىم زېمىن سانسىز جانىنى كەتتى يەپ،
كۆمۈلمەكتە ئۇلار ئەسىر - ئەسىرلەپ.
دەسسىگەنلا يېرىڭ بۇندا قەبرىستان،
ئەجداد روھى تېنەپ يۈرەر سەرگەردان.
كۆمۈلۈپمۇ يوقالمىغان سۆڭەكلەر،
تۇندە شۇنداق ئوت رەڭگىدە چېچەكلەر.
مەنمۇ شۇنداق يېشىل ئۆتمەن دۇنيادا،
قورقۇپ كەتمە، ئۇچراپ قالسام مۇبادا.
دۇچ كەلگەندە مەن چاچراتقان نۇرلارغا،
ئالدىراپلا قول كۆتۈرمە دۇئاغا!...

3

ئاققان دەريا سوغۇق قىشتا توڭلايدۇ،
قاتقان مۇزلار ئۇنى ئۇچۇق قويمايدۇ.
قىش ئاسمىنى چېچەكلەيدۇ بىقارار،
يېپىپ كېتەر مۇزنى چۈشكەن قېلىن قار.
چەكسىز زېمىن قار ئاستىدا ئۇخلايدۇ،
قارلىق يەردە شۇۋرغانلار ئوينايدۇ.
ھەممە نەرسە ئۆلۈك كەبى توڭلايدۇ،
دەريانىمۇ پەرق قىلىپ بولمايدۇ.
توڭلاپ ياتار كېپەنلەنگەن دۇنيامۇ،
توڭلاپ ياتار ۋادىلارمۇ، دەريامۇ.
لېكىن دەريا ئاقار مۇزلار ئاستىدا،
بېرىپ بوغۇق گۈلدۈرلىگەن بىر نىدا.
ئاڭلانمايدۇ ئوڭاي ئۇنىڭ نىداسى،
قېلىن مۇزلار ئاستىدىكى ساداسى...
ئۇ باھارنىڭ ئاپتىپىنى تاپىدۇ
ۋە مۇزلارنى قارسىلدىتىپ چاقىدۇ.
بۇلار مۇزلار ئۆلۈك سالغان جىنازا،
ئۇنى دەريا ئېلىپ ماڭار بىر ھازا.
ئېلىپ كېتەر ئۇنى يىراق كۆللەرگە
ياكى تاشلاپ كېتەر قارا چۆللەرگە.
مەنمۇ دەريا، مۇز ئاستىدا كۆرۈنمەس،
سادا بەرگەن بىلىنەر ۋە بىلىنمەس...

4

قۇملۇق چۆللەر... يورۇق كۈندۈز يوقالغان،
تۈندە تېنەپ يول يۈرىدۇ بىر كارۋان.
قارا زۇلمەت تۇتەكلەشكەن پەيتتە،
ئۇلار ھالسىز، چۆل باغرىدا كەلمەكتە.
كارۋان بېشى ئۆلگەن يولدا، كارۋانلار —
دەريا كەچكەن، ئاشقان تاغۇ - داۋانلار.
ئۇلار يولنى بىلەلمىگەن يورۇقتا
ۋە كېچىسى تېنەپ قالغان قۇملۇقتا؛
سۇ تۈگىگەن، تۈگىمەر ئاچ، يول يىراق
تۈندە غەمكىن سادا بېرەر قوڭغۇراق.
يولسىز چۆلدە بولۇپ يولنىڭ نىشانى،
كۆرۈنىدۇ مالچىلارنىڭ گۈلخانى.
يىراق گۈلخان ئۈمىد بولۇپ چاقنايدۇ،
كارۋان خۇشال قىن - قىنىغا پاتمايدۇ.
سەن ئويلىما، تۈندە ھەممە ئۇخلايدۇ،
دۇنيا ئىشى نېمە بولدى ئۇقمايدۇ.
ئويغاقكەنغۇ مالچىلارنىڭ ماكانى،
بۆرىلەرنى قاچۇرماقتا گۈلخانى.
روشەن چاقناپ يول كۆرسەتتى كارۋانغا،
تېنەپ يۈرگەن بىر توپ غېرىپ ئىنسانغا...
مەن مالچىلار گۈلخانىنىڭ ئۇچقۇنى،
ئۆچۈرەلمەس مېنى تۈننىڭ ئۇپقۇنى.

*		*

مېنى ئۇقماي - بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمە
بىلەلمىسەن — بىلەلەمسەن — مەن نېمە؟...

1986 - يىل 19 - ئاۋغۇست، كورلا

## كەپتەرۋاز

تاڭ ئاسمىنى يۇيۇلغاندا يورۇقتا،
ئالتۇن جىيەك چاقنىغاندا ئۇپۇقتا،
كەپتەر توپى ئۇچار كۆكنىڭ قەرىدە،
يايراپ ياشناپ تاڭنىڭ سۈزۈك بەھرىدە.
ئۇچۇشلىرى ئەركىن شۇنداق ئۇلارنىڭ،
ھۆر مېھمىنى بولار گۈزەل نۇرلارنىڭ.
تىنىق كۆكتە ئۇچار ئۇلار قانغىچە،
پەرۋاز قىلار ئەتتىگەندىن شامغىچە.
پەرۋازىدا ئۆتەر ئۆيلەر قاتارى،
ئاق تېرەكلەر مەسچىتلەرنىڭ مۇنارى.
مەن كۆرگەنمەن، قانچە ـ قانچە كەپتەرۋاز
شاد بولىدۇ كەپتەرلىرى ئۇچسا ساز.
ئۇچماي قالغان كەپتەرلەرنى قوغلايدۇ،
چالما ئېتىپ، قىقاس سېلىپ توۋلايدۇ.
ئۆگزىلەردىن ئۆگزىلەرگە ئاتلايدۇ،
ياخشى ئۇچقان كەپتىرىنى ماختايدۇ.
شۇ ماختاشتا ئايان كۆڭۈل ئىزھارى،
دېمەك، قاتار ئۇچۇشلاردا خۇمارى.
مېنىڭ قوشنام ــ قېرى، كونا كەپتەرۋاز،
كەپتەرۋازنىڭ مۇنداقلىرى بەكمۇ ئاز.
كەپتىرىنى ئۇچۇرمايدۇ يۈگۈزلاپ،
يۈرسۇن دەيدۇ ھويلىسىدا يورغىلاپ.
چۈشۈرمەيمەن دەيدۇ ئۆزگە قىلتاققا،
قورقار ئۇچسا كەپتەرلىرى يىراققا.
كەپتەرلەرگە ئىشەنمەيدۇ ئۇ ئۆزى،
ھويلىسىغا قۇلۇپ سالار كۈندۈزى.
چۈنكى ئۆزى تۇتقان كۆپلەپ ئۇلارنى
قىلتاق قىلىپ ئۆتكەن ئايۇ ـ يىللارنى.
شۇڭا تۇتقۇن كەپتەرلەردىن ئەنسىرەپ،
نازارەتنى كۈچەيتىدۇ ھەسسىلەپ.
بىرەر كەپتەر ئۇچماق بولسا ئازراقلا،
قاناتىنى كېسىپ تاشلار بىراقلا.
نەزەر سېلىپ پەي چىقارغان كەپتەرگە،
ئاداشماستىن يېزىپ قويار دەپتەرگە.
شۇڭا يوقاپ كەپتەرلەرنىڭ پەرۋازى،
يىغلىغاندەك بۇقۇلدايدۇ ئاۋازى.
بۇ كەپتەرۋاز توغرىسىدا ئويلىدىم،
ئويلا ـ ئويلا ئۇندا گۇناھ قويمىدىم...
كەپتەرلەرنىڭ ئۆزى ئەمدى گۇناھكار،
كەپتەرۋازنىڭ ھويلىسىدا نېمە بار؟
كىم ئۇلارنى چۈشسۇن دەپتۇ قىلتاققا،
تۆت تال دانىنى چېچىپ قويغان تۇزاققا؟...

1986 - يىل 21 - ئاۋغۇست، كورلا.

تۇردى ساماق

# دولقۇنلاردەك يۈرىكىم سازى

## باھار قۇشلىرى

خۇش كەپسىز، ئەي باھار قۇشلىرى،
ئېگىز ئۇچۇپ گاھىدا پەسلەپ.
ئويناپ ئۆسكەن ئانا يۇرتلارنى
يۈرەكلەردىن سېغىنىپ، ئەسلەپ.
ھەر باھاردا شۇنداق كېلىسىز،
جانلاندۇرۇپ كەڭرى سامانى.
سازىڭىزنىڭ مەرغۇللىرىغا
تەڭكەش قىلىپ مەغرۇر سادانى.

«ھەر باھاردا شۇ بولار تەكرار»،
جەۋلان قىلىپ يايراپ كېلىسىز.
گۈلشەنلەردە ئۇۋۇلاپ، ئاۋۇپ،
كۆڭۈل ئېچىپ ئويناپ كۈلىسىز.

كېلىۋېرىڭ...
ھەيلى جانىۋارلار،
سىزلەر شۇنداق ئالەم ئەركىسى.
قۇچاق ئاچار قاچان كەلسىڭىز،
سېخىي يۇرتنىڭ ھەر بىر ئۆلكىسى.

«ھەر باھاردا شۇ بولار تەكرار»،
خۇشال - خورام كۆڭۈل ئاچىسىز.

ھەيرانمەنكى، باھاردا كېلىپ،
يازدا يايراپ قىشتا قاچىسىز.

ھەيلى كېلىڭ ۋە ھەيلى كېتىڭ،
ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل خاھىشى.
لېكىن ماڭا ئەزىز يۇرتۇمنىڭ
قەدىرلىكتۇر يازۇ كۈز، قىشى.

شۇڭا بۇنداق ئانا ھاۋادىن
ئارامىمغا دەرمان ئالىمەن.
مەڭگۈ ئانام ئوغۇزىدەك ئىللىق،
ۋاپايىمغا سادىق قالىمەن.

## ئانا دەريا

دىلدىشىمسەن، ئەي ئەزىم دەريا،
دولقۇنلىرىڭ يۈرىكىم سازى.
جانلىرىمغا جانان بىلىنەر،
ئەركىلىگەن بېلىقلار نازى.

ئۆستەڭلەرگە ئاققان سۇلىرىڭ
تومۇر قېنىم بولۇپ تويۇلار.
ئېرىق كەبى ھىسلىرىمغا
شوخلۇقۇڭدىن شەربەت قويۇلار.

مىڭ گۈزەلنىڭ مىڭبىر خۇلقى بار،
ئۆركەشلەپ شوخ ئېقىشلىرىڭدا.
ئەۋرىشىمدەك ھەريان تولغىنىپ،
قاشقا كۆكرەك يېقىشلىرىڭدا.

سەندىن پۈتكەن ھەر بىر نىسۋە،
باغدا يېمىش، خامانىڭدا دان.
بەلكى شەپقەت ئانىمىزدەك سەن،
شۇڭا بىزگە شۇنچە قەدىردان.

ئانا دەريا، ئەي ئەزىم دەريا،
ئولتۇرىمەن گۈزەل قېشىڭدا.
خەلقىم خۇلقى ئەكس ئېتەر گويا
نەقىشلەنگەن ھەر بىر تېشىڭدا.

## ۋاقىت

سۈبھى سۆيۈپ ئويغىنار چولپان،
ئاڭنى كۆتەر جانلار جاھانى.
ھەر ئىنسانغا ھەر كۈنى ھايات
ئادەملىكنىڭ بىر ئىمتىھانى.

ئادەممەنكى، ئاگاھ بول ئادەم،
بىل، ۋاقىتنىڭ مەسئۇل ئوغلىسەن.
گەر پۇرسەتنى نابۇت ئەيلىسەڭ،
ئۆز ئۆمرۈڭگە ئۆزۈڭ ئوغرىسەن.

ئارزۇگۈل بىلال

# بەخت كۆلكىسى

(ھېكايە)



## 1

باغ كەينىدىكى ئېتىزلىقتا كېۋەز ئوتاۋاتقان چىمەن قېيىن ئانىسى ئايخاننىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ، ھويلىغا كىرگەندە سەينادىكى كىشىلەر نېمىشقىدۇر پاتىپاراق بولۇشۇپ ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. قىبلە تەرەپتىكى ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان كىچىك كېلىن مەڭنىسانىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ چىرقىرىغان نالىسى ھەممىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى. چىمەن ئىشىككە كېلىشىگە ئايخان ئۇنى ئالدىغا چاقىردى.

— ماڭ قىزىم، يۈگۈر، بېرىپ ئاياغ مەھەللىدىكى پاتىخاننى چاقىرىپ كەل، — دېدى ئۇ قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ.

قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بۇنچە مۇلايىملىق بىلەن گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغىنىغا نەچچە يىل بولغان چىمەن مەڭنىسانىڭ ھالىنى سوراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، يەنە ھويلىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

پاتىخان كېلىپ ئىككى ئاش پىشىمدىن كېيىن، مەڭنىسانىڭ نالىسى ئاستا-ئاستا بېسىلىپ قالدى-دە، ئۇنىڭ ئورنىغا بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. چىمەن ئوچاق بېشىدىن تۇردى. خۇددى ئۆزۈندىن مۇشۇ ئاۋازنى كۈتكەن كىشىدەك ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

— ساڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ ماڭ، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي كېۋىزىڭنى ئوتا، — ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىققان ئايخان بو-

سۇغىدا چىمەننى كۆرۈپ تەرىنى تۇرۇپ دوق قىلدى.

چىمەن سالپايغان هالدا ئارقىغا ياندى. شۇ ئارىدا ئۆيدىن چىققان پاتىخاننىڭ قىيىن ئانىسىغا قىلغان سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

خۇدايىم نەۋرىلىرىنىڭ رىسقىنى بەرسۇن، قوشقاردەك بىر ئوغۇل دىسىلە!

— ۋاي شۇنى دىسىلە پاتىخان، مەنمۇ هەر بىر نامىزىمدا خۇدايىمدىن شۇنى تىلەيتتىم. خۇداغا شۇكرى، بۇ كىلىنىم دىگەن يىرىمدىن چىقتى...

ئۇلار پىشايۋاننىڭ ئاستىغا قۇرۇلغان كارىۋاتقا كىلىپ ئولتۇرۇپ يەنە گىپىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ ساۋۇت ئاخۇن تىخى بالا يۈزى كۆرمىدىمۇ؟

— ۋاي، ئۇنى بىر دىمىسلە پاتىخان، شۇ ئىشنى ئويلىسامىلا كاللام چۆگىلەپ قالىدۇ. ئۇنى روسۇلدىن بىر يىل بۇرۇن ئۆيلىگەن. مانا روسۇل ئىككى بالىلىق بولۇپ قالدى، لىكىن ئۇلار تىخىچە شۇنداق يۈرۈشىدۇ. ۋاي دەردىم، ئاجراشتۇرۇۋىتەي دىسەم تىخى، ساۋۇتنى يەنە ئۆيلىسەم بولغۇدەك. سىلى بىلىلا، قولىمىز سەل قىسقا بولۇپ قىلىۋاتىدۇ. بوپتۇ، ئۆيىنى تۇتۇۋەرسۇن، بۇگۇن قورساق كۆتۈرۈپ قالا، دەپمۇ مانا تۆت قاپاق پىشىقى ئۆتۈپ كەتتى نىمە ئامال دەيلا، — دىدى ئايخان بىر پىيالە چاينى پاتىخانغا سۇنۇۋىتىپ.

پاتىخان بىر پارچە ناننى چايغا چىلىدى. ئارقىدىن ئەتراپقا بىر قاراپ قويۇپ ئايخاننى ئۆز يىنىغا تارتتى.

— مانا قارىسىلا ئايخان، سەۋەب قىلسا سىۋەتتە سۇ توختايدۇ، دەپتىكەن،— ئۇ ئاغزىنى ئايخاننىڭ قۇلىقىغا يىقىن ئەكىلىپ، نىمىدۇر دەپ كۇسۇرلىدى. چىمەن ئۇلارنىڭ گىپىنى ئاڭلىيالمىدى، لىكىن قىيىن ئانىسىنىڭ ئىچىلىپ كەتكەن چىرايىدىن پاتىخاننىڭ سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تولىمۇ ياققانلىقىنى سەزدى.

چىمەننىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئايخاننىڭ باياتىنقى سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ تىخىمۇ ئوسال هالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى هىس قىلىپ كۆڭلى يىرىم بولدى. ئۇ، بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ، كىۋەزلىككە يىنىپ كەلدى.

نىمىشقىدۇر ئەمدى ئۇنىڭ ئوتتىغۇچ تۇتقان قوللىرى تىترەپ زادى ئىشقا بارمايتتى. نەچچە يىلدىن يۈرىكىنى سىقىپ كەلگەن خورلۇق ئۇنىڭ قەلبىنى يىڭىباشتىن ئازابلاشقا باشلىدى.

— چىمەن، ئايخاچام نىمىشقا چاقىرىپتۇ؟ — دىدى نىرىقى ئىتىزدا ئوت ئىلىۋاتقان يەنە بىر چوكان چىمەننىڭ مىسكىن چىرايىنى كۆرۈپ.

— هىچنىمە، مەئىنىسا يەڭگىدى،— دىدى چىمەن بىشىنىمۇ كۆتۈرمەي كىۋەز شىخى بىلەن يەرنى جىجىلاپ تۇرۇپ.

هىلىقى چوكان گەپ قىلمىدى، چۈنكى چىمەننىڭ شۇ بىر ئىغىز جاۋابىدىن ئۇ هەممىنى چۈشەنگەنىدى. شۇنداق، مەئىنىسانىڭ يەڭگىشى «توغماس» دەپ نام ئالغان چىمەن ئۈچۈن چوڭ بىر زەربە ئىدى. بىراق، ئاللاتائالا چىمەننىڭ پىشانىسىگە شۇنداق پۈتكەنىكەن، ئۇنىڭغا نىمە ئىلاج!

— كۆڭلۈڭنى يىرىم قىلما. سەنمۇ

بۇنداق يۈرۈۋەرمەسەن، بىرەر سەۋەب بولۇپ قالار، — دېدى ھېلىقى چوكان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— نېمە ئامال بار دەيسەن؟ قىلمىغان ئامالىم قالمىدى... — چىمەن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇغۇقىنا كۈلۈپ قويدى ۋە ئاندىن ئېغىر بىر تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۇغماس چىقىپ قالغان ئوخشايمەن.

— ھەي، بۇنداق گەپنى قىلما. سەن تېخى كىچىك تۇرساڭ، خۇدانىڭ رەھمىتى باردۇ؟

چىمەن جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغانغاندەك ئېچىشۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى بايا پاتىخاننىڭ ئايخانغا پىچىرلاپ دېگەن سۆزىدە قالغانىدى.

«ئۇ جادىگەر يەنە نېمە چارە ئۆگەتكەندۇ؟» پاتىخاننىڭ قېيىن ئانىسىغا چارە ئۆگىتىشىنى ئويلىسا، چىمەننىڭ بەدىنى تىكەنلىشەتتى، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ئايال خۇددى كىچىكىدە ئاڭلايدىغان چۆچەكلەردىكى جادىگەر مومايلارغا ئوخشاش ھەم قۇۋ، ھەم رەھىمسىز ئىدى. يەنە كېلىپ يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇ ئايالنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى بىلەن يورۇق دۇنيادىن كېتىپ قالغىلى تاس قالغانىدى. بۈگۈن ئۇ يەنە...

چىمەننىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى. ئۆزىنى يەنە بىر شۇملۇق كۈتۈپ تۇرغاندەك تېنى شۈركەندى. «نېمە ئىش بولسا، ئاشۇ پاتىخاننىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئېسىگە ئالسىلا ھازىرمۇ تېنى شۈركىنىدىغان ھېلىقى ئىش خىيال ئېكرانىدا نامايان بولدى.

2

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چىمەن ئېتىزدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، كەچقۇرۇن ئۆيىگە كەلگىنىدە ئايخان بىلەن پاتىخان پېشايۋان ئاستىدىكى كارىۋاتتا مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى.

پاتىخان چىمەننى كۆرۈپ، دەرھال گەپنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى:

— چىمەنخان تېخى قورساق كۆتەرمەي يۈرەمدۇ، نېمە؟

بۇ گەپ ئەزەلدىن چىمەننىڭ تۇغمىغىنىدىن نارازى بولۇپ، ئەتىدىن-كەچكىچە ئۇنىڭغا كايىپ يۈرىدىغان ئايخاننىڭ دىتىغا تازا ياقتى بولغاي، ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:

— بۇ بىر نېمىنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، پاتىخان. ئۆز ۋاقتىدا قارىسام، خېلى رەڭگى-روھى جايىدا، يۈزى ئىللىق تۇرسا، مەيلى بوپتۇ، دەپ ساۋۇتقا ئېلىپ بېرىپتىكەنمەن. ھەي، ئارزۇلىرىم نەدە قالدى؟ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ئايدەك چىرايى بولغىنى بىلەن، بالا تۇغمىسا بىكاركەن، دېسىلە. مانا ئۈچ يىلدىن ئاشتى، يا ئۇ، يا بۇ دېمەي جىمجىتلا يۈرىدۇ.

— ھەي، بىرەر چارە قىلىپ كۆرمىدىلىمۇ؟

— قىلمىدىمىكىن دەمىلا، باخشىنى ئەكىلىپ پېرى ئويناتتىپ باقتىم. موللام-قارىملارغا ئوقۇتۇپمۇ باقتىم. ھېچبىر كار قىلمىدىغۇ تاڭ!

— ئۇنداقتا ماڭا قارىسىلا، بۇنىڭ بىر چارىسى بار، — پاتىخان ئەتراپقا قاراپ چىمەننىڭ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلىۋاتقىنىنى سەزدى-دە، بىر چىمەنگە، بىر ئايخانغا قاراپ قويۇپ، تى-

لىنىڭ ئۇچىدىكى كېپىنى ئىچىگە يۇتتى.

ئايخان پاتىخانىنىڭ غەرىزىنى بىلدى. پاتىخانىدىن كۆڭۈلگە ياققۇدەك گەپ چىقىدىغىنىنى پەملەپ، ئۇدۇلىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىدا مەڭىنسانىڭ ئوغلىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان چىمەننى چاقىردى:

— چىمەن، ساۋۇت ئاخۇن قوناقلىقتا سۇ تۇتۇۋاتىدۇ. ئاۋۇ بالىنى ئويناتقاچ كەچلىك غىزاغا كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كەلگىنە!

چىمەننىڭ تەنلىرى يايراپ كەتتى. گەرچە كۆڭلىدە ئايخاننىڭ ئۆزىنى ئەتەي ئىشقا بۇيرۇپ، كۆزدىن نېرى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بىردەم بولسىمۇ قېيىن ئانىسىنىڭ تاپا-تەنە، جىمىلەشلىرىدىن ئازاد بولغانلىقىغا خۇشال بولدى. ئۇ، شۇ كۈنلەردە قۇلىقى تىنچلا بولسا، ئۈچ ۋاق غىزا يېمىسىمۇ رازى بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى يېنىكلەشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى-دە، پاتىخانىنىڭ قېيىن ئانىسىغا يەنە نېمىلەرنى دېيىشىگىمۇ پەرۋا قىلماي، بالىنى ھاپاشلىغان پېتى ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ تۇيۇقسىزلا چىمەن مۇشۇ ئائىلىگە دەسلەپ كېلىن بولۇپ كەلگەن چاغلىرىدىكى راھەتتىن قايتا بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. ئايخاننىڭ سوغۇق تەلەتى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا بۆلەكچە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغان، چىمەننى ئېغىر-يېنىك ئىشقا سالماي، خۇددى كېسەلنى كۈتكەندەك ئاسرايدىغان بولدى.

چىمەننىڭ نەزىرىدە، ئەسلىدە ئايخان ئۇنى يامان كۆرمەيتتى. ساۋۇتقا ياتلىق بولۇپ بىر يىلدىن ئاشقىچە ئۇ ھېچنېمىگە باش قاتۇرماي ئېرى تېپىپ بەرگەننى يەپ، ئېلىپ بەرگەننى كىيىپ يۈردى. ئۇ چاغلاردا چىمەن مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۆز تەلىيىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ يۈرۈۋەردى. ناۋادا خۇدا ئۇنىڭغا بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلغان بولسىدى، ئۇ مەڭگۈ شۇنداق بەختلىك ئۆتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن كۈتمىگەن بىر ئىچ پۇشقى بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنى بارغانچە بىئارامچىلىققا سېلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئايخان «قىزىم ساڭا ئېيتتىم، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك قىلىپ پات-پاتلا قىزلىرىنى بىكاردىن-بىكارغا تىللاپ قويۇپ يۈردى. كېيىنچە ئۇنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە دەيدىغان بولدى. چىمەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۆزىنىڭ بىتەلەيلىكىدىن ئاھ ئۇراتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ ھەرقانچە سېسىق گەپلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، چىداپ ئۆتمەكتە ئىدى...

ئايخان بىلەن پاتىخان چىمەننىڭ قورساق كۆتۈرمىگەنلىكى توغرىسىدا پاراڭلاشقان ھېلىقى چاغدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ بىر كەچقۇرۇنلۇقى چىمەن ئۇلاغلارنى قوتانغا سولىۋېتىپ ئۆيگە كىرىشىگە، ئايخان نان چىلانغان بىر قاچا قېتىقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى ۋە كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا:

— ھېرىپمۇ كەتكەنسەن، قىزىم. كەل مانى ئىچىۋال، — دېدى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— قورسىقىم ئاچمىدى، بىلى ئۆزلىرى ئىچسىلە، — دېدى چىمەن ئارتۇق ئويلانمايلا.

— تاماقنىڭ خېلى ھايىلى بار، قور-

سىقىلىك ئېچىپ كېتىدۇ، ئىچۋال،— ئايخان زورلاۋەردى. چىمەن ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ قاچىنى قولىغا ئالدى.

چىمەن قېتىقنى ئىچىشكە باشلىدى. بىراق ئازراق ئىچكەندىن كېيىن، يۇمىران بىر نېمىنىڭ گېلىنى تاتلاپ پەقەت ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ھۆ بولۇپ كەتتى.

— گېلىمگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالدى.

— ناندۇر بالام، يۇتۇۋەت،— ئايخان ئەمتىرەپ كەتكىنىدىن يا سۇ ئەكىلىپ بېرىشنى، يا غولىغا قېقىشنى بىلمەي، ھەدەپ يۇتۇۋېتىشكە زورلايتتى.

چىمەن قانچە قىلسىمۇ گېلىگە تۇرغان نەرسە ئۆتمىدى. ئەكسىچە، يەنە بىر ھۆ بولۇش بىلەن تەڭلا ئىچكەن قېتىق، يېگەن نانلارنىڭ ھەممىسى يېنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ياندۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا قاناتلىق قاپقارا بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى كەينىگە تاشلىۋەتتى.

«مېنى ئۆلسۇن دەپتۇ!» دەھشەتلىك بىر ئوي چىمەننىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى ۋە تۇنجى قېتىم ئايخاندىن يىرگىنىپ خورلۇق ھېس قىلدى. چۈنكى ھېلىقى قاناتلىق جانىۋارنى ئايخاننىڭ قېتىققا ئەتەي سېلىپ بەرگىنىگە ھەمدە بۇنىڭ چوقۇم ھېلىقى پاتىخاننىڭ ھۈنىرى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندى. ئۇ، ئەمدى ئايخاننىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى كۆيۈنۈشىنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ يەتتى-دە، بوپىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى ۋە ئىككىنچىلەپ بۇ ئائىلىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەسلىككە نىيەت قىلدى. ئەمما ئاپىسى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياراتماستىن ئەيىبىنى قىزىغا قويدى.

— بالام، سەندىن ئۆتۈپتۇ،— دېدى ئاپىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ،— ئەر رازى، خۇدا رازى. ئايخانمۇ يامان قىلماپتۇ. سېنى ئويلاپ، ئۆيى بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، دەپ قىلغان ئىشىدۇ بۇ، تايىنلىق. سەۋەب قىلغانىنىڭ نېمە يامىنى؟ مەنمۇ رەھمەتلىك ئاچاڭ بويۇمدا قىلىشتىن ئاۋۋال قارلىغاچ بالىسىنى يۇتقانمەن.

قارلىغاچ بالىسى؟ ئەمدى ئايان بولدى. ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى قاناتلىق جانىۋارنىڭ قارلىغاچ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇققان چىمەننىڭ ئەسلىدىلا بىئارام بولۇپ تۇرغان كۆڭلى تېخىمۇ ئازابلىنىشقا باشلىدى. «توۋا، جاھاندا بۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن تېخى». ئۇ، ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— ئەگەر راستىنلا قارلىغاچ بالىسىنى يېگۈزگەن بولسا، ئۇ ئۆيگە تېخىمۇ دەسسىمەيمەن،— دېدى چىمەن ئاپىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئاچچىقلىنىپ.

— تولا لاۋزا گەپ قىلما. بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بالام. داداڭ جاڭگالدىن كېلەلمەيدۇ، ئاكىلىرىڭنىڭ ھالى ئۆزى بىلەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىكەندەكلا بىر قىز بولۇپ قالدىڭ. مەنمۇ شۇ ئايخاننى قول ئىلكىدە بار خەق، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قولىغا قول بولۇپ يۈرسە، كۈنى ئوبدان ئۆتەمدىكى دەپ سېنى شۇلازغا بەرگەن. ئەسلىغۇ نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپ تۇغمىغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ھەيدىۋەتسىمۇ نېمە دېگۈلۈك؟ لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. شۇنچىلىك ئىشقا سېنىڭ يامانلاپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟ ئەمدى ئۇنداق كىچىك بالىلىقنى تاشلاپ، ئايخاننىڭ

سۆزىگە كىر، بالام.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجىسىز يەنە قېـ
يىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.
بىراق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ دىلىدا
ئايخان بىلەن پاتىمخانىغا نىسبەتەن بىر خىل
يىرگىنىش قارا سايە بولۇپ ئورۇن
ئالدى...
ــ چىمەن، نامازشام بولۇپ قالدى
كەتمەمسەن؟
ھەمراھلىرىنىڭ ئاۋازى چىمەننى
خىيالدىن ئاجراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
يېتراپىغا قارىۋىدى، ھەمراھلىرىنىڭ تاغـ
دەك دۆۋىلىۋەتكەن ئوتىغا قاراپ نېمە قىـ
لىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى
ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاران
بىرەر قۇچاقلا ئوت ئالغانىدى. «بۇنداق
قايتسام قېيىن ئانام كايىماسمۇ؟» دەل
شۇ چاغدا ئۇدۇلىدىكى قوناقلىقتا بىر كىـ
شىنىڭ تونۇش گەۋدىسى غىل ـ پال كۆـ
رۈنۈپ قالدى.
«غوپۇرمۇ نېمە؟ ئۇ، بۇ يەردە نېمە
قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟» چىمەنىنىڭ كۆڭلىدە
بىر خىل شېرىن تۇيغۇ پەيدا بولدى ـ
دە، ئۇنى ـ بۇنى ;قىلغان بولۇپ باشقىلار
دىن قەستەن ئايرىلىپ قالدى.

3

مەڭگىنسانىڭ يەڭگىشى بىلەن، ئايخانـ
نىڭ ئالدىدا چىمەن تېخىمۇ ئوسال ئوـ
رۇنغا چۈشۈپ قالدى. بۇرۇن ئېتىزنىڭ
ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى چىمەن، ئۆي
ئىشلىرىنى مەڭگىنسا قىلاتتى. لېكىن ھازىر
بۇلارنىڭ ھەممىسى چىمەنگىلا قالدى. ئەتـ
تىگىنى بامدات بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇـ
رۇپ مىدىرلىغىلى تۇرسا، تۈن تەڭ بولـ
مىغۇچە ئۇھ دەيدىغانغا چولىسى تەگمەيتـ
تى. بۇ جاپالارنى ئاز دەپ، ھەممىدىن
ئۇنىڭغا هار كېلىدىغىنى بۇرۇن ئۇنى يالـ
غۇز ئايخانلا ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئەمـ
دىلىكتە مەڭگىنسامۇ كىچىك بالىنىڭ ئورـ
نىدا ئىشقا سالىدىغان بولدى.
«خەير، مېنىڭمۇ بالام بولۇپ
قالار» دەيتتى چىمەن ھەر نۆۋەت مەڭـ
گىنسانىڭ ئۆزىنى قىلچە كۆزگە ئىلماي،
بوۋاقنىڭ پوق ـ سۈدۈك لاتىلىرىنى يۇيۇشقا
بۇيرۇغىنىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ، لېـ
كىن ئايخانىنىڭ تىللاپ كېتىشىدىن قورـ
قۇپ، يەنىلا ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلالـ
ماي، لاتىلارنى يۇيۇپ قۇرۇتاتتى.
مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ بىر ئىشتىن خاـ
تىرجەم بولدى. ئايخان يېڭى نەۋرىسىنى
بېقىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىـ
لەن تولا كارى بولمايدىغان بولدى.
دەسلەپتە چىمەن ئايخانىنىڭ ئۆزى
بىلەن جىدەللەشمەيدىغان بولغىنىدىن
خۇش بولۇپ يۈردى. كېيىنچە قېيىن
ئانىسىنىڭ مەڭگىنسا ئۈچۈن پايپېتەك بوـ
لۇپ كېتىشلىرىدىن نېمىشقىدۇر بىر قىسما
بولۇپ قالدى. «بالىسى بارنىڭ يۈزى
يورۇق، دېگەن شۇ كەندە» دەپ مەڭگىنساغا
كۆڭلىدە ھەسەتمۇ قىلاتتى.
«خۇدايىم ماڭىمۇ چۈچۈرىچىلىك
بالىدىن بىرنى بەرسە بولماسمىدى؟» دەيتـ
تى ئۇ ۋە مەڭگىنسانىڭ بالىسىنى ئەللەي
ئېيتىپ غىڭشىپ ئېيتىدىغان ناخشىسىدىن
ئىچى پۇشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا
ئۇ مەڭگىنسانىڭ ئۆزىگە ئامراق چوڭ ئوغـ
لى ھەسەنجاننى ئوينىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ
سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدىغان بوـ
بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى چىمەن ئىتىزلىقتىن قايتىپ كەلسە ھەسەنجان ئاپىسىنى ئىنىمەن دەپ تازا جىدەل قىلىۋاتقانىكەن. قېيىن ئانىسى ئۇنىڭ يىغىسىنى بېسىقتۇرالماي ئاۋارە بولۇۋېتىپتۇ.

— يۈگۈر چىمەن، ماۋۇ شۇمنى بىر دەم كۆزۈمدىن يوق قىلغىنا، — دېدى ئايخان خۇددى نىجادچىسىنى تاپقاندەك بالىنى چىمەنگە ئىتتىرىپ.

ھەسەنجان چىمەنگە بەكلا ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا چىمەن ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇشىغا ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭغا ئېتىلدى ھەمدە چىمەنىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن كىچىك قوللىرىنى تىقىپ تەقەززالىق بىلەن بىرنېمە ئىزلەشكە باشلىدى. چىمەنىنىڭ يۈزىدىن ئوت يېنىپ كەتتى-دە، ئۇيالغىنىدىن ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى باغقا كىرىپ كەتتى ھەمدە شاپتۇل يېگۈزۈپ بالىنى گوللىماقچى بولدى. لېكىن ھەسەنجان ئۇنىڭ رايىغا زادىلا باقماي، كۆزلىرىنى ئۇگۇلغان پېتى توختىماي يىغلايتتى.

— نېمە يەيسەن، ئوغلۇم؟ — دېدى چىمەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ ۋە شۇ گەپنى قىلىش بىلەن تەڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىلىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىياتنىڭ تارقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ھەممە، ھەممە، — ھەسەنجان ئەمدى چىققان چۆچۈك تىللىرى بىلەن ئۇنىڭغا نالە قىلاتتى.

— ھەممە ما؟ — چىمەن ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ، ئىنسى-جىن يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن مەڭىنىسادەك كۆڭلىكىنى قايرىپ، ھەسەنجانغا كۆكسىنى دوملىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ چىمەنىنىڭ يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت چۈشتى. بۇ ئوت كۆيگەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشاتتى، كېچە-كېچىلەپ كىرپىك قاقمايتتى، ئۆزىنىڭ بالىسىز ئۆيىمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا دوزاختەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى-دە، بالا دەردىدە سەۋدايى بولايلا دەپ قالدى. «ئاھ خۇدا، مېنى ياراتمايلا قويساڭ، يا مۇنچە ئارماندا قويماي بىرەر بالا بەرسەڭ بولماسمىدى؟» دەپ زارلايتتى ھەمدە ئۆيىنىڭ جاپاسىنى تارتقانسېرى، بالا ئىشقىدا ئازابلانغانسېرى يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ھېلىقى قارلىغاچ بالىسىنى يۇتۇۋەتمەگەنلىكىگە مىڭ پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. چىمەنىنىڭ قىلمىغان ئامالى قالمىدى. ساۋاپلىق قىلىپ گۇناھىمغا تۆۋا قىلسام، خۇدايىم بالا ئاتا قىلارمىكىن دەپ، يېتىم-غېرىبلارغا كىيىم-كېچەكلىرىنى سەدىقە قىلدى. بەش ۋاق نامازنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇدى. لېكىن ئۇ مۇرادىغا يېتىشنىڭ شەپىسىنىمۇ كۆرمىدى. ئاخىرى نائىلاج ئايخانىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ دەردىنى تۆكتى.

— ئاپا، قارلىغاچ بالىسى يېسەممۇ يەي. ماڭا رەھىم قىلسىلا، — دېدى چىمەن بىر كۈنى.

— ھە، ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن، — دېدى ئايخان چىمەنىنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئالدىنئالا بىلگەندەك، — ئۆزۈڭ بىلسەڭ، مەن سېنى ھەرگىز يامان كۆرمەيمەن. مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا: «چىمەن چىرايى ئىللىق ئوبدان بالا بوپتۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرسا يوقسۇزلۇقىنىڭ دەردىنى تارتماس» دەپ، ساۋۇتقا ئېلىپ

بەرگەن. ئۆزۈڭمۇ بىلگەنسەن، بىر ئۆيدە بالا دېگەن ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، بولمىسا بېشى باش، ئايىغى تاش بولمايدۇ. كۆرگەنسەن، مەڭنىسا يىلىغا بىرنى تۇغۇۋىدى، روسۇل ئاخۇن پەرۋانىدەك ئۆيىنى، بالىلىرىنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغان بولدى. ئەمدى سېنىڭ ئېرىڭچۇ؟ تالاغا بىر چىقىپ كەتسە، ئىشىكنىڭ قايېرىگە باقىدىغىنىنى ئۇنۇتۇپ قالىدۇ. ئەگەر سېنى تۇغمىدى دەپ تالاغا قاراپ قالسا، ياكى ھەيدەپ سالسا قانداق قىلىسەن؟ — ئايخان يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرغان چىمەنگە بىر قاراپ قويدى-دە، ئۆكۈنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، — بۇ ئۆيۈڭ تازا ئوبدان بوپتىكەن. شۇنىسى، ھازىر قارلىغاچ باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى، دېگىنە.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — ئايخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەنگەن چىمەن كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئايخاننىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى. بىراق خۇدانىڭ قۇدرىتى يەتمىسە ئايخانغا نېمە ئىلاج!؟ ئۇ، پاتىخاننىڭ ھېلىقى مەڭنىسا يەڭگەن كۈنى: «ئەگەر چىمەن خالاپ قالسا قىبىشىمغا ئەۋەتسىلە، ئۆزۈم سەۋەب قىلىپ قويىمەن» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئالدى-دە، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

— ماڭا قارا، چىمەن، تولا يىغلاپ ئولتۇرماي، ئاياغ مەھەللىدىكى پاتىخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاپام مېنى ئەۋەتتى دېگىن. شۇ خوتۇن بىر ئىلاجىنى قىلىدۇ.

پاتىخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن چىمەننىڭ يىغىسى توختاپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل يىرگىنىش ھېسسىياتى قاپلىدى.

— قانداق، بارامسەن؟

«بارما چىمەن، ئۇ جادىگەر سېنى ھالاك قىلىدۇ!» دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. لېكىن ئارقىدىنلا كۆز ئالدىدا ھەسەنجاننىڭ ئوماق چىرايى نامايان بولدى-دە، «ئاپا، ئاپا» دېگەن يېقىملىق ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.

«مەيلى، بىر چىداي، ھەرقانچە بولسا، يەنە شۇ قارلىغاچ بالىسىنى يۇتارمەن» دەپ غەيرەتكە كەلدى چىمەن ھەمدە بىر ياغلىققا ئىككى چىنە ئاق ئۇننى تۈگۈپ ئاياغ مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

4

بۈگۈن پاتىخان ئۆيىدە ئىدى. يىراقتىنلا چىمەننى كۆرۈپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— كەلسىلە قىزىم، كەلسىلە. سىلىنى بۈگۈن قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ؟

چوڭلار پاتىخاننى بەك مېھماندوست دېيىشەتتى. پاتىخاننىڭ قىزغىنلىقىنى كۆرگەن چىمەنمۇ شۇنى ھېس قىلدى. شۇڭا ھېچقانداق تارتىنمايلا كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى، پاتىخاننىڭ كۆزلىرى مەمنۇنلۇقتىن پۇرۇلۇپ كەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ قىزىم، ئوبدان بوپتۇ، — پاتىخان چىمەننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى ئۆيىگە باشلىدى. چىمەننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاۋاقتا دوغاپ قىلدى-دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ناننى ئۇشتىدى.

— سىلى ئۆيۈمگە كېلىپ باقمىغان، قىزىم. قېنى، قاتتىق نان بولسىمۇ ماۋۇ دوغاپقا چىلاپ يېگەچ ئولتۇرسىلا، — دېدى پاتىخان چىمەنگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئاغزىغا بىر پارچە نان سېلىپ، —

ئاللاتائالا ئىگەمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تۇل بولساممۇ شۇنچىلىك كۈن ئېلىپ كېتىپ بارىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

چىمەن گەپ قىلمىدى. ئۇ، ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. پاتىخانمۇ چىمەننىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى بولغاي، ھەر بىر سۆزىنى سوزۇپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋاي قىزىم، كىچىك بولغاچقا، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرمىدىلە تېخى. خۇدايىم پېشانىلىرىنى ئوڭ يارىتىپتىكەن. مانا ئۆي تۇتۇپ بالا يۈزى كۆرمىگەن بولسىلىمۇ ساۋۇتئاخۇن ھەيدىۋەتمىدى ... مانا مەنمۇ بۇ جاھاندىن بالىسىز ئۆتتۇم، — پاتىخان چىمەنگە قاراپ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ياش چاغلاردىغۇ پۇت - قولىنىڭ مادارى بولغاندىن كېيىن، بالا بولمىسىمۇ چانمايدىكەن. مانا ئەمدى ماڭا ئوخشاش قېرىپ پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا يالغۇزچىلىق ھېس قىلىپ قالىدىكەن كىشى. مېنىڭمۇ بىر بالام بولغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇ چاقىقچە نەۋرە كۆرمەسمىدىم. مەنمۇ ئايخاندەك: «بالامنىڭ بالىسى، كۆزۈمنىڭ قارىسى» دەپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلماسمىدىم. مانا ئەمدىلىكتە ئاغرىپ تارتىپ قالسامىمۇ بېشىمدا ئولتۇرۇدىغان ئادىمىم يوق دېسىلە.

— پاتىخان ئاچا، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، قىزىم. ئۆز ۋاقتىدا رەھمىتى تۇنجى قېيىن ئانام ماڭا بىر چارىنى دېگەنىدى. لېكىن كىچىكلىكىمدىن كۆنمەپتىكەنمەن. كېيىن ئاڭلىسام، شۇ سەۋەبنى قىلىپ كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بالىلىق بولغانىمىش.

— قېنى، بىر دېسىلىچۇ.

— قارىسىلا قىزىم، كونىلارنىڭ «تۇغمىغان كېلىنىنى ئۇياتقا قوي» دەيدىغان گېپى بار. بۇ دېگىنى ئادەم توپلاشقان يەردە كېلىنىنى ئارىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا راسا تىل - ئاھانەت قىلسا، شۇ تىل - ئاھانەتتىن ئۇيالغان كېلىن بىر يىلغا قالماي ئېغىر ئاياغ بولىدۇكەن.

بۇنى ئاڭلاش بىلەن چىمەننىڭ بەدىنى قارا تەرگە چۆمدى. «پۈتۈن ئادەم تىل - ئاھانەت قىلسا، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش، تەۋۋا، شۇنداق بولغاندا راستتىن بالا يۈزى كۆرگىلى بولارمۇ؟» چىمەن ئىككىلىنىپ قالدى. بىراق، پاتىخاننىڭ تۇغمىغىنىدىن ئالتە ئەرگە ياتلىق بولغىنىنى ئويلىغىنىدا پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— راستتىن پەرزەنت كۆرگىلى بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئەنسىرىگەن ھالدا.

— ۋاي نېمىشقا كۆرمەيدىكەنلا، ئاشۇنداق تىل - ئاھانەتكە قالغاندىن كېيىن، كېچىمۇ - كۈندۈز ياشلىرى قۇرىمايدۇ دېسىلە. شۇنىڭ بىلەن دۇرۇس نىيەت بىلەن خۇداغا يېلىنىپ بالا تىلەيلا. سىلىنىڭ نالىلىرىنى ئاڭلىغان ياراتقان ئىگەم سىلىنى بالىلىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

چىمەن پاتىخاننىڭ ئۆيىدىن ھەم ئەندىشە، ھەم ئۈمىد بىلەن يېنىپ چىقتى. تىل - ئاھانەتنى ئاڭلاشقا رازى بولغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ بىتەلەيلىكىگە ئاھ ئۇرۇپ كۆز ياش قىلدى، لېكىن بىر يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ھەسەنجاندەك بىر بالىسى بولىدىغانلىقىنى، ئايخانىنىڭمۇ ئۆزىنى ۋاي دەپ ئەتىۋارلايدىغىنىنى ئويلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى شادلىققا چۆمدى. ئۇ، ئەنە

شۇنداق بىر دەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ
كېلىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان
غۇپۇرنى كۆرۈپ دەرھال كۆز يېشىنى
سۈرتتى - دە، قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

**5**

چىمەننىڭ خاتىرىسىدە غۇپۇر ئۇنىڭ
ياخشى دوستى ئىدى. ئۇلار باللىق چاغ-
لىرىدىلا ئىناق ئۆتتۇشەتتى. كۆپىنچە ئىك-
كىسى بىللە ئوينىشاتتى. كىچىك جىلىتكى-
سىنى چىرايلىق قاتلاپ، باش تەرىپىگە
ياغلىقنى چېگىپ ياسىغان قورچىقنى ئەللەي
ئەتكەچ غۇپۇرنىڭ ئوتۇغۇچ بىلەن «ئۆي»
ياسىشنى تاماشا قىلىش چىمەن ئۈچۈن تو-
لىمۇ راھەت ئىدى. غۇپۇرمۇ ئۇنىڭغا بەك
ھېرىس ئىدى، چىمەن باللار بىلەن ئۇ-
رۇشۇپ قالغىنىدا ھەمىشە ئۇنىڭغا بولۇشات-
تى. گەرچە ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ باللارچە
سەبىي قەلبىدە قىز - ئوغۇل ئوتتۇرىسىدى-
كى سىرلىق مۇناسىۋەتتىن قىلچە ئەسەر بول-
مىسىمۇ، ئۇلارنىڭ شۇ پاك دوستلۇقى ۋە
بىر - بىرىگە بولغان باللارچە مېھرىگە ئۇ-
لارنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى
يوغۇرۇلغانىدى. كېيىن ئىككىسى مەكتەپكە
تەڭ كىردى. ئەمدى ئۇلار ئاق - قارىنى
بىلىشىپ قالغانىدى. بىر - بىرىنى بىرەر
كۈن كۆرۈشمىسە ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ
قالدى. لېكىن چىمەن بۇ ھېسسىياتنىڭ
زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى بىلىپ
بولغۇچە ساۋۇتقا ياتلىق قىلىنىپ، قەلبى-
دىكى شېرىن تۇيغۇ - مۇھەببەت ئۇرۇقى
يېخلىماي تۇرۇپلا كۆمۈلۈپ كەتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن،
چىمەن بىر دوستىدىن غۇپۇرنىڭ باشقا
يۇرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىر-
نەچچە ۋاق ئازابلىنىپ يۈردى. بىراق كۈن-
لەر ئۆتكەنچە بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ، تەقدىر-
گە تەن بەرگەنىدى.

ئەمما بىر يىلچە بولدى، غۇپۇر مە-
ھەللىگە يەنە يېنىپ كېلىپ، ئەمدى يۈ-
رىكى ئورنىغا چۈشۈپ، ھەممىگە ئادەتلىنىپ
قالغان چىمەننىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى داۋال-
غۇلتۇەتتى. بولۇپمۇ ئۆيىدىن كۆڭلى ئاغ-
رىغاندا ياكى ساۋۇتنىڭ تايىقىنى يېگەن
چاغلىرىدا: «غۇپۇر بولغان بولسا، كۆڭلۈمگە
بۇنداق ئازار بەرمەستى» دەپ ئويلايدى-
غان بولدى. ئىچىدە غۇپۇرنىڭ ئۆزىنى بۇن-
داق قىينىماي باشقا يۇرتقا بېرىپ ئۆي-
ئوچاقلىق بولۇپ قېلىشىنى تىلىدى.

لېكىن چىمەننىڭ ئارزۇسىغا قارشى
غۇپۇر كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ مەھەل-
لىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. چىمەن ئۇ-
نىڭدىن قانچە ئۆزىنى تارتسا، غۇپۇر ئۇ-
نىڭغا شۇنچە يېقىنلىق قىلاتتى. ئېتىرازلىققا
كېلىپ، چىمەنگە ياردەملىشىپ بېرەتتى.
ھېلقى كۈنى ئەگەر غۇپۇر ئىككى قۇچاق
ئوتنى ئەكېلىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئەل-
ۋەتتە ئايخاننىڭ بىرمۇنچە كايىشىغا قالاتتى.

— نەدىن كېلىشىڭ چىمەن؟ — دېدى
غۇپۇر سالاملىشىپ ۋە چىمەننىڭ مەڭزىدى-
كى ياش داغلىرىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى -
دە، — ۋۇي، يىغلىدىڭمۇ نېمە؟ كىم بوزەك
ئەتتى؟ — دېدى.

ئۆزىنى ئارانلا تۇختىتىپ تۇرغان
چىمەننىڭ كۆڭلى غۇپۇرنىڭ بۇ سۆزى
بىلەن بۇزۇلدى. كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش
پەيدا بولدى. غۇپۇر كىچىك چاغلىرىدىمۇ
چىمەندىن ھەمىشە شۇنداق دەپ سورايت-
تى. ئاھ خۇدا، ئادەم چوڭ بولمىسا نېمە
بولاتتى - ھە؟

ئۇ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. غۇپۇر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى.

— سەن ئۇنداق تۇترۇقسىز ئىشلارنى قىلغۇچە غاچچىدە شەھەرگە كىرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ چىمەننى ئەيىبلىگەن ئاھاڭدا.

— خۇدايىم ئاتا قىلمىسا، دوختۇرنىڭ نېمە ئىلاجى بولسۇن؟ پاتىخان ئاچامنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ باقمايمەنمۇ، خۇدايىم بەلكىم تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلىپ قالار، — دېدى چىمەن مەيۈسلەنگەن هالدا. ئاندىن غۇپۇردىن ئايرىلىپ يولىغا چۈشتى. ئۇ ئەمدىلا ئىككى قەدەم ئېلىۋىدى، غۇپۇر پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى:

— سەن راستىنلا ساۋۇت بىلەن ئۆمۈرۋايەت ئۆي تۇتماقچىمۇ؟

چىمەن توختاپ قايرىلدى ۋە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتتىدە، ئالدىغا قاراپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

٦

خامانىدا قوناق سوقىدىغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى پاتىخان ئايخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ چىمەننى ئارىغا ئالدۇرۇدىغان ئىشنى جۈمە كۈنى بېكىتىپ قويۇپ كەتتى. جۈمە كۈنى يېقىنلاشقانسېرى چىمەن غەلىتە بىر ۋەھىمىدە قالدى. بۇ نىيىتىدىن يېنىۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بالا ئارزۇسى ئۇنىڭ ھەممە ئەندىشىلىرىنى يوق قىلىۋېتەتتى: «پاتىخان ئاچامدەك ئالتە ئەرگە تېگىپ يۈرگۈچە بىردەملىككە چىشىمنى چىشلىسەم، ئۆتۈپ كېتەر» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ئەلۋەتتە ئايخاننىڭ بۇ ئىشتىن قانچىلىك خۇش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش هاجەتسىز ئىدى.

جۈمە كۈنى چۈشكە يېقىن چىمەن خامانغا كەلدى. ھەممەيلەن غەلىتە نەزەر بىلەن چىمەنگە قارىشاتتى. ئۆزئارا پىچىرلىشىپ كۈلۈشەتتى. چىمەن ئەمدى ئارىغا چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا تۇساتتىن خامان يېنىدىكى كۆلنىڭ بويىدا تۇرغان غۇپۇرغا كۆزى چۈشۈپ، نېمىشقىدۇر شۇ تاپتىلا ئۇنىڭ بىلەن يىراق بىر ياقلارغا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. لېكىن ئۇ ئاجىز بەندە، تەقدىرگە تەن بەرمەيدىغان نېمە هەددى؟

— مانا، مانا مەھەللىمىزدىكى سەتەڭ خېچىر كەلدى ...

خوتۇنلارنىڭ، ئەر خەقلەرنىڭ ئاغزى شۇنىڭ بىلەن ئېچىلىپلا كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، چىمەن ياتلىق بولغىنىغا تۆت يىلچە بولغان بىلەن، خوتۇنلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق سەت گەپلەرنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. گەرچە ئايخان ئۇنى تۇغمىدى دەپ تىللىسىمۇ «خېچىر» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمايتتى. مانا بۈگۈن ... چىمەن تويىدى، كىشىلەرنىڭ تىل-ئاھانىتى بىلەن بىردەمدىلا يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتتى.

ئۇنى پاتىخان يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. كىشىلەرنىڭ بەد-بەشىرە تىل-ئاھانىتىدىن ئۇيالغان چىمەن خۇددىنى بىلىپ-بىلمەي نەچچە كۈنگۈچە بىھوش ياتتى. بىراق شۇنداقتىمۇ پات-پاتلا يەنە: «بالام، بالام! مېنى ھەيدىۋەتمەڭلار» دەپ جۆيلۈپ تۇردى.

نەچچە كۈندىن كېيىن چىمەن ئەس-ھوشىغا كەلدى ۋە پاتىخاننىڭ دېگىنى بو-

يىپچە ئىككى ھەپتىگىچە كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ جەينىمازدىن قوپماي تاۋاپ قىلدى. ئاللانى تەسىرلەندۈرگۈدەك نالە قىلغىنىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، بارماق ساناپ ئاي - كۈننى ھېسابلاشقا باشلىدى - دە، كېلىدىغان يىلى ئۆزىنىڭمۇ ئايخان بىلەن ساۋۇتنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق بولىدىغانلىقىغا، ھېچكىم ئۇنى ھەيدىۋېتەلمەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىپ، شېرىن خىياللارنى سۈرۈشكە باشلىدى.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. كۈز كېتىپ قىش كىردى. تۇڭلار ئېرىپ باھارمۇ كېلىپ قالدى. لېكىن چىمەن كۈتكەن مۆجىزە زادىلا كۆرۈلمىدى. چوكانلارنىڭ دېگىنىدەك ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرنى كۆڭلى تارتىدىغان ئىشلارمۇ بولمىدى. بۇ زادى قانداق ئىش؟ تاكى ياز كىرىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى يەنە باشلانغاندا چىمەن ھودۇقۇشقا باشلىدى.

— ئاپا، بۇ قانداق ئىش؟ — دېدى چىمەن بىر كۈنى قېيىن ئانىسىغا.

مۇشۇ كۈنلەردە چىمەنگە زەڭ قويۇپ يۈرگەن ئايخانىنىڭمۇ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئەگەر راستىنلا چىمەن يەنە قورساق كۆتۈرمىسە، ئۇنىڭ تۇغماسلىقى ئېنىق ئىدى.

— ۋاي تاڭەي. سەنزە راستلا تۇغماس ئوخشايسەن، پاتىخاندىن سوراپ باققىنا، — دېدى ئايخان تەرىنى تۈرۈپ.

چىمەن پاتىخانىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇمۇ چىمەننىڭ يەنە نېمىشقا قورساق كۆتۈرمىگىنىگە ئەجەبلىنەتتى.

— ۋاي قىزىم، قېيىن ئانىلىرىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق تۇرىدۇ، جۇمۇسىلا، — دېدى پاتىخان ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

ئەمدى چىمەن تامامەن ئۈمىدسىزلەندى. بالا كۆرۈپ يۈزى يورۇق بولۇش ئارزۇسى يوققا چىقتى. پېشانىسىگە «تۇغماس» دېگەن تامغا بېسىلىپ، مەڭنىسا ئالدىدا تېخىمۇ مازاققا، ئايخان بىلەن ساۋۇتنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ خورلۇققا قالدى. ئۇ كۈن بويى ئۈن - تىنسىز يۈرەتتى. خۇددى ھەممە ئادەم ئۇنى «تۇغماس!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولدى.

«ئاھ خۇدا، ئاجىز بەندەڭنى بۇنچىۋالا ئەلەمگە قويغۇچە، جېنىنى ئالساڭ بولماسمىدى؟ نېمىشقا بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى ماڭا بولىدۇ؟» دەيتتى ئۇ دەردىگە چىدىماي.

چىمەن تۇغمىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئائىلىگە ئوشۇقچە يۈك بولۇپ قالدى. تاپا - تەنە تېخىمۇ ئاۋۇدى. چوڭىدىن - كىچىككىچە يۈزىدىن يۈزىگە ئۇنى «تۇغماس!» دەپ تىللايتتى. ئۇنى ئاز دەپ ئەسلىدىنلا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، چىمەننى كۆزگە ئىلماي كەلگەن مەڭنىسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم قىلىشقا باشلىدى.

مەڭنىسانىڭ بويىغا يېتىپ قالغان بىر نەۋرە سىڭلىسى بولۇپ، ھېلىغىچە بىرەر يەردىن لايىق چىقمىغانىدى. چىمەننىڭ تۇغۇشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈلگەندىن كېيىن، مەڭنىسا ئەتەي شۇ سىڭلىسىنى بۇ ئۆيگە ئېپكېلىپ تۇرغۇزدى - دە، چىمەننىڭ خېتىنى بەرگۈزۈپ، ساۋۇتقا سىڭلىسىنى ئېلىپ بېرىدىغىنىنى ئاشكارا سۆزلەپ يۈردى.

بىر كۈنى چىمەن ئۇلاقلارنى ئې-

تىزغا باغلاپ قويۇپ، ئۆيگە كەلگىنىدە،
ئىشىكنىڭ تاقاقلىقىنى كۆردى. ئادەم
يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئەمدى ئارقىغا بۇ-
رۇلۇشىغا ئۆيدىن ساۋۇت بىلەن ھېلىقى
قىزنىڭ كۈلۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قال-
دى-دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىر-
قاپ قالدى.

كەچتە ئۇ بۇ ئىشنى ئايخانغا ئېيت-
تى، بۇ ئەسلىدە ئايخاننىڭ ئۆزى ئۈچۈن
ئوغلىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇ-
شىنى ئۈمىد قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەن
يەردىن ئايخان ئۇنىڭغا چېچىلىپ
كەتتى:

— مەن قانداق قىلاي، ۋاي ئاتامەي!
مەن ساڭا خېلى بۇرۇنلا دېگەنىغۇ. ئەر-
خوتۇنچىلىقتا بالا بولمىسا، ئۆيى ئۆي
بولمايدۇ. ھېلىغۇ ساۋۇت باشقا چوكانلار
بىلەن چاقچاق قىلىشىپتۇ. سەن تۇغمىغان-
دىن كېيىن، خوتۇندىن بىرنى ئۆيگە ئە-
كىرىۋالسىمۇ ئورۇنلۇقتە، — دېدى ئۇ.

بۇ نەشتەردەك گەپلەر چىمەنگە
ئازلىق قىلغاندەك، ئۇنىڭ چېقىشتۇرغىنى-
نى ئاڭلىغان ساۋۇت كەچتە ئۇنى راسا
دۇمبالىدى-دە:

— بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ تالاق
قىلدىم، — دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى.

ئەمدى چىمەن ئۈچۈنمۇ بۇ ئۆيدە
ئورۇن قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئامالسىز سا-
ۋۇتتىن خېتىنى ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا
ئۇ ساۋۇتنىڭ مەكىنسانىڭ ھېلىقى سىڭ-
لىسىنى ئەمرىگە ئالغانلىقىنى ئاڭلىدى.

چىمەن ئايخاننىڭ ئۆيىدىن يېنىپ
كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلى بۆلەكچىلا ئا-
رام تاپتى؛ ئۆزىنىڭ شۇ ئائىلىدە تارت-
قان دەرد-ئەلەمنى ئەسلىگىنىدە، نېمىشقا
بالدۇرراق خېتىنى ئالمىغىنىغا پۇشايمان
قىلاتتى. گەرچە بەش يىل ئۆي تۇتۇپ
بىرەر بالا يۈزى كۆرمىگىنىنى ئۆيلىغى-
نىدا يۈرىكى چىدىغۇسىز ئاغرىسىمۇ، لې-
كىن ئۆز ئۆيىدىكى ئەركىن-ئازادە غەۋ-
غاسىز تۇرمۇش ئۇنىڭ زېدە بولغان يۈ-
رىكىگە شىپالىق بېرەتتى.

ئۇزۇنغا بارماي، چىمەننىڭ تىمتاس
تۇرمۇشى يەنە بۇزۇلدى. بىر كۈنى چى-
مەن ئىشىك ئالدىدىكى قوناقلىقتا ئوت
ئالغىلى كىرىپ، ئۆزىدىن ئانچە يىراق
بولمىغان ئېتىزدا ئوت ئېلىۋاتقان غوپۇر-
نى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق
قىلىپ قوناقلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، غوپۇر
بار ئېتىزغا كىلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا
قالدى. لېكىن چىمەن كەلگەندە غوپۇر
كۆزدىن غايىپ بولغانىدى.

چىمەن تەمترىگەن پېتى ئۇياق-
بۇياققا قاراپ ئارقىغا ئۆرۈلۈشى بىلەن
تەڭ، غوپۇر ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— ۋارقىرىما چىمەن، بۇ، مەن — دېدى
ئۇ ھاسىرىغان ھالدا پىچىرلاپ.

— مېنى قويۇۋەت! — دېدى چىمەن
ھودۇقۇپ.

— نېمىشقا قويۇۋەتكۈدەكمەن؟ خەق
بىلەن بەش يىل بىللە تۇرۇشقا رازى
بولدۇڭغۇ، مەن بىر قېتىم قۇچاقلاپ قوي-
سام يامان كېتەمدىكەن؟ ماڭا تېگەمسەن،
چىمەن؟ — ئۇ چىمەننىڭ مەڭزىگە، كۆز-
لىرىگە، لېۋىگە سۆيەتتى.

چىمەننىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ
يېنىشقا باشلىدى. غوپۇرنىڭ ۋولقاندەك
ئورغۇپ چىققان ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭ
پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كېتىۋاتقاندەك
قىلاتتى. «خۇدايىم، گۇناھىمنى كەچۈر،

ساۋۇت بىلەن بەش يىل ئۆي تۇتۇپ
بۇنداق تۇيغۇنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم-
غۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئار-
تۇقچە قارشىلىق قىلمىدى...

شۇ ئىشتىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ئۇ-
لار توي قىلىشتى. بىر كۈنى چىمەن ئىش
قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ھو بولۇپ كەتتى.
دەسلەپ ئۇ، بۇنى، يېگەن تامىقىم كۆڭ-
لۈمگە تەگكەن بولسا كېرەك، دەپ ئى-
رەڭشىمىدى، لېكىن ئەتىسى-ئۆگۈنىمۇ بۇ
ھالەت يەنە تەكرارلىنىپ، غىزا سىڭمەس
بولۇپ قالدى. چىمەن ئۆزىدىكى ئىلگىرى
زادىلا بولمىغان غەلىتە ھالەتنى ھېس
قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، بۇنى غۇپۇرغا دې-
دى. غۇپۇر ئۇنىڭ تومپىيىپ چىققان
قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— چىمەن! خۇدايىم نالەڭنى ئاڭلاپ-
تۇ، بىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

چىمەن ئۇيالغىنىدىن نېمە قىلىش-
نى بىلەلمەي قالدى.

— ئەخمەق، ھەي ئەخمەق، ئۆزۈڭ-
نىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغىنىڭنى بىل-
مىدىڭمۇ؟

— نېمە؟ نېمە؟ مەن تۇغماس تۇر-
سام؟! ... — دېدى چىمەن قۇلىقىغا ئىشەن-
مەي. ئۇ قانداقمۇ ئىشەنسۇن، تۇرمۇش
ئۇنى ئاز ئالدىغانمۇ؟!

— كىم سېنى تۇغماس دېسە، تىلى
قۇرۇسۇن، — دېدى غۇپۇر خۇشاللىق بىلەن

ۋە چىمەننى باغرىغا باستى.

چىمەن غۇپۇرنىڭ قوينىدا يۇۋاش
مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى. بىر پەس-
تىن كېيىن ئۇ شۇنداق يىغلىدىكى، شۇ
تاپتا نەچچە يىلدىن بۇيان دىلىنى ئۆر-
تەپ كەلگەن دەرد-ئەلەملىرىنى مۇشۇ
كۆز ياشلىرى ئارقىلىق دىلىدىن ساقىت
قىلماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، چىمەننىڭ ئېغىر
ئاياغ بولغىنى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرگە
پۇر كەتتى.

مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈنلەردە چى-
مەننىڭ خىيالىدا ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ
ھالىتىنى بۇرۇنقى قېيىن ئانىسى ئايخان-
غا بىر كۆرسىتىش ئويى بار ئىدى. شۇڭا
غۇپۇر سىرتقا چىقىپ كەتكەن بىر كۈنى
ئۇ راسا چىرايلىق كىيىندى. قورسىقىنى
تېخىمۇ چىقىرىپ، ئانا بولۇش ئىپتىخار-
دىن ھېس قىلغان بەخت تۇيغۇسىنى يو-
شۇرمىغان ھالدا ئاياغ مەھەللىدىن يۇقى-
رى مەھەللىگىچە خۇددى كىشىلەرگە قا-
راڭلار، مەن تۇغماسمىكەنمەن، دېگەندەك
قىلىپ، ئىغاڭلاپ ئالدىرىماي ماڭدى. ئۇ
ئايخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە،
ھويلا ئىچىدە ئايخانىنىڭ يېڭى كېلىنىنى
«تۇغماس!» دەپ تىللىغان ئاۋازىنى ۋە
كېلىنىنىڭ زارلىغان يىغا ئاۋازىنى ئاڭ-
لاپ، قانائەتلەنگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى.

ئەركىن روزى

# كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا

## مېنى سۆيسەڭ يۇرتۇمنىمۇ سۆي

بولدى مېنىڭ شادلىقىم دەريا
پاك سۆيگۈڭگە ئىشەندىم تولۇق.
بوغدا بىزنى قويدى ئۇزىتىپ،
تۇتتى شەربەت سۆيىنى يوللۇق.

كەلدىڭ ئاخىر ئەزىز يۇرتۇمغا،
كېزىپ سىرلىق تەكلىماكاننى.
تەبەسسۇمىڭ يوقالدى بىراق،
قورقۇنچتا كۆرۈپ ھەريانىنى.

تەئەججۈپتە تىترەر لەۋلىرىڭ،
كۆزلىرىڭدە كۆردۈم غەم ـ قايغۇ.
كۈلگىن، بېشىڭ چۈشمىسۇن تۆۋەن،
بۇمۇ ھايات گۈللىگەن جايغۇ؟

مېنى سۆيدۈڭ، ئىشەندىڭ ماڭا،
مەنمۇ ساڭا كۆيگەن بىر ئوغۇل.
كۆڭلۈم سەندە بولار مەڭگۈگە،
مەيلى ئۆزۈڭ قەيەردە تۇغۇل.

مېنى سۆيدۈڭ، يۇرتۇمنىمۇ سۆي،
بولسىمۇ ئۇ يىراقتا ـ چەتتە.
گۈللىتەيلى بىللە ئۇنى بىز،
قالدۇرمايدۇ بىزنى ھەسرەتتە.



ئەركىن روزى 1965 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مالىيە تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرگەن، مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 1985 - يىلى شىنجاڭ داشۆگە ئوقۇشقا كەلگەن، ھازىر داشۆنىڭ قانۇن پاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

ئەركىن روزى 1982 - يىلى كورلىدا چىقىدىغان «بوستان» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «بەخت» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىمىزگە كىرگەنىدى. ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ۋە ئون نەچچە پارچە نەسرىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن ئىزدىنىپ، يېڭى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

تەھرىردىن

## ئاق قار بىلەن ئاقارغان دالا

ئاق قار بىلەن ئاقارغان دالا،
ئاق قار بىلەن يورىغان كېچە.
بۈگۈن بولار تۈنجى ئۇچرىشىش،
مەن كۈتۈمەن جانان كەلگۈچە.

ئاق قار بىلەن يورىغان كېچە،
يار كۆڭلىگە ئاقلىق تىلەيمەن.
گەر بۇ كېچە قالسامىۇ تەنها،
ئاھ ئۇرمايمەن، غەممۇ يېمەيمەن.

كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا،
شۇنچە جىمجىت، كەڭرى بۇ دۇنيا،
مەن كۈتىمەن ۋىسالنى شۇندا،
پاكلىقىمغا ئاپئاق قار گۇۋاھ.

## مەن بارارمەن يىراق - يىراققا

مەن يۈرەرمەن غايەمنى قوغلاپ،
يولۇم ئۇزۇن، كۆپتۇر چىغىرلار.
بەرمەس ماڭا تىنچلىق، ئاراملىق
ھاياتلىققا كۆمۈلگەن سىرلار.

مەن يۈرەرمەن غايەمنى قوغلاپ،
يۈكسەكلىكتە ھېسلىرىم ئۈزەر.
دادام يۈرەر دەككە - دۈككىدە،
مېنى ئىزدەپ ھارغان شۇ قەدەر.

يۈرمە، دادا، ئىزىمنى بويلاپ،
مەن بارارمەن يىراق - يىراققا.
كۈتكىن مېنى ئۈمىدتە، قاراپ
يىراقلاردا يانغان چىراغقا.

## خىجالەت دوقمۇشىدا ئويلىغانلىرىم

يەر قاتتىق، ئاسمان ئېگىز، ئامالسىز مەن،
خىجالەت دوقمۇشىدا تۇرۇپ قالدىم.
كۆز يېشىم تۆكۈلگەندە پۇشايماندىن،
قىينىلىپ ئاران - ئاران نەپەس ئالدىم.

كىشىلەر: «سەنئەت خۇمار مىللەت» دېسە،
مەس بولۇپ كېچە - كۈندۈز ئويناپتىمەن.
«شۇ مىللە... ئەۋلادى مەن، شوخلۇقۇم بار،
نامىم ھېچ ئۆچمەيدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن.

سەۋرىدىن ھالۋا پىشار بىر كۈن، دېسە،
شۈكرى دەپ ئۇنى كۈتۈپ ئۇخلاپتىمەن.
باشقىلار قاناتلىنىپ كېتىپ قاپتۇ،
مەن تېخى پىيادىمەن، ئۇقماپتىمەن.

كۆز يېشىم تۆكۈلىدۇ تارام - تارام،
مەنمۇ شۇ مەنزىللەرگە يېتەرمەنمۇ؟
ۋە-ياكى تۈنۈگۈنكى مىراسلارنى
قۇچاقلاپ ئۇنسىز يىقاپ كېتەرمەنمۇ؟

خىجالەت دوقمۇشىدا تۇرۇپ قالدىم،
مەن شۇنى ئويلىغاندا چېكىپ ھەسرەت..
ئۆرلەتتى غەزىپىمنى قەۋەت - قەۋەت
قانائەت، بىلىمسىزلىك ۋە جاھالەت.

ياسىن مەخسۇت

# كۆكلەم ناخشىلىرى

## كەلدى كۆكلەم ۋول قىسىپ

جىلۋە بىلەن كەلدى كۆكلەم مەزگىلى،
بۇ هاياتقا يېڭى مەزمۇن بەرگىلى.
ئويغىنىشتى ئۇيقۇسىدىن كائىنات،
شىرىن پەسىل لەززىتىنى سەزگىلى.

كۆچەت تىكەر هەممە ۋەتەن - ئەلگە، دەپ،
قالسۇن مۇشۇ هاياتتىن بىر بەلگە، دەپ.

باغدا مېهنەت قىلار باغۋەن تىنىمسىز،
كۈيچى بۇلبۇل كېلىپ قونسۇن گۈلگە،دەپ.

كەلدى كۆكلەم گۈللەر قىسىپ، گۈل خىللاپ،
دېدى ئەلگە: مېهنەت قىل، دەپ يې-
نىشلاپ.
ئېلىپ ئىلهام پۈتتۈم مەنمۇ نەزمىلەر،
شۇ كۆكلەمنىڭ خىسلىتىگە بېغىشلاپ.

## ئارمان

ئارمان بىلەن يول ئاچىدۇ ئادەملەر
قاقاسلىقتىن سازلىقلاردىن، تاغلاردىن.
لەززەت ئېلىپ كەلمەكتىمىز هاياتقا
ئەجداد بىنا قىلغان يولدىن - باغلاردىن.

بۈگۈن مانا كۆچەت تىكەر بوۋايلار
پەرۋا قىلماي بەل مۈكچىيىپ كەتكەنگە.
شادلىقى كۆپ هاياتىدىن مەڭگۈلۈك —
ئىز قالدۇرۇپ ئارمىنىغا يەتكەنگە.

كۆچەت تىكەر مومايلارمۇ كەلگۈسى —
نەۋرىلىرىم سايىدىسۇن، كۈلسۇن، دەپ،
سەگۈنچەكتە ياتقان سەبىي بوۋاقلار
راهەتلەنسۇن، خۇشاللىقتا تولسۇن دەپ.

كۆچەت تىكەر قىران بولغان يىگىتلەر،
سۇ باشلىشار چۆنەكلەرگە قىزلىرى.

ئۇلۇغ ئارمان يالقۇنجايدۇ قەلبىدە،
قالمىسۇن دەپ ئەلگە چۆلنىڭ ئىزلىرى.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك گۆدەكلەر،
ۋۇجۇدىدا ئېسىل ئارمان - تىلەكلەر.
كۆچەت تىكەر بېرىپ مېهرى - ئىشقىنى،
بۇ ۋەتەنگە تەلپۈنگەن چوغ يۈرەكلەر.

شۇنداق ئارزۇ - ئارمان بىلەن هەر كىشى
ئۇزىتىدۇ گۈزەل كۆكلەم پەسلىنى.
بېغىشلايدۇ هەر كۆچەتكە هەر يۈرەك
قىش - ياز دېمەي بارلىقىنى، ۋەسلىنى.

يىللار ئۆتۈپ، شۇ كۆچەتلەر بوي تارتىپ،
ئايلىنىدۇ بۈك - باراقسان ئورمانغا.
شادلانمىسۇن قايسى يۈرەك، قايسى دىل،
يەتكىنىدە يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانغا.

## كەلدى نورۇز

نورۇز كەلدى، چېچەپ ئەنبەر گۈل كەلدى،
مەلھەم بولۇپ ھەر بىر چاڭقاق دىللارغا.
قۇچاق ئېچىپ ئەجەب راۋان يول كەلدى،
گۈزەل ئىقبال ئايان بولغان يىللارغا.

چاچ تەڭگىلەر ئاستى قىزلار چىرايلىق،
ئاي خىجىللىق ھېس قىلىدۇ ئالدىدا.
ئەندىز ئالاي دېگەندەك بۇ ھۆرلەردىن،
مارىشىدۇ چولپان يۇلتۇز دالدىدا.

شايى بەلباغ باغلىۋالغان يىگىتمۇ
شۇ قىزلارنىڭ قەلبىگە ئوت ياقاي، دەپ.
بوۋاي بىلەن موماي لارمۇ ياسانغان،
خۇشال بايرام قاينىمىدا ئاقاي، دەپ.

كەلدى نورۇز، دەپ ناخشىلار تۆۋلايدۇ
شادلىق بىلەن سوققان ھەر بىر يۈرەكلەر.
شۇ ناخشىدا جاكالىنار ئالەمگە
ھۆر زاماندا ئىشقا ئاشقان تىلەكلەر.

قىزىپ كەتكەن ئەنە مەشرەپ، ئەنە توي،
بەس - بەس بىلەن چۈشكەن ھەممە ئۇسسۇلغا.
نورۇز بىلەن باشلىنىدۇ يېڭى جەڭ
يېڭى غەلىبە، يېڭىچە مول ھوسۇلغا.

كەلدى نورۇز، كەلدى كۆكلەم ئېسىل چاغ،
ئېچىپ ھوزۇر كۈلدى غۇنچە، كۈلدى باغ.
ئاقتى ئەگىز ئېرىقلاردا ئويناقلاپ،
ئالدىرايدۇ سۇ بېرەي دەپ قارلىق تاغ.

قارغۇجىلار سايرىشىدۇ قىرلاردا،
ئۆز تىلىدا ئىشقا چىللاپ دېھقاننى.
شادلىقىدىن چۇرۇقلىشىپ، كۈلۈشۈپ،
قۇتلۇقلايدۇ نورۇز ئاتلىق مېھماننى.

كەلدى نورۇز، كەلدى بەخت بايرىمى،
يايرىدى دىل چەكسىز شادلىق ئىلكىدە،
كۈلدى كۆككۈل، كۈلدى بارچە كائىنات،
ئالەمچە زور مەنا بار شۇ كۈلكىدە.

كەلدى نورۇز، ئويناپلى بىز ئۇسسۇلنى،
ئايلانسۇن مۇ مەڭگۈلۈك بىر ئادەتكە.
كەلدى نورۇز، كۈلەيلى بىز، كۈلكىمىز
ئۆزۈلمىسۇن بۇ ۋەتەندە ئەبەتكە.

ئاۋۇت مۇھەممىدى

# يۈرەك ناخشىلىرى

## چېچەك مەرسىيەسى

چېچەككە ئامراق ئىدىم كىچىكىمدە،
سەبىي دىل ماڭا شۇنداق ئىشق بەرگەن.
تۇتامىلاپ ئۈزۈۋېلىپ چېچەكلەرنى،
«باغ» ياساپ توپىلاڭغا چېچەك تەرگەن.
بۇ مېنىڭ تەنتەكلىكىم - بالىلىقىم،
ئۈزۈلگەن چېچەكلەردىم كەچۈر مېنى.
باش قويۇپ كەلدىم شۇڭا ھەر باھاردا،
قەلبىمنىڭ قۇببىسىغا تىزىپ سېنى.

كۆرگەننى تالاشقاق بىر بالا ئىدىم،
سەزمەستىن ئاچچىقىنىمۇ، تاتلىقىنىمۇ.
ئۆزىنى تۇتالمىسا سەۋرى بىلەن
يوقىتار ئىكەن ئادەم پاكلىقىنىمۇ.

چېچەكلەر كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنگەندە،
ئۈزدۈم شۇ ھەۋەسلەرگە بەرمەي چىداش.
ئىشقىمدىن تۇغۇلدى بۇ تىراگېدىيە،
قارىسام ياپراقلارنىڭ كۆزىدە ياش...

شۇ ئۈچۈن قەلبىم تىترەر ياپراق كەبىي،
باللىق چاغلىرىمنىڭ ئىزناسى بۇ.

تۆكۈلدى شەبنەم كەبىي قايغۇ يېشىم،
ئۈزۈلگەن چېچەكلەرنىڭ قىساسى بۇ.

تۈنلىرى باقسام يورۇق يۇلتۇزلارغا،
كۆرىمەن چېچەكلەرنىڭ جۇلاسىنى.
قىشلىقى ياغسا ئاپئاق ماموق قارلار
قىلىمەن چېچەكلەرنىڭ خۇمارىنى.

چېچەكلەر،
ئىشقىڭدا مەن باغۋەن بولۇپ،
تۈنلەرگە ئۇلاپ كەلدىم كۈندۈزلەرنى.
تەر تۆكۈپ پەرۋىش قىلىپ ئۆمرۈم بويى،
كۆچۈرەي يەر يۈزىگە يۇلتۇزلارنى...

## تۇرمۇشقا

تۇرمۇش، ئېقىن دەريا سەن،
دولقۇنلىرىڭ شاۋقۇنلۇق.
مۈشكۈلاتىڭ شۇنچە كۆپ،
ئەمما ئۆزۈڭ يالقۇنلۇق.

دولقۇنىڭدا ئاقىمەن،
يالقۇنىڭدا يانىمەن.
مەيلى كۈلدۈر ۋە يىغلات،
ساڭا سادىق بالىمەن.

قىيان بولۇپ يۇت مېنى،
بوران بولۇپ سورۇپ باق؛
تاشلا دوزاخ ئوتىغا،
تەۋرەمدىمەن، كۆرۈپ باق.

مۈشكۈللىرىڭ ھەر قاچان،
ئىرادەمنى تاۋلايدۇ.
يۈكسەك ئىقبال يوللىرى
مەرد ئوغلاننى تاللايدۇ.

ئۈمىد يۈكۈپ قەلبىمگە
ئىقبال سىرى ئۆرلەيمەن.
مەۋجۇتلۇقىم شۇ ئۈمىد،
ئۈمىد بىلەن ئۆلمەيمەن!

## تونۇشۇپ كەتمىدۇق ئۆزىمىز، ئەمما...

تونۇشۇپ كەتمىدۇق ئۆزىمىز، ئەمما
ئۇچراشساق چاقماقلار چاقار كۆزىمىز.
ياندىشىپ ئۆتىمىز تار يولدا بەزەن،
سالامدىن سۆڭرە يوق بىرەر سۆزىمىز.

تونۇشۇپ كەتمىدۇق ئۆزىمىز، ئەمما
كۆڭۈللەر تۆرىدە سۈرەتلىرىمىز.
تاقەتسىز كۈتىمىز ۋىسال پەيتىنى،
ھىجراندا ئۆرتىنىپ يۈرەكلىرىمىز.

تونۇشۇپ كەتمىدۇق ئۆزىمىز، ئەمما
ئۇچراشساق نېچۈندۇر تىللىرىمىز لال؟
قەدەملەر رىتىمى بۇزۇلىدۇ ھەم،
يۈرەكلەر تىترەيدۇ، ئۆزگىچە بىر ھال.

تونۇشۇپ كەتمىدۇق ئۆزىمىز، ئەمما
روي بېرەر بىزلەردە نېچۈن شۇ ھالەت؟
بەزىدە ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن:
ئالدامدۇ يا مېنى تۇيغۇلىرىم، دەپ.

هامىد مەھمۇدى

## بەخت قەسىدىسى

ئەقلى بار ھەربىر كىشى ئۆز بەختىنىڭ ئۇستازىدۇر،
ئەقلىنى ئىشلەتمىسە توغرا يولىدىن ئازىدۇر...

سوقمىسا گەرچە يۈرەك بىر چىن ئۇلۇغۋار ھېس بىلەن،
ئۇشبۇ ئىنسان گەۋدىسى گويا قۇرۇق بىر جازىدۇر.

ھەر كىشىنىڭ يۈرىكى بولغاي پەقەت مۇشتۇمچىلىك،
ئۇ لېكىن تاغدىنمۇ چوڭ ئىشلار ئۈچۈن ئەندازىدۇر.

«ئۈجمە پىش - ئاغزىمغا چۈش...» دەپ ياتمىسا ھەركىم ئەگەر،
ئەڭ ئەقەللىسى كىمياھلارمۇ ئۇنىڭدىن رازىدۇر.

بەزىلەر خەلق قان - تەرىدىن سۇ ئىچىشنى ئىزدىنەر،
بۇ تىرىكتاپلىق پەقەت چىل بۆرىنىڭ ئەلپازىدۇر.

بەزىلەر راھەت - پاراغەتلەرنى «تەلەي» دەپ تونۇپ،
دەيدىكەن تارتقان ئازابنى: «شۇم پەلەكنىڭ كاژىدۇر...»

بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبكارى بولۇر ھەركىم ئۆزى،
چۈنكى، ئۇنىڭ قىلمىشى ئۆلچەش ئۈچۈن تارازىدۇر.

بەزىلەر ئالدايدۇ ئەلنى ئەكسى سۆزلەرنى ياساپ،
بۇ ياسالما سۆز پەقەت كىرىمچىنىڭ پەردازىدۇر...

بەزىلەرنىڭ سۆزلىرى پاھ، ئاڭلىماققا بىر ھەسەل...
تەمىنى كۆرسەڭ تېتىپ گوياكى ئاغۇ - لازىدۇر.

«قار بىلەن كۆمگەن ئۆلۈكنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس!»
ياپسىمۇ تاۋۇتقا مەخمەل بەربىر جىنازىدۇر...

«ئۆزنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماس ھېچقاچان»
چۈنكى ئۇ ئۆز بەختىگە ئەدلى - ئادالەت قازىدۇر.

بەزىلەر ھەرخىل خۇراپىي ئېتىقادتا چىڭ تۇرار،
بەس، ئۇلار قەلبى قۇلۇپلاقلىق قارا دەرۋازىدۇر.

بەزىلەر سەئى - سەۋەبسىز قوغلىغاي ئۆز بەختىنى،
ئۇ، خىيال كەپتەرلىرىنىڭ چۈشتىكى پەرۋازىدۇر...

بولسىمۇ تاڭ ئالدى ھەتتا قانچە جىمجىتلىق ئەگەر،
سۈبھىدىن بىر بەلگە بەرگەن تاڭ سەھەر خورازىدۇر...

ئويغىتايلى بارچە غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقانلىنى،
بۇ چېلىنغان بەلكى سىگنال ھۆركىرەشنىڭ سازىدۇر...

بىزدىكى بارلىق خۇراپات، كونىلىقنى تۈگىتىش،
بارچە ئەھلى ئىلمىي ھەم دەۋرانىمىز ئاۋازىدۇر.

بۇ تەلەپ ئىجرا قىلىنسا خەلقىمىز شادۇ - خۇرام،
قىش زىمىستان ئىچرە ھەم كۆڭلى باھارنىڭ يازىدۇر...

نىياز ئىمىن قۇربانى

## مىڭ ئۆي

(ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

بىرىپ تەشنا يۈرەككە زوق، كۆڭۈلنى يايرىتار مىڭ ئۆي،
جۇلالاپ خان سارايىدەك كۆزۈڭنى ئوينىتار مىڭ ئۆي،
مۇقەددەمدۇر سېنىڭ بوينۇڭدىكى زۇننار - تۇمار مىڭ ئۆي،
ئەزىر يۇرتۇمغا شان - شۆھرەت، مۇقەددەس يادىكار مىڭ ئۆي،
مۇزات باغرىدا ئەڭگۈشتەر كەبىي نۇرلۇق دىيار مىڭ ئۆي.

ۋىسال ئىشقىدا مەجنۇندەك جۇنۇنلۇقتا بولۇپ سىرداش،
گويا كى تۇندە ئاي بىرلە بولۇپ ھەم بەزمىدە مۇڭداش،

كۆرۈنگەندەك سىياقىدىن ئاشۇ ئاشىققا تەقدىرداش،
گويا شىرىننى ئاختۇرغان مۇھەببەتلىك يىگىت ئوخشاش،
جىمى ئىقلىم جامالىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىزار، مىلك ئۆي.

بېقىپ ئوتلۇق كۆزى بىرلە ئاشۇ دىلدار جامالىغا،
قېنىمىشقا شۇنچە، شەيدا بوپ سۆيۈپ مەڭزىگە - خالىغا،
بېرىپ خاتىمە مەڭگۈلۈك جۇدالىق ئېھتىمالىغا،
قاراپ تاملاردىكى نازۇك پەرىشتەنىڭ ۋىسالىغا،
يۈرۈپ بىر سەيىر ئەتمەكنى قىلۇر دىل ئىختىيار، مىلك ئۆي.

مۇزادىنىڭ باغلىرى جەننەت، پۇرايدۇ مۇشكىيۇ - ئەنبەر،
سۈيى تەنگە شىپا - شەربەت، ئۇنىڭ تەمى گويا كەۋسەر،
قەدىمدىنلا سېخىلىقىنىڭ قولى سەندە ئېچىلغان يەر،
دىۋارىڭ غىمچىدە تاشلىق، قىيا باقسا ئېچىلىك گۆھەر،
بوۋاملار ئەجرىگە شاھىد لەتاپەت - جىلۋىكار، مىلك ئۆي.

سېنىڭ چېھرىڭ - سىياقىڭدىن تاپار نەققاشلىرىڭ دەرمان،
سېنىڭدىن تارقىغان نۇرلار بىلەن چاقناپ يانار ئاسمان،
ۋىسالىڭغا يېتەلمەي ھېچ تالاي ئىنسان يۈرەر سەرسان،
تېگى يوق ئۇندا سەنئەتنىڭ، ئويۇقلاردا گۈزەل جانان،
تىرىكتۇر ھۆرى - غىلمانلار، لېۋىدىن مەي تامار، مىلك ئۆي.

ئەنە جەڭدە باھادىرلار ئۆتتۈشمەكتە چېلىپ مەرغۇل،
نە مەرغۇل ھۆر كېلەچەككە سېلىپ مەھكەم - مۇكەممەل ھۇل،
ئۇلارنىڭ ئەجرىگە خەلقىم ئوقۇپ تەھسىن، ئېتىپ مەقبۇل،
قولىدا گۈرزى، ئويناقلاپ چاپارغا ئاستىدا دۇلدۇل،
ۋەتەن سۆيگەن جەسۇرلەرنىڭ كۆزىدە ئىپتىخار، مىلك ئۆي.

ئاقار تارىم سۈيى ئويناق باباۋاننىڭ شىپاھى بوپ،
چېقىپ توسقۇنلىنى گويا خەلقىنىڭ زور قىيانى بوپ،
تومۇزدا چاڭقىغان تەشنا يۈرەكلەرنىڭ ئارامى بوپ،
جاپا بىرلە ھالاۋەتنىڭ تىنىم تاپماس گۇۋاھى بوپ،
يېنىڭدا ئول ئەزىم دەريا جاۋاھىر چاچرىتار، مىلك ئۆي.

سېنىڭدىن يەتتە ئىقلىمغا تارالغان بىر بۈيۈك شۆھرەت،
شۇڭا قايىل بولۇپ ھەممە قىلۇر دىلدىن سېنى ئىززەت،

بەخش ئەتتىڭ نەسىللەرگە ھېسابسىز پەم - ئەقىل، قۇدرەت،
تۆمۈر تەنلىك، كۆمۈش ياپراق دەرەختە زەركەبىي نېمەت،
بېزەلگەن گۈل ئارا ھۆسنى، بىنادۇر ئۈزۈمىزار، مىنىڭ ئۆيي.

بىنا بولدۇڭ باھادىرلار داۋان ئاشقان قىيالاردىن،
تۆمەن توسقۇننى گۈمران قىپ ئۈرۈپ چاققان قىيالاردىن،
كۆرەشتە - جەڭدە مەردانە كۆلۈپ باققان قىيالاردىن،
قىزىلغانسەن ئۇلۇغ ئەجداد تەرى ئاققان قىيالاردىن،
قىيالار خۇددى جەننەتتەك مىسالى گۈلئۈزار، مىنىڭ ئۆيي.

ئەجەب بىر چاغ سېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى زىمىستان قىش،
جاھان ھەيرانۇ - ھەس قالدى ساڭا كەلگەندە غەم - تەشۋىش،
تۆمەن خىل ھىيلە - نەيرەڭگە چىدالماستىن كىرىشتى چىش،
ۋە لېكىن بىر زامان مەلئۇن يۈزۈڭگە قول سېلىپ مۇدھىش،
تېنىڭنى ئەيلىدى پارە، قەپەزدە خاكسار، مىنىڭ ئۆيي.

بېرىپ خاتىمە ئەڭ ئاخىر ئاشۇ مۇدھىش ئېغىر كۈنگە،
جاسارەت بىرلە ئوت ياقتىڭ بۇرۇختۇملۇق قارا تۈنگە،
ۋەتەن، خەلقىڭگە كۆرسەتتىڭ يېڭىباشتىن يەنە ئۈلگە،
بۈگۈن شادسەن، خارابلىقتىن قۇتۇلدۇڭ تاكى مەڭگۈگە،
تىيانشان تاجىدۇرسەنكى، ھاياتىڭ نەۋ باھار، مىنىڭ ئۆيي.

جاھانغا نامە - ئەھۋالىڭ تارالغاچقا بولۇپ مەشھۇر،
كۆزۈمگە تۇتىيا قىلدىم، ئېلىپ ئېلھامغا سەندىن قۇر،
سېنىڭ بىلەن پەخىرلىنەر بۇ سەنئەت بابىدا ئۇيغۇر،
سېنى كۆردۈم، دىلىمغا ئورنىدى ئوتلاپ ئەسىردىن نۇر،
تېخىچە كۆرمىگەنلەرنىڭ نىگارى زۇلخۇمار، مىنىڭ ئۆيي.

ئادىل تۇنىياز

## كۆمۈش ئاققۇ قاقار يۇمشاق پەر

### بىر قۇش ئۇچۇپ باردۇ تەنھا

كۆز ئالدىمدىن يىراقلاپ ئاستا،
بىر قۇش ئۇچۇپ باردۇ تەنھا.
يوللىرىنى توسسىمۇ بۇلۇت،
مۇشكۇلچىلىك سەزمەيدۇ ئەسلا.

ئۇ ئۇچىدۇ يېيىلىپ گۈگۈم
قىزغۇچ نۇرغا چۆمگەن كۆك تامان.
زۇلمەت پەردە توسسىمۇ گەرچە،
بوشاشماستىن بارار ئۇ ھامان.

شىلدىرلايدۇ ئاستىدا ئۇنىڭ
باغلار تۆكۈپ ساپ - سېرىق غازاڭ.
بىراق قەيسەر ئۇچۇشىدا ئۇ
ئەتىسىدىن كۆرەر باھار تاڭ.

بىر قۇش ئۇچۇپ بارىدۇ تەنها،
قانات قېقىپ توختىماي ھامان.
سوغۇق ھۇۋلاپ تۇرسىمۇ ئەمما،
ئىنتىلەر ئۇ يېشىللىق تامان.

## دەريا بويىدا

شەپەق ئەكسى دەريادا تال - تال،
كەچكى قۇياش بارماقتا چۆكۈپ.
دولقۇن سۆيۈپ ئۆتىدۇ شامال،
كېلەر گۇگۇم خىرە نۇر تۆكۈپ.

كۆك يۈزىگە يېيىلغان يوپۇق،
زەپ قاراڭغۇ كۆرۈنەر ئۇرمان.

تاڭدىكىدەك چاقنىماس ئۇپۇق،
ئەتراپقا سۈس يېيىلغان تۇمان.

ئاڭلىنىدۇ لەرزان ۋە مەسخۇش
يىراقلاردا شوخ گارمۇن كۈيى.
كۆلەڭگىلەر ئۇزايدۇ قوش - قوش،
ئاقار ئاستا دەريانىڭ سۈيى.

## تۇيغۇلىرىم چىقتى بىخ سۈرۈپ

يۈرىكىمنىڭ ياپراقلىرىغا
شەبنەم بولۇپ قوندى ئاق لالە.
گۈلرەڭ شاراب سۇنغاندا بۇلۇت،
بولدى زېمىن زۇمرەت پىيالە.

گۈل بەرگىدە ئېرىگەن ياقۇت،
نەم تۇپراققا كەتتى سىڭىشىپ.

يەر بېتىدىن تېرىشكە مارجان،
مەجنۇنتاللار قالدى ئېگىشىپ.

شىلدىرلىغان ناخشا كۈيلىرى
يەر لېۋىگە سۆيدى شۇۋىرلاپ.
تۇيغۇلىرىم قەلبىم ئۆيىدىن
يۇمران بىختەك چىقتى شىپىرلاپ.

## تاڭ شامىلى ئۆتكەندە ئۇچۇپ

تاڭ شامىلى ئۆتكەندە ئۇچۇپ،
مارىلايدۇ رۇجەكلەردىن كۈن.
يارقىن شولا چاچىدۇ قۇياش،
قاياققىدۇ مۆكۈۋالار تۈن.

گۈل مەگزىدە يالتىراپ شەبنەم،
ياپراقلاردا جۇلالايدۇ زەر.
ئۇپۇق بويلاپ پۈركۈلەر ئاتەش،
كۆمۈش ئاققۇ قاقار يۇمشاق پەر.

مۇھەممەتجان ئەمەت

# چاچلىرىڭدا يەلپۈنسۇن دۇنيا

## ئەگەردە...

يامان دېمە، بەلكىم بىر ئۆمۈر،
ياخشى دېمە، ساڭا كۆپ رەھمەت.
قەستىمۇ قىلما، تىلىكىم شۇدۇر،
ھەم كەلتۈرمە زەررىچە شەپقەت.

پەقەت ئۈمىد سىياسى بىلەن
يازالسام ياخشى سۆزۈمنى؛
تەرىپلىمەك توغرا كەلسە سەن
ئوقۇپلا قوي شۇنىڭ ئۆزىنى.

## سەن تەنھا

دېرىزەڭنى ئاچتىڭ سەن قىيا،
كۆكۈش پەردە تەۋرەندى ھەريان.
ئۈنسىز چېقىن بولغاندەك گويا،
چاقنار ئاپپاق بوينۇڭدا مارجان.

دېرىزەڭگە يېقىن ئورماندىن
سەلكىن ئۇچۇپ كېلەرسەن تامان.

چىققىن مېنى دېسەڭ قورغاندىن،
قىل ھۆسنىڭنى ئالەمگە ئايان.

كۆزلىرىڭگە قارالمىسۇن كۈن،
چاچلىرىڭدا يەلپۈنسۇن دۇنيا.
يۈزلىرىڭدىن يورۇپ كەتسۇن تۈن،
گۈزەللىكتە بولۇپ قال تەنھا.

## سەن توغرىلىق توقۇدۇم قوشاق

سەن توغرىلىق توقۇدۇم قوشاق،
ھېچكىم توقۇپ كۆرمىگەن بۇنداق.
تونۇشتۇردۇم سېنى خۇداغا،
تۈنۈگۈندىن ئەمەس ھېلىراق
سەن توغرىلىق توقۇدۇم قوشاق.

قورقساڭمۇ رەنجىمە بىراق،
تۈنلەرگىمۇ ياقتى دەپ چىراغ.
چېقىشتۇردۇم سېنى تەڭرىگە،
تۈنۈگۈندىن ئەمەس ھېلىراق
سەن توغرىلىق توقۇدۇم قوشاق.

دېدىم: «يەنە پەيلى بەك چاتاق،»
تەلۋىلەرگە تۈرىدۇ قاپاق.

قاردىمايدۇ قىبلىگە دېدىم،
تونۇشتۇردۇم مانا مۇشۇنداق،
سەن توغرىلىق توقۇدۇم قوشاق.

شەرىئەتنى قىلىدۇ مازاق،
بەرگىنىڭگە شۈكرىسى ئازراق،
ئەركىنلىكىم قېنى، دەر تېخى!
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم ياخشىراق،
قوشاقلىرىم مانا مۇشۇنداق.

مېڭەمدىنمۇ ئازمىدىم، جان ساق،
ياخشىلارنىڭ ئۆمرى قىسقىراق.
ئۆلۈشىڭنى رەت قىلدى خۇدا،
سەن توغرىلىق توقۇدۇم شۇنداق،
ئاڭلىسۇن دەپ يېقىن ۋە يىراق.

مۇھەممەتئىمىن توختى

## مەن خالايمەن

خالىمايمەن سەبىي بالىدەك،
ئاڭسىز، غەمسىز ئويناپ يۈرۈشنى.
خالىمايمەن ئەجىرسىز، بىكار،
تەييارنى يەپ راھەت كۆرۈشنى.
مەن خالايمەن دېڭىز تېگىدىن
غەۋۋاس بولۇپ گۆھەر سۈزۈشنى.

مەن خالايمەن خەلقىم بەختىچۈن،
شۇڭقار بولۇپ كۆكتە ئۇچۇشنى.
خالىمايمەن ئەلنى قاخشىتىپ،
ھارامنى يەپ، ئويناپ - كۈلۈشنى.
مەن ئەمگەكچان ئىنسان نەسلىمەن،
خالىمايمەن ئىزسىز ئۆلۈشنى.

## پارچىلار

بىر ئۆمۈر بولمەن بىلىمگە ھېرىس،
ۋىجدانىم دېيدى: «سەن ئۆگەنگىن، تىرىش!»
بۇنىڭدىن مەقسىتىم ئۆمرۈم بېغىغا،
شېرىن مەي تولدۇرۇپ، ئەلگە نەپ بېرىش.

* *

كەلمىسە زورلۇقتىن مالالىلىق ماڭا،
بىر ئۆمۈر يار بولار ئامانلىق ماڭا.
ياخشىغا ياخشى مەن، يامانغا يامان،
ياخشىدىن كەلگەيمۇ يامانلىق ماڭا.

* *

سەرەڭگە چېقىلماس گەر بولمىسا قاپ،
ئۈستىرا كېسەلمەس گەر بولمىسا كاپ.
ھەقىقەت ھەر ئىشتا قىلىنسا ئۆلچەم،
سۆزلىگەن سۆزىمىز بولۇپ قالماس لاپ.

* *

ئۇزلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق «ئۇز» بار،
چېھرىدىن قار ياغار، قەلبىدە مۇز بار.
بىر ئېغىز سۆزلىسە، بەس، شۇ كىسپايە،
ھەر ئېغىز سۆزىدە ئۇن تاغار تۇز بار.

ئابدۇرېھىم غازى

## داغدا قالغان مىسرالار

### تېپىشماس كۆزلەر

سەن ساماغا قارايسەن،
بەخت كۆزلەپ.
كۆزلىرىڭگە تەلمۈرىمەن،
ۋىسال ئىزلەپ...

### بۇلۇت ئۈستىدىكى چۇش

چاقماقلار ئىشىكىنى چەكسەم،
غەزەبلىنەر،
ئىشىك باقار تەرسا گۈلدۈرمامىسى...
بىراق يەنە،
شادلىقتىن نۇر چاچىدۇ ئۈستۈمگە،
بۇلۇتلارنىڭ ئانىسى...

### ئىسيانكار خىياللار

تەلۋە خىياللىرىم
چاقماقتىن مەشئەل ياساپ،
نامايىش كۆتۈردى ئايدا،
ئىلگىرىلىمەكتە ئالغا،
لېكىن تېخى بەخەۋەر
ئاياغلىرى،
يەر شارىدا لايدا.
خىياللىرىم،
قىنتىئەلەرنى پارتلاتتى
ئويىمان قىلىپ
دېڭىز سۈيىنى باشلىدى،
ئۆز - ئۆزىنى ھەيران قىلىپ.
يەر شارىدا باشقىدىن قىتئە ياساپ،
شاھ بولۇشنى ئويلىغاچ دىلدا.

## بۇيرۇق

ئاينى باشلا
ئۆككۆرلەرگە،
يورۇسۇن ئىچى...
كۆننى ئەپكەل تۆڭلۆكلەرگە،
كۆلگە ئايلانسۇن،
كۆل چىقماس ئۆيلەر!...

## كۆندۆز ۋە كېچە

كۆندۆز كۆنلەيدۇ ئىنسانىنى
كېچىدىن.
كېچە تارتار قويىنىغا
لەززەت ياساپ چۆشىدىن.

## ئورمانغا چاقچاق

زىمىستاندا يامغۇر ياغسا
يۇيۇنامتىڭ؟
چۆشسە ئەگەر تومۇزدا قار
يېپىنامتىڭ؟!

## چۆشەنمىدىم

ئەي زېمىن،
تۇغۇلغاندا كىندىك قېنىم تۆكۆلگەن ساڭا
پۇتلىرىمدىن تارتىسەن يەنە،
نېمە ئانچە خۇشتارسەن ماڭا؟

**تۇرسۇنجان هاشمى**

## چوقۇقالىرىكىسى

ئاه، چوقىلار، كۆمۆش چوقىلار،
ئاقلىقىڭلار قەلبىمگە ئۆرنەك.
شوتا سىلەر ئۆرلەشلىرىمگە،
شۇڭا ھېسسىم سىلەردىن يۆكسەك.

گاهى شەمشات بولۇپ ساھىلدا
چوقىلارنى ئوراپ ياتىمەن.
گاهى بۆركۆت بولۇپ خىرامان
چوقىقا بويلاپ قانات قاقىمەن.

نىگاھلىرىم قاتتى سىلەردە،
يېنىش - يېنىش بېقىنىشلىرىمدا.
پالاق بولدى بۆيۆكلۆكىڭلار
ئىقبالىسىرى ئېقىنىشلىرىمدا.

ھېسلىرىمغا ھېسلار قېتىلىپ،
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغايدۇ ۋىسال.
چوقىلارغا ياماشقانسېرى
شۇنچە يارقىن كۆرۆنەر ئىقبال.

سۆيگۆلىرىم يۇيۇلدى پاكىز
شارقىراتما، زەر بۇلاقلاردا.
گۆزەللىككە كۆمۆلدى ئىزىم
گۆل - چېچەك ۋە چىم قىياقلاردا.

ياشلىق چېغىم — چوقىقا ئارمانى،
جىسمىم كۆچى چوقىغا تەڭداش.
ئىدرىكىمدە چوقىقا مەزمۇنى،
رەڭگى - روھىم چوقىغا رەڭداش.

گاهى خىيال ئۇچۇرار مېنى
كۆكنى سۆيگەن كۆمۆش لەۋلەرگە.
گاهى جىسمىم كېتىدۇ سېڭىپ
قۇياش شولا چاچقان يەرلەرگە.

ئاه، چوقىلار، كۆمۆش چوقىلار،
سىلەرگە تەڭ بولۇش ئىستىكىم.
ئىجادىمىمۇ چىرماش سىلەرگە،
سىلەردىدۇر هايات قىممىتىم.

ياسىنجان ئۆمەر



# ✿ مۇئەللىمە ✿

(پوۋېست) ①

5

قۇمباشتا يامغۇر ياغدى. ئادەتتە بۇ يەرنىڭ ياز ئايلىرى يامغۇرسىز ئۆتەتتى. شورلۇق دالىنى تونۇردەك قىزىتىپ تۇرىدىغان قۇياش بۇ يەردە ئۈچ كۈندىن بۇيان دىدارىنى كۆرسەتمەي قويدى. ئۇپۇقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، قويۇق قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلاپ ئېسىلىپ تۇراتتى؛ شورتاڭلىقلار خېمىردەك مىچىلداپ كەتكەن، كاتاڭ يوللاردا، ئېتىزلىقلاردا بوز كۆۋۈكلۈك پاتقاقلار لۆمشۈپ ئاقاتتى.

يامغۇرنىڭ دەستىدىن بالىلار مەكتەپكە كېلەلمىدى. مەن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئوچۇق قويۇپ، ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغان مەيدانغا، تام باغرىنى كولاپ چۇشۇۋاتقان تامچىلارغا قاراپ يالغۇز ئولتۇرىمەن. شۇ تاپتا بۇ ئادەملەرگە ئۆلگۈدەك ئاچچىقىم كېلىدۇ. «ئەر بولۇشماي ئۆلسۇن، ئىلاھىم» دەيمەن ئىچىمدە. ھەممە گەپ ئاشۇ ھورۇن مۇدىردا. بۇ ھۆل-يېغىن ئوبدان پۇرسەت بولغان ئوخشايدۇ. ئەتىدىن كەچ-كىچە ئوقۇتقۇچىلارنى ئولاشتۇرۇۋېلىپ قارتا ئوينايدۇ. ھېلىراقتا ئۇنىڭغا كىرىپ چىققانىدىم.

— سىنىپىڭنىڭ نو قويۇلغان يېرىدىن يامغۇر موردەك تۆشۈك ئېچىپتۇ، بىر ئامال قىلساڭلارچۇ، قۇناخۇنكا، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— يامغۇر توختىسۇن، نادىرەخانىم، — دېدى ئۇ يەردە يېيىلىپ ياتقان قارتىلاردىن كۆزىنى ئالماي، — شۇ چاغدا بىر گەپ بولار...

— ئاڭغىچە تورۇسمۇ گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغان ئوخشايدۇ...

ئۇ، گېپىمگە پىسەنت قىلمىدى. پەقەت ئوروق مۇرىسىنى قىسىپ، ئالقانلىرىنى

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

يېپىپ قويدى. ئېسىت، ئەر بولۇپ يارىلىپ قالمىغىنىمغا!...

مېنىڭمۇ يەنىلا مۇساخۇنغا كېپىم ئۆتتى. ئۇ بىچارە ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىمدىن چىقتى ۋە پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپ، پاتقاقنى شالاپشىتىپ كەچكىنىچە نەدىنىدۇ بىر قوچاق پاخال تېپىپ كەلدى-دە، ئۆگزىگە ئېلىپ چىقتى. مەن بىر چىلەك لايىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردىم.

تامچە ئۆتۈۋاتقان يالغۇز مېنىڭلا سىنىپىم ئەمەس ئىكەن. مۇساخۇن باشقا ئۆگزىلەرنىمۇ ئوڭلاپ قويماقچى بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، خۇدا بۇ مەكتەپكە مۇساخۇننى يەتكۈزۈپتىكەن. ئۇ بولمىسا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى تام بېسىۋالسىمۇ كارى يوق ئوخشايدۇ. بۇرنىنىڭ تۆشۈكىگە چىۋىن كىرىۋالسىمۇ قورۇپ قويۇشمايدۇ. پايپىسقىغا پىت چۈشكەندە چوڭ-كىچىك دېمەي ھەممىسى مۇساخۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلىدۇ... نېمىسىنى ئېيتاي! لېكىن ۋاقتى كەلگەندە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىشمايدۇ. ئۆتكەن قىشلىق كانىكۇلدىكى يېرىم يىللىق خۇلاسىدە ئۇنىڭ سىنىپىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىپ كېتىشى ناچار، دەپ مۇساخۇننى بۇرنىدىن تەر چىققۇچە تەنقىد قىلىشتى. ئۇنىڭ چېچىدىنمۇ تولا خالىسانە خىزمەتلىرىدىن بىرسىنىمۇ ئەسلەپ قويۇشقىنى يوق. خۇددى مۇساخۇن شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىكتەكلا. تەۋۋا!... مەن شۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ مەنىلىك پىچىرلىشىپ كۈلۈشكەنلىرىگە پەسەنت قىلماي، بىرقانچە ئېغىز لىللا گەپ قىلمىغان بولسام، ئۇنى پاسسىپ قىلىشىدا گەپ يوق ئىدى...

گاھىدا مۇساخۇنغا — شۇ موللا بوزەك يوگۇر-يېتىمچىگە مېنىڭمۇ تازا ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن زىيالى ياش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئادەمغۇ! ئادەمدە ئادەمگە خاس غۇرۇر، ۋىجدان بولۇشى لازىم-دە! كىم نېمە دېسە ماقۇل دەپ، ئالدىغا كەلگەن ئىشنى كالدەك ئىشلەۋەرسە، مەنسىتمەسلىك، مەسخىرە ھەتتا بوزەك قىلىشلارمۇ ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى ئويغاتمىسا... ھازىرقى ئادەملەر ئۇنىڭ يەۋاتقان نېنىنىمۇ ئاغزىدىن يۇلۇۋالىدىغان ئوخشايدۇ.

دۇرۇس، مۇساخۇن تارتىنچاق، ياۋاش يىگىت. ياقىلىرىدىن كىر كەتمەيدىغان يوللۇق تېرىكە چاپىنى، ئۈستىدىن چۈشۈرمەي كىيىپ يۈرىدىغان كۆك خۇادانى شىمى ساتىراشنىڭ كاپىلغۇچىدەك پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن، كۆڭلى كىرسىز پاك يىگىت. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى شەخسىيەتسىز يەكدىللىقىغا مەنمۇ قايىلمەن. لېكىن ئەمدىلا 22 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ بويتاق مۇئەللىم ئۆزىنى بەكمۇ تاشلىۋەتكەنىدى. سوپۇن نورمىلىق بولۇۋاتقان ھازىرقى چاغدىغۇ، كىيىم-كېچىكىنى يۇماپتۇ، دەپ ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىيەلمەيدۇ، لېكىن ئېغىزنىمۇ سوپۇنلاپ يۇمايدىغۇ. ئۇنىڭ ئۇششاق، مۇستەھكەم چىشلىرى دائىم ئوماچنىڭ يۇقۇندىلىرى بىلەن ساپسېرىق تۇرغىنى تۇرغان، ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ مېنىڭ يېنىمدا كۆپ تۇرمايدۇ، ئەگەر چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، سەت ھېجىيىپ، تۇرۇۋالسا قۇسۇپ تاشلارمىدىمكى-تاڭ!...

مۇساخۇن ئۆكچىسى ماكچايغان كونا شىبلىتىغا توقامدەك لايىنى يېپىشتۇرۇپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ سېرىق توك باسقان يۈزىدە ئەگىز سۆيىدەك مەينەت

سۇلار سىرغىپ ئاقاتتى. كۆك شىمىنىڭ پۇچقاقلىرىدا شورلۇق پاتقاق ئۈنۈپ تۇراتتى، ھۆل بولۇپ كەتكەن يالاڭ كەمزۇلغا پاتقاق ۋە سامانلار چاپلىشىپ قالغانىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاي كۆرسەتتىم ۋە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋېلىش ئۈچۈن سۇ تەييارلاپ بەردىم. مۇساخۇن مەن بەرگەن لۆڭگىنى ئىشلىتىشتىن تارتىنىپ، يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، يۈزلىرىنى ئېرتتى.

ئۇ تاماكا چەكمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ ئېلىش لازىم ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇ كارىۋىتىمنىڭ قىرىدا تىرناقلىرى ئارىسىدىكى لايلارنى كولاپ، غەمسىز ئولتۇراتتى. ئادەتتە مېنىڭ بىلەن ئۇزاقراق يالغۇز ئولتۇرۇشتىنمۇ تارتىنىدىغان بۇ يىگىتكە ھەيران بولۇپ قاردىم.

— مۇسا مۇئەللىم، چاي ئىچەمسىز؟ — سورىدىم مەن ئويغايسىزلىنىپ.

ئۇ بېشىنى چايقىدى. ئوچاقنىڭ ئۇستىدىكى تەلەڭگىگە چوكىلداپ تامچە تېمىپ تۇرايتتى. مۇساخۇن ئېقى يوغان كۆزلىرىنىڭ قويرۇقىدا ماڭا ئوغرىلىقچە قاراپ، تېزلا كۆزلىرىنى يۆتكىۋالدى. ئۆينىڭ كەينىدىكى جىگدىلىكتىن شىلدىرلاپ شامال ئۇرماقتا ئىدى. قەغەزلىرى سويۇۋېتىلگەن پەنجىرىدىن مۇزدەك ھاۋا شۇڭغۇپ كىرەتتى.

— نادىرە خانىم ... — مۇساخۇننىڭ لەۋلىرى قىمىرلاپ توختاپ قالدى، كۆزلىرىدە ئىشەنچسىزلىك ۋە تارتىنچاقلىقنىڭ ئۇچقۇنى چاقنىدى، — مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلىنى «سىز» دەپ ئاتىسام ... كۆڭۈللىرىگە كېلەرمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى ساغۇچ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئارانلا چىقاتتى.

— نېمىشقا كۆڭلۈمگە كەلگۈدەك؟ سىزلا ئادەتلىنەلىسىڭىز ... مەن ئۆزۈمنى «نادىرە خانىم»، «سىلى، ئۆزلىرى» دەيدىغان گەپلەردىن تولىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىمەن.

مۇسا مۇئەللىم مېنى ئەمدىلا كۆرگەندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تىكىلىپ قاردى:

— نادىرە ... — ئۇنىڭ تىللىرى كالۋالىشىپ قالدى. يۈزلىرى خېنە ياققاندەك قىزىرىپ كەتتى، — سىز كېتىپ قالمىسىڭىز بولاتتى ...

— قىزىق گەپ بولدىغۇ، مېنى كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئاڭلىدىڭىزمۇ نېمە؟

— ياق، ئەمدىزە ... قۇمباشقا سىزدەك ياش، چىرايلىق خانىملار ياراشمامدۇ، دەيمىنا، بۇ يەرگە مەدەنىي ئادەملەر كەلسىلا، كېتىشنىڭ غېمىنى يەيتتى. سىز يەنە كېلىپ قىز - دە ! — مۇساخۇن كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ھەرقاچان كېتىپ قالىدىغاندەكلا كۆرۈنىسىز ...

مۇساخۇننىڭ بايىقى تارتىنچاقلىقى نەگىدۇ يوقىتەن، يۈزلىرىدىكى قىزىللىق ئۆچۈپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان تىترەكنى كۈچ بىلەن بېسىۋېلىپ ئېيتتى:

— راستلا، سىزدىن ئايرىلىپ قالسام، تىكەندەكلا يالغۇز قالىدىغان ئوخشايمەن ... سىزدىن ... نادىرە ... — سىمى تېگىپ - تەگمەي تۇرۇۋاتقان رادىئو كارنىيىدەك ئۇنىڭ

سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدىم. ئۇنىڭ ئاغزىدىن
بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقالىشىغا ئىشەنمەيتتىم.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن قۇمباشتىن ھېچيەرگە كەتمەيمەن.

ــ راستما؟ ــ مۇساخۇن تۇنجى قېتىم ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ئورنىدىن قوز-
غىلىپ قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى. «ئەپكېلىڭ قولىڭىزنى» دېگۈسى بار ئوخشايدۇ.
لېكىن دەرھال قولىنى تارتىپ، يەڭلىرىگە تىقتى ۋە ۋىللىدە قىزىرىپ ئەسلىگە كەلدى:

ــ كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، نادىرە سىز ھېلىقى يىغىندا مېنى ياقلاپ پىكىر
بەرگىنىڭىزدىن كېيىن، سىزنى مەكتەپتىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىمدەك كۆرۈپ قالدىم...

مۇساخۇننىڭ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىكىدىلا ئايرى-
لىپ، كىشىلەر ئىشىكىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ بەختىگە،
دارىلئېتام ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ يەتتە يىل ئوقۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ قېقىنىدا - سوقۇندا ھاياتى
جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغاندىن كېيىنمۇ
ئاخىرلاشمىغان چېغى، مۇدىرىدىن تارتىپ قارا خىزمەتچىلەرگىچە ھېچقايسىسى ئۇنى
كۆزگە ئىلمايدۇ. ئائىلە سۆھبىتىگە بارغاندىمۇ، دېھقانلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلىشمايدۇ.
بەزىلەر «مۇئەللىم كېلىۋاتىدۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر، «ياقەي، ھېلىقى مۇساخۇن بو-
زەكقۇ» دېيىشىدۇ. قىسقىسى، مۇسا مۇئەللىمگە بالىلىق ھاياتى ئىنئام قىلغان مۇكاپات-
لار، كەمسۆز، جۈرئەتسىز، غورۇرى پەس ۋە موللا بوزەكلىك سۈپەتلىرى تېخىچە ھەم-
راھ بولۇپ يۈرۈپتۇ.

ــ بۇ ئادەملەر بەكمۇ ئىنساپسىز، ــ دېدى ئۇ تولغىنىپ، ــ ياخشىنى تېخى كۆرەل-
مەيدۇ. ئۆزىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى پېشىدىن تارتىدۇ. كەينىدە قالغانلارنىڭ بېشىغا
تېپىدۇ. ئۆزلىرى بولسا تەپسە تەۋرىمەيدۇ. ئاكتىپ بولساڭ، تەنە، مەسخىرە، تەنبىيە.
پاسسىپ بولساڭ تەنقىد، كالتەك، دۇمبالار... ئۇلار راستىنلا باشقىلارنىڭ ئىزىغا تاپان
توزاق قۇرۇش ئۈچۈنلا يارىلىپمىدىكىن دېگۈم كېلىدۇ...

مەن مۇساخۇننىڭ سۆزلىرىنى ئۈنسىز تىڭشاپ تۇراتتىم. ئۇ مۇزلاشقا باشلىغان
ئورۇق بارماقلىرىدىن «قارس» چىقىرىپ بىر پەس جىمىپ كەتتى.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا خېلى تۈزۈك ئىدۇق. كونا مۇدىرىمىز يۆتكىلىپ، قۇناخۇنكام
قاچان كەلدى ــ تۈگەشتۇق. دوپپامچىلىك مەكتەپتە ھېچ ئىش ئاقمايدۇ. ھەممە يلەن
ھورۇنلىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىغا چۈشتى. ئىشلىگەن بىلەن ئىشلىمىگەننىڭ پەر-
قى يوق. كىمنىڭ گېپى يوغان، تىلى ياغلىما بولسا، شۇنىڭ ھېساب. يىل ئاخىرىدا
رەسمىيەت ئۈچۈنلا خىزمەت باھالىنىدۇ. ئۇ چاغدا خۇددى بىرەر دۇمباق بولمىسىمۇ
بولماس، دېگەندەك مېنى دۇمبالىشىدۇ. چىدامىنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن نادىرە، بۇلتۇر
بىر قېتىم ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، «سىلەر مېنىلا يامان كۆرىسىلەر...» دېدىم،
ئاچچىقىمدا كۆزلىرىمدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى. ئۇلار نېمە دېدى دېمەمسىز، توۋا!
يۈزلىرىنى داپتەك قىلىپ: «ياۋاشنى بوزەك قىلمىسا، قىيامەتتە داۋا قىلارمىش، مۇسا-
خۇن، ئۇ دۇنيادا سېنىڭ گۇناھىڭنى ئارتىۋالغۇچە...» دېيىشىدۇ، ھېجىيىشىپ، چاقچاق

قىلغانداك تۇرغىنى بىلەن بىرونى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەنلىكقۇ بۇ...

— مۇدىر نېمە دېدى؟

— قۇناخۇنكامنى بىلمىسىزغۇ، ھەممىنى شۇ باشلاۋاتسا. ھېلىمۇ ياخشى، بولىتۇر مەيدىنىجان كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاز-تولا لىللا گېپى بولمىغاندا، مېنى ئۇلاغ ئېتىپلا مىنەتتى دەڭا!...

## 6

يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىش بىلەنلا بىزدە ئىككى يېڭى ئىش يۈز بەردى. بىرى، قۇناخۇنكامنى مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا مەيدىنىجاننى ئۆستۇردى. مېنى ئىلمىي مۇدىرلىققا بەلگىلەشتى؛ يەنە بىرى، مەكتىپىمىزگە يۇقىرىدىن بىرنەچچە يېڭى ئوقۇتقۇچىلار كەلدى.

بىز قۇناخۇنكامنى كونا مائارىپچى دەپ بىرىنچى يىللىقنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى قىلىپ بەلگىلىدۇق. لېكىن قۇناخۇنكام باللارنى قانداق باشقۇرۇش، ھەرپ ۋە سانلارنى قەيەردىن باشلاپ ئۆگىتىش ۋە سائەتلىك پىلان، كالىندارنى پىلان تۈزۈش دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ كۆپچىلىككە قېتىلماي، ئۇزۇن بوينىنى ياقىسىغا تىقىپ، تەرىنى ئاچماي، ئۇنسىز يۈرۈدىغان بولۇۋالدى. دەرس باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاڭلىساق، ئۇنىڭ سىنىپىدا ئاران بەشلا ئوقۇغۇچى قاپتۇ. باللىرىنىڭ قانداقلارچە تۈزۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. مۇئەللىملەر ئۇنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ تازا كۈلۈشتۇق.

— مەن ئائىلە سۆھبىتىگە باراي، — دېدى ئۇ مەيدىنىجاننىڭ ئالدىدا بوينىنى قىسىپ، مېنىڭ يادىمغا ئۇنىڭ بىر چاغدىكى گېپى كەلدى:

— جەمئىيەت بىلەن كارىلىرى نېمە، كەلگىنىنى ئوقۇتاملا قۇنانىكا، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ. مېنىڭ «ئاقساقال»لىقىم يېڭى ئوقۇتقۇچى رەپقەتكە ياقمىسا كېرەك، ئۇنىڭ تەتۈر قاراپ غودۇڭشىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— گەپ دېگەنىڭىزمۇ يولى بولسۇن-دە، چوپ-چوڭلا كىشىنى ئوسال قىلىپ...

— پاھ، رەپقەتجان بالدۇرراق كەلمەمدىغان، كونا مۇدىر سىزدەك بىر يۆلەكچىگە ناھايىتى موھتاج ئىدى، دېدىم مەن تىلىمنى تارتمايلا.

دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن رەپقەت بادام قاپاق، كۈلمەيدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ بەستلىك ساغلام گەۋدىسى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى ۋە خىزمەتتىكى سالماق، ئەستايىدىللىقى باشقىلاردا رازىمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغاتسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى «تەخسكەش» لىكى، مېنىڭدە ياخشى تەسىر قالدۇرمىدى.

ئادەملەرنى چۈشىنىش شۇنچە تەسمىدۇ؟ مەن ئۆز قارىشىمنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رەپقەتكە تولىراق دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ كەمسۆز بولغىنى بىلەن چىقىشقاق ئوخشايدۇ. كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى تولا بولسا كېرەك، بوش بولسىلا

ئوقۇتقۇچىلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ ئۇلارنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلدۈرۈپ ھېكايە-
لار سۆزلەيدۇ. بەزىدە مەنمۇ ئۇنىڭ ئىبىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يېقىن-
لاپ كەلسەم، گېپىنى يۇتۇۋېتىپ تاڭغا چىشلىگەندەك جىم ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئادەمگەرچى-
لىك يۈزىسىدىن بولسىمۇ ماڭا قاراپ ئۈچۈق چىراي قىلمايدۇ. ئارپىسىنى خام ئورىدىمى-
مىكىنە ئۇنىڭ، ياكى قايسى مىجەزىم ئۇنىڭغا ياقمايدىغاندۇ؟ مەن رەپقەتنى راسا بىر
بابلىماقچى بولۇپ يۈرەتتىم. بۇنىڭغىمۇ بىر سەۋەب تاپتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ دەرس تىزىسى-
نى تەستىقلاتماي ئۆتەتتى. پىلانلىرىنىڭمۇ جايى-جايىدا تۈزۈپتۇ. دەرس تەييارلىقى-
زادى قانداقتۇ؟ بولسا بىرەر - يېرىم دەرسنى خاتا ئۆتۈپ قويسىكەن، بولۇشىچە ئەدىپى-
نى بەرسەم... بىركۈنى مۇساخۇننى 4 - سىنىپىنىڭ ئالتە يول بىلەن چىققىدىغان بىر مۇ-
رەككەپ ھېساب مەسىلىسىنى رەپقەتكە ئىشلىتىپ چىقىشقا ئەۋەتتىم. مۇساخۇن بىر پەس-
تىلا كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ يېنىپ چىقتى:

— رەپقەت ياش بولغىنى بىلەن قالتىسكەن جۇمۇ، ھېچ تەمتىرىمەي...

دەرۋەقە ئۇ ھېسابنى توغرا ۋە تەلەپكە مۇۋاپىق ئىشلەپتۇ، مەن ئاخىرى چىداشلىق
بېرەلمىدىم. بىر كۈنى رەپقەتنىڭ دەرسىگە تۇيۇقسىز ئۈچۈق دەرس ئويۇشتۇردۇم.
ئۇنىڭ باسقۇچلارنى ئىگىلىشى، تېمىنىڭ مەقسەت، تەلىپى ۋە دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتى-
سى، قىيىن نۇقتىسى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈشىگە كۆز يۇمالمايتتىم. ئۇ دەرسنى
شۇنچە ئېنىق ۋە سالماق سۆزلىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ سائەتلىك دەرسنى ئۆزلەشتۈ-
رۈۋېلىشىمۇ ئالاھىدە ياخشى بولدى. ئۇنىڭ ياپياش تۇرۇقلۇق شۇنچە تەجرىبىگە
ئىگە ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايتتىم. لېكىن مېنىڭ مەقسىتىم، ئۇنىڭدىن قۇسۇر
تېپىش ئىدى. دەرس سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەس، تورۇسقا تولىراق قارىۋالىدى-
كەن، ھەر بىر جۈملە گېپىدە «دېمەك» سۆزىنى ئارىلاشتۇرماي سۆزلىمەيدىكەن. يەنە تې-
خى ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەي سىنىپقا كىرىپتۇ. بىر قېتىم دوسكىغا يازغان خېتى مايماق
كەتتى. مەن مۇشۇ ئاجىزلىقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا تۇمشۇقىدىن تەر چى-
رىشىم كېرەك ئۇنىڭ... دەرستىن چۈشۈپلا ئۇنىڭ پىلانى بىلەن كونسپېكتىنى سېلىشتۇر-
دۇم. مەسىلە چىقمىدى ئەمەس، بەلكى دەرس پىلانىدىكىدىن ئىككى سائەت كېيىن قاپتۇ.
سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدىم:

— بىر كۈن قۇناخۇنكام بىلەن ئائىلە سۆھبىتىگە بارغان، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق
بىلەن، — ئىككى كۈن ئىچىدە تولۇقلىۋالىمەن.

— مۇنداق دەڭ، قۇناخۇنكام باشلاپ كېتىپتۇ - دە!

— نېمە، غەيۋىتىمنى قىلىپ بەردىمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ،
ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز گەپ - سۆزلەرگە ئانچە قىزىقمايمەن، نادىرە خانىم.

— قىزىق، نېمە غەيۋىتىم بولاتتى مېنىڭ، — دېدىم رەپقەتنىڭ گېپىگە چىچاڭشىپ، —
ئېيتىڭا، سىز ھازىرغىچە دەرس تەييارلىقىڭىزنى تەستىقلاتماي دەرس ئۆتۈپ كەلدىڭىز. بۇ
قائىدىگە خىلاپ ئەمەسمۇ؟

— بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز، سۈرۈشتۈرۈشىڭىز كېرەك - تە.

—مەن ھەر بىر مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگۈدەك پادىچى ئەمەسمەن. ھەر كىم ئۆزلىرى مېنى ئىزدىشى كېرەك.

— بەللى، مۇدىرە قىز ... — ئۇ مېنى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق مەسخىرە قىلىپ كۈلدى، — سىززە، ھېلىتىنلا شىرەدىن قوپماي تەستىق سالىمەن دېسىڭىز، كەلگۈسىدە ھالىڭىز قۇناخۇنكامدىنمۇ خاراب...

— نېمە، مېنى بيۇروكرات دېمەكچىمۇ سىز؟ — مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئوبدانلا تېرىكتىم، — مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە دەرس ئۆتتۈۋاتىمەن ...

— كېپىمنى چۈشىنىڭ! سىز بىر مەكتەپنىڭ ئىلمىي باشقۇرغۇچىسى ئىكەنسىز، ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈشىڭىز لازىم. كونسپېكنىڭ ئايىغىغا ئىمزا قويسىڭىزلا كۇپايە قىلمايدۇ...

— بولدى، ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەيلا قويۇڭ، كونسپېكلىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ ماڭا!

رەپقەت بىر خىل ئىستىھزا بىلەن بېشىنى چايقاپ كۈلدى ۋە دەرس تەييارلىقلىرىنى ئالدىمغا تاشلىدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە تېرىككىنىم بىلەن، ئۆزۈمدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان غايىب بىر كەمتۈكلۈكنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

مەن ئەتىسى ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا رەپقەتنى راسا تەنقىتلىدىم. بەختىمگە، ئۇ كۈنى مەيدىنجان يىغىندا يوق ئىدى. رەپقەتنى تەنقىدلىگەندىمۇ، ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئالا قويمىدىم. بۇ مېنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ھوقۇقىمنى بىرىنچى قېتىم بىمالال ئىشقا سالغانلىقىم بولۇپ ھېسابلىناتتى. دەرس پىلانى ئارقىدا قالغاندىن تارتىپ، دەرس تەييارلىقىنى تەستىقلاتمىغىنىچە، دەرس ئۆتكەندە پېداگوگىك قائىدىسىگە ئەمەل قىلمىغىنىدىن تارتىپ، قۇناخۇننىڭ كەينىگە كىرىپ، خىزمەتتە پاسسىپ بولۇپ يۈرگىنىگىچە ھېچنېمىنى قويمىدىم. جېنىمغا تەگكىنى، مەن تەنقىد قىلغان چاغدا، ئۇ خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، پەرۋاسىز ھالدا يېنىدىكى ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلىشىپ، ھېجىيىپ ئولتۇردى. بۇ مېنىڭ ئوغامنى تېخىمۇ قايناتتى.

لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك جېنىمغا تەگكىنى، مېنىڭ ئۈستۈمدىن مەيدىنجانغا ئەرزە قىلغانلىقى ئىدى. «ھەممە گۇناھ مەندە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي!» دېگەندەك ئىش بوپتۇ. مەيدىنجان مېنى سالقىن قان ۋە سالماق بولۇشقا ئۈندەپ: «ياش يولداشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا ئادەتلىنىڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ، نادىرەخانىم» دېدى، مەن خىجىل بولدۇم-يۇ، لېكىن مۇدىرنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولمىدىم.

* *

— نادىرە، سىزگە خەت ...

مەن كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈردۇم. مۇساخۇن ماڭا گۈللۈك لىپاپىنى تەڭلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قانداقتۇ سىرلارنى بىلىشكە ئالدىرىغان ئېقى چوڭ كۆزلىرى چىرايىمدىن نېمىلەرنىدۇ ئىزدىگەندەك قىلاتتى. مەن كونۋېرتنىڭ تېشىغا كۆز يۈگۈرتتىم-دە، خەتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدۇم.

— كامال نۇر دەپتىغۇ، ساۋاقداشمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مۇساخۇن.

— ياقەي ... — مېنىڭ تومتاق جاۋابىم مۇساخۇننى تېخىمۇ قىزىقتۇردى:

— ئەمىسە، ئۇ كىم نادىرە؟

— تونۇش ئادەمدەك قىلىدىغۇ، ئەيتاۋۇر.

— قانداق تونۇشىڭىز...؟

— ئۇنىڭ توغرىلىق سىز قىزىققۇدەك بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيمەن، — دېدىم مەن مۇساخۇنغا قاراپ كۈلۈپ.

— ئەمىسە، ئۇ نېمىشقا خەت يېزىپ يۈرىدىكىنە؟ ... ئېچىڭا، ئوقۇپ باقايلى نادىرە.

— ھازىر ئۇنى ئوقۇغۇدەك ۋاقتىم يوق.

— مەن ئېچىپ ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟

مۇساخۇن ئادەتتە ماڭا ئەدەبسىزلىك قىلمايتتى. لېكىن بۈگۈن نېمە بولدىكىنە ئۇنىڭغا، نېمانچە زىغىرلاۋېرىدىغاندۇ؟ مېنىڭ ئۇنچىقمىغىنىمنى كۆرۈپ، ئۇ لىپاپىنىڭ بۇرجىكىدىن يىرتىشقا باشلىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، مۇساخۇن؟!... — مەن قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئالايدىم. مۇساخۇن خۇددى مەينەت بىر نەرسىنى تۇتۇۋالغاندەك، دەرھال قولىنى تارتتى-دە، كونۋېرتنى شىرەگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ساغۇچ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى. ئاندىن ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە دېدى:

— يوشۇرۇپسىز-دە، تايىنلىق، ئۇ سىزنىڭ سۆيگۈنىڭىز... — ئۇ «سۆيگۈنىڭىز» دېگەن بۇ ئىبارىنى غەلىتە بىر ئاۋازدا ئېيتتى:

— ياق، ياق. ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، مېنىڭ سۆيگۈنۈم يوق!

— يالغان. بولمىسا، نېمىشقا ئۇنى كىشى بار يەردە ئېچىپ ئوقۇمايسىز؟

مەن نائىلاج خەتنى ئاچتىم. مۇساخۇن بوينىنى سوزۇپ قارىدى. خەت ئىككى پارچە ئىدى. «سالام، سۆيۈملۈك ياۋا توشقىنىم،— دەپ باشلانغاندى بىرىنچى خەت. سۆزسىزكى، بۇ ھەلىمىنىڭ خېتى، — قۇمباشقا كېتىپ، سۇغا چۆككەن تاشتەكلا يوتۇپ كەتتىڭ. بىرەر پارچە خەتمۇ يازاي دېمەيسەن. ئۇ چۆل يېزىنىڭ نېمىسى ئەسىر قىلىۋالدىكىنە سېنى؟ شەھەرنى تاشلاپ، يېزىغا، يەنە كېلىپ ئەڭ يىراق يېزىغا كەتتىڭ. بەرىبىر پۇشايمان قىلىپ يېنىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن ئىككى يىلدىن ئاشتى، يولۇڭغا قارىغان كۆزلىرىممۇ تالدى. ئوقۇتقۇچى دېگەنلەردىن دوست تۇتسا بولمايدىكەن. ئۇششاق باللار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، چوڭلارغا ۋاپاسىز بولۇپ قالىدىكەن ... راستىنى ئېيتسام، سېنى ئۇنتۇپلا قالاي دېگەنتىم. بىراق، بىر جان سېنى پەقەت ئۇنتالماپتۇ. ئۇ پات-پات كېلىپ سېنى يادىمغا سېلىپ تۇرىدۇ «مېنىڭ ئۈچۈن سىز بىر خەت يېزىڭ» دەپ جېنىمنى قويمايدۇ، ماڭا خەت يازمىغان ئادەمگە مەن نېمە دەپ خەت يېزىپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭ خەت يازغۇدەك ۋاقتى بولمىسا، مېنىڭمۇ يوق، ھازىر ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىن چولام تەگمەيدۇ، دېدىم (ھە راست، نۆۋىتىدە ساڭا ئېيتىپ كېتەي، مەن يېقىندا ئۇ-

زۇلۇم ئىجاد قىلىپ، ئۆزۈم ئورۇندىغان «تارىم قىزى» ناملىق ئۇسسۇلۇم بىلەن ئاپتونوم رايون-
لۇق ياش ئارتىسلار سەنئەت كۆرىكىدە ئەلا باھالىنىپ، بىرىنچىلىككە تاللاندىم. سەنمۇ كەتمە-
گەن بولساڭ نادىرە، نى - نى ئەسەرلەرنى يارىتىپ، شان - شۆھرەت قازانغان بولاتتىڭ.
قۇيرۇقىنى قوم باسىدىغان شۇ ئوقۇتقۇچىلىق دېگەننىڭ نېمىسىگە يېپىشىۋالدىڭكىن -
تاڭ!) ... لېكىن بىچارە كامال نۇرنىڭ ھالىغا ۋاي. كېسىلنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك تەل-
مۈرىدۇ. ئامالسىز، ئۇنىڭ رايىنى دەپ مۇشۇ خەتنى يازدىم. نادىرە، جېنىم دوستۇم،
سەنمۇ ئىنسانغۇ، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. چىن كۆڭلۈڭدىن جاۋاب بەرگىن. كۆڭلى
ئاپتاپتەك يېگانە ئىكەن. ھە، ئىككىڭلارمۇ شىماللىق تېخى، جەزمەن كېلىشىپ قالىسى-
لەر ... ھامان بىر باشقا بىر بۆك لازىمغۇ. سەنمۇ مەڭگۈ تەنھا ئۆتەلمەيسەن، دوستۇم.
كەچۈر نادىرە، راستىمنى ئېيتسام، ئۇ ئاشۇ تەلىپىنى ماڭا قويغان بولسا، ئاللىقاچان
ماقۇل دېگەن بولاتتىم. كامال نۇرنى ئەيىپكە بۇيرۇماي، خېتىنى ئوقۇپ چىققىن خانىمقىز.
خەير - خوش. جاۋاب خېتىڭنى كۈتۈپ،
ماغۇتەك ئالقانلىرىڭنى چىڭ قىسىپ، دوستۇڭ ھەلىمە».
«ئۇ ساڭىلا كامال نۇر بولۇپ قالسۇن ھەلىمە» دېدىم ئىچىمدە ۋە خەتنى پۈكلەپ
تاشلاپ قويدۇم. بۇ چاغدا قان قاچقان چىرايىدىن مەيۈس ئەلەم ۋە كىشى چۈشىنىپ
بولمايدىغان ھەسرەتنىڭ كۆلەڭگۈسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان مۇساخۇن ئاغزىنى تالىقان
قاپلىۋالغاندەك، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى.
— مانا بۇ نېمە؟ ... — دېدى ئۇ، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى ئارىسىدىن كامال نۇر-
نىڭ خېتىنى ماڭا ئۇزىتىپ. مەن ئىتتىك بېشىمنى چايقىدىم.
— ئەمىسە، مەن ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟
— مەيلىڭىز.
ئۇ يېرىم مىنۇتچە ئىچىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، خۇددى مەن بىر خاتا ئىش قىلىۋات-
قاندەك چۆچۈپ قارىدى - دە:
— سىز خالىسىڭىز، بۇنى يىرتىپ تاشلايمەن! — دېدى.
مەن مۇساخۇنغا قاراپ ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىشلىرى
كىرىشىپ، چىرايى بولۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.
— تېتىقسىز ... لىق. پۇ ... تۇنلەي كۆيدۈم - پىشتىم ... دەپتۇ ...
— يىرتىۋېتىڭ!
شۇ گەپ ئاغزىمدىن چىقىشى ھامان، مۇساخۇن خەتنى شۇنداق تېز يىرتىپ تاشلى-
دى. تۆت پۈكلىنىپ، تىلما - تىلما قىلىۋېتىلگەن شۇ جىنايەتكار خەت ئۇنىڭ ئالقانلىرى
ئارىسىدىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. مۇساخۇن ئەمدى پۇخادىن چىققاندەك، ئېغىر تىن
ئالدى - دە، دۇمبافتەك ئېسىلگەن يۈزلىرىنى تەتۈر ئۆرىدى. ئۇنىڭ قىينىلىپ نەپەس
ئېلىۋاتقىنىنى كۆكرەكلىرىنىڭ تېز - تېز كۆتۈرۈلۈپ ھەم پەسلەپ تۇرغىنىدىن سېزەتتىم.
— ياۋا توشقاننىڭ قەدرىنى شەلكىلەر ئەمەس. بىز جاڭگاللىقلار تېخىمۇ بىلىمىز.
شۇنداقمۇ نادىرە؟ ...

ئۇ يوللۇق تېرىكە چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، پۆكلەنگەن بىر پارچە قەغەزنى تەسلىكتە چىقاردى:

ــ ئۇنداق خەتلەر ھەركىمدە تېپىلىدۇ، ... مەندىمۇ بار ...

مۇساخۇن تىترەك ئاۋازدا شۇلارنى دېدى - دە، خەتنى ئۈستەلگە تاشلىغان پېتى ئىشكتىن قۇيۇندەك تېز چىقىپ كەتتى.

مەن ھەيران بولغان ھالدا مۇساخۇننىڭ خېتىنى ئاچتىم. بار - يوقى بىر كۇپلېت بېيىت ۋە قىسقىلا ئىككى جۈملە خەت، بېيىتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. خېتى مۇنداق ئىدى:

«مەن سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، ماقۇل دېسىڭىز، توي قىلايلى، نادىرە.»

ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم - دە، قاقاقلاپ كۈلۈشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، پۇخا- دىن چىققۇچە كۈلدۈم.

ئەجەب دۆت ئىكەنمەن. بۇ ئەقلىم ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قاچانمۇ ئېنىق كۆرۈشنى ئۆگىنەر. مۇساخۇننى ئىنسانلارچە غۇرۇر ۋە يىگىتلەرچە ھېسسىياتتىن يىراق بولغان بىر جان دەپ قارايتتىم. ئۇنى «مولىلا بۆزەك» لىك سۆپەتلىرى بىلەنلا چۈشىنىپ خاتا قىلغانىكەنمەن ... ئۇنىڭدىمۇ قالتىس ھېسسىيات بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ «شەھەرلىك»لەرنىڭ تۇمشۇقىغا تېپىپ قېچىپ كەلگەن ياۋا توشقاننى ئۆزگە مەنسۇپ دەپ تونۇيدىكەن ئۇ. ھا ... ھا ... ھا...!

مۇساخۇننىڭ «مۇھەببەت خېتى» مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ مېنىڭ كىشىلەرنى توغرا چۈشەنمەسلىكىمگە بېرىلگەن كاچات ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، مۇساخۇن بۇ ئىككى جۈملە خېتى بىلەن مېنىڭ مۇھەببەتتىكى ياۋايى مىجەزىمگە، ئۆزۈمگە قوي- غان ئەسەبىيلەرچە تەمەننايىمغا ھەمدە تەكەببۇر غۇرۇرۇمغا رەھىمسىز تۆردە كالتەك ئۇرغانىدى.

مەن ئۆزۈمنى قانچە ھاقارەتلەنگەن ھېس قىلساممۇ بىراق ساپ دىل، ياۋاش مۇسا- خۇننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكۈم كەلمىدى. مەن ئۇنىڭ تىترەت قەغىزىگە يېزىلغان خېتىنى بارماقلىرىم بىلەن ئاستا سىلىدىم - دە، ئەلبۇمىمنىڭ كۆزگە يىراق بەتلىرىگە پۆكلەپ قىستۇرۇپ قويدۇم. ئىچىمدە بولسا مۇنۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدىم:

ــ رەھمەت سىزگە. رەھمەت يولداش، مۇسا مۇئەللىم! لېكىن ئەپسۇس ... مېنى كەچۈرۈڭ! ...

7

«بىرىنچى ئىيۇن» باللار بايرىمى ئالدىدىن ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل پائالىيەت- لەرگە ئۇيۇشتۇردۇق. خۇماگۇل ئىككىمىز سەنئەتكە مەسئۇل بولدۇق. رەپقەت بىلەن يەنە بىر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى مەيدانغا كىرىشكە بەلگىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارغا پىرا- مىدا شەكىللىرىنى ئۆگىتەتتى. ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇسمۇرلەر پائالىيىتى

مۇسابىقىسىدە قۇمباش پەرزەنتلىرىنىڭ كارامىتىنى خەلقى ئالەمگە بىر كۆرسىتىپ قويماقچىدۇق. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھى قىزغىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ غەيرىتى ئۈستۈنىدى. توپتوغرا بىر ئاي تەييارلىق قىلدۇق. ئاخىرى كۆڭلىمىز قانائەت تاپتى.

بايرام يېقىنلاشقانىدى. مۇدىر مەيدىنجان پالاقلاپ يۈرۈپ گوڭشېنىڭ چاتما كوزۇپ سۆرىتىلگەن تراكتورىنى ئېلىپ كەلدى. بىز بايراق، پىلاكات ۋە پىلانىلارنى ئېلىپ يولغا چىقتۇق. پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى نۆۋەت بىلەن ناھىيىگە توشىدۇق.

تراكتورچىنىڭ يېنىدا چوقچىيىپ ئولتۇرغان رەپقەت بۈگۈن بالىلاردىنمۇ بەكرەك خۇشال ئىدى. بازىرى يوق سەھرادا تازا زېرىككەن ئوخشايدۇ. ناھىيىنى بولسىمۇ كۆرۈپ كۆڭلى-قارنىمنى ئېچىپ كېلىمەن دېسە كېرەك. قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكەن قېتىمقى بىر ئىشنى ئېسىمگە ئالدىم: سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلىغاندا يېڭى ناخشا تېكىستى لازىم بولۇپ قالدى. رەپقەتنى قوشاق توقۇيدۇ دەپ ئاڭلايتتۇق. ئەمدى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا توغرا كەلدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ بىرقانچە ناخشا تېكىستى يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ بوينىنى جۇۋازنىڭ ئوقىدەك گىدەيتىپ، ھاللىنىپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن!

— ۋاقتىم يوق، بىزنىڭمۇ ۋەزىپىمىز بار، — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

— ھەممىنىڭ ئورتاق ئىشىغۇ رەپقەت، بىرقانچە تېكىست يېزىپ چىقىشىڭىزغا ئانچىمۇ ۋاقىت كەتمەس.

— بۇ ئاشىقلار يازىدىغان بېيىت ئەمەس، مۇدىرە (رەپقەت كۆپ چاغلاردا مېنى ‹مۇدىرە› دەپ مەسخىرە قىلاتتى). بۇ دېگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت.

مۇساخۇن يازغان بىر كۇپلېت بېيىتنى بۇ توك قاپاق نەدىن ئاڭلىدىكىنە؟... يۈزلىرىم لازا سۈركىگەندەك چىمىلداپ كەتتى (ئۇنىڭ ئالبۇمىمنى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ چىققانلىقىنى كېيىنرەك سېزىپ قالدىم).

ئۇنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن، ئاخىرى مەيدىنجان ئارقىلىق بىرنەچچە تېكىست يازدۇردۇق. ھەقىقەتەن رەپقەت شېئىرنى ياخشى يازىدىكەن...

قۇياش ئۇپۇققا باش قويغاندا، بىز شور، توپىلارغا كۆمۈلگەن قىياپىتىمىز بىلەن ناھىيىلىك مېھمان كۈتۈشىنىڭ ئىشىكىدە تراكتوردىن چۈشتۇق. ئوقۇغۇچىلارنى ياتاقلارغا جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، يۈز-كۆزلىرىمىزنى يۇغاندىن كېيىن، تاماقخانىنىڭ ئالدىغا توپلاندۇق. بۇ چاغدا مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابباسكام بىلەن بىر ئايال خادىم بىزدىن ھال سورىغىلى كېلىشتى.

— بۇ كىشى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ئالىيە، — دەپ تونۇشتۇردى. ئابباسكام ۋە ئەرلەر بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىز تەرەپكە قاردى، — قېنى، قىزلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشۈك، ئا جورېن. قۇمباشنىڭ خانىم-قىزلىرىدىن يولداش خۇماگۈل، مانا بۇياق سىز ئالاھىدە كۆرۈشمەكچى بولغان نادىرە ئالىمباي.

ئالىيە ئاق يۈزلۈك، مۇلايىم سېمىز ئايال ئىكەن. ئۇ بوغۇرساقتەك ئالقانلىرى

بىلەن بارماقلىرىمنى مەھكەم قىسىپ قىزغىن سالاملاشتى - دە، ئابباسكامغا قارىدى.

— سىزگە يارايدۇ دېسەم ئىشەنمەيتتىڭىز، — دېدى ئابباسكام، ئەمدىغۇ قايىل بولغانسىز ...

قۇمباشلىقلارنىڭ ئەتىۋار قىزى بۇ. شۇغىنىسى - زە، سىز تالاشسىڭىز، يۈز كېلەلەمتىم؟ قانداق دېدىم مەيدىنجان.

مەيدىنجانلارمۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ماختاشلىرىغا قوشۇلۇپ، بىرنى ئۇن قىلىپ مېنى تەرىپلەشكە باشلىدى. بۇ ھالدا مەن ئۆزۈمنى خۇددى مال بازىرىدا — بىر توپ بېدىكلەر ئارىسىدا باھاسىنى تالىشىپ تۇرغان موزايدەك ھېس قىلدىم - دە، پوكاندەك قىزىرىشقا باشلىدىم.

— نادىرە، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى ئالىيە ھەدە مەقسىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرمايلا، — بىزگە بىر نەپەر ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىم لازىم بولۇپ، سىزنى لايىق تاپقانىدۇق، بىزدە ئىشلەپ قېلىشنى خالامسىز؟

مەن ھېچ ئىككىلەنمەيلا «ياق!» دەپ جاۋاب بەردىم.

— نېمە ...؟ — ئالىيە ھەدە بەلكىم مېنى خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇ، قۇلىقىنى بېسىپ قالغان چاچلىرىنى كەينىگە تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، بويىنىنى ئېگىپ قارىدى، — شەھەرگە قايتىپ كېلىسىز، مەمۇرىي خىزمەت ئىشلەيسىز، بەلكىم كېيىنچە...

— ھېچ ئويلانمايلا «ياق» دەيسىزغۇ نادىرە، — دېدى ئابباسكام كۈلۈپ.

مەن چوڭلارنىڭ ئالدىدىكى ئەدەپسىزلىكىمنى پەملەپ، سەل خىجىل بولدۇم - دە، ئاستىنقى كالپۇكىمنى چىشلىگىنىمچە، باشنوچكامنىڭ ئۇچىغا قارىدىم.

— بۇنداق ئامەت ھەر كىمگە كېلىۋەرمەيدۇ، نادىرە خانىم — دېدى خۇماگۈل قىزىرىشىپ، — ئاياللارنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلىشى ئاسانمۇ؟ ئوبدان ئويلاپ باقسىلا.

— شۇدە، يەنە كېلىپ رەھبەرلىك سىزگە خېرىدار بولۇۋاتسا، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ!...

— يەنە پىكىرلىشىشكە ئۈلگۈرىمىز، سىڭلىم. پائالىيىتىڭلار ئاياقلاشقىچە، ئويلىنىپ جاۋابىنى بېرەرسىز، — دېدى ئالىيە ھەدە.

ئۇلار بىز بىلەن خوشلىشىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە قاراپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا «ياق، قۇمباشتىن ئايرىلغۇم يوق؛ مەن ئىستىقبالىمنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن تاپماقچىمەن، كەسپىمنى جاندەك سۆيىمەن!» دېمەكچىدىم. بىراق ھازىرلا...

— قېقىپ قويغان قوزۇقتەكلا، قۇمباشقا يېپىشىپ قاپسىزغۇ - تاڭ! — دېدى رەپقەت مېنىڭ چىشىمغا تېگىپ، — تايىنلىق، ھېلىقى بېيىتچىلاردىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەي يۈرۈيسىزغۇ، مۇدىرە!...

ئۇنىڭ مەسخىرە ئويىنىغان كۆزلىرىگە زەردە بىلەن قادالدىم - دە، نېمىشقىدۇر يېلى قاچقان كامېردەك لاسسىدە بوشىشىپ كەتتىم.

— سىزنىڭچە بولغانىدىغۇ، كۆزىڭىزدىن قانچە تېز يۈتسەم، شۇنچە ياخشى ئوخشاي-

دۇ، — دېدىم ئېسەدىگەن ھالدا، — كۆزىڭىزگە نېمانچە سىت كۆرۈنۈمەنكى - تاڭ؟ بىر ئېغىزمۇ ياخشى گېپىڭىزنى ئاڭلىمايدۇ كىشى!...

مەن ئۆمۈرۈمگە كېلىپ، بىرونىڭ ئالدىدا بۇنچە ئازابلىق ھېسسىياتىمنى ئىپادە قىلمىغان بولغىيتتىم. مېنىڭدىكى بۇ سىرلىق ئاجىزلىقنى شۇ تاپتا ئەقلى تولۇق ۋە ھېسسىياتى سەزگۈر ئادەملەرلا بىلەلەيتتى.

بايرام پائالىيىتى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. قۇمباش باشلانغۇچ مەكتىپى تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم ناھىيە بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، جاڭگال پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ۋە قۇمباشنىڭ شان - شۆھرىتىنى ناھىيىگە يايدى. ناھىيە رەھبەرلىرى بىزنى بىر رويال، بىر تام سائىتى ۋە بىر قانچە توپ بىلەن مۇكاپاتلىدى. پائالىيەتكە قاتناشقان ئۆسمۈرلەرگە قەلەم، خاتىرە قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى. مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى، دۈيجاڭ ماگا بېرىۋەتكەن بەختىخانىنىڭ بەختى كەلدى. ئۇ ئويىنىغان نومۇرلار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ، پائالىيەتتىن كېيىن ئۆمەك مەسئۇللىرى ئۇنىڭغا يېپىشىپلا قالدى. مەيدىنجان ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ بەختىگۈلنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىدىغان بولدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ قۇش تۇمشۇق ئۆگەي ئانىسى ئاغزىنى ئاچقىنىچە بۇ يېتىمەكنىڭ كارامىتىگە ھەيران بولۇپ يۈرسۇن. ھەلىمە ئانا ۋە تەربىيىچى بولۇپ، بەختىگۈلدەك بىر يېتىم قىزنى بۇ ھالغا يەتكۈزگەن مېنىڭ تەرىپىمنى ھەممىگە يېيىپ ھەلەك ئىدى. ئۇ، كۈندە دېگۈدەك يېنىمغا كېلەتتى، لېكىن بىز بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭ يانىقىغا بارالمىدىم.

بىر قېتىملىق كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە، ھەلىمە مېنىڭ يوتامنى چىمدىپ، ھېلىقى خەتنىڭ جاۋابىنى سورىدى. قايتىپ بارغاندا خەت يازىمەن، دېدىم مەن.

— قوشۇلدۇڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قارىدىم - دە، بېشىمنى چايقىدىم.

— شەيتان، بىرسىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟

— ھەئە!— دەپ سىرلىق كۈلۈپ قويدۇم.

— كىم ئۇ، قەيەردە ئىشلەيدۇ، سەن بىلەن بىللىما؟

— كېيىن بىلىسەن.

— ياق ھازىر...

مەن ھەلىمەگە: جەزمەن كېيىن دەيمەن، دەپ يالغان سۆزلىدىم.

ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىمگە كامال نۇر يىغىن بىلەن ۋىلايەتكە كەتكەنىكەن، بولمىسا، ئۇنىڭدىن نېمە دەپ قۇتۇلاتتىمكى تاڭ.

* *

بىز ئەتە قايتماقچىدۇق. ئايال مۇدىرى يەنە مېنى چاقىرتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ھەمدە قۇمباش يېزىسىدىن ئايرىلغۇم يوقلۇقىنى ئېيتتىم.

— شەھەرگە يۆتكىسە ئۇنىمايدىغان ياشلاردىن سىزنىلا ئۇچراتتىم، — دېدى ئايال

مۇدىر ماشا مەسلىكى كېلىپ، — مەيلى بولمىسا، سىزدەك ئاڭلىق، ئاكتىپ قىزلار چەت يېزىلىرىمىزدا قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى...

مېنى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە يۆتكىمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇمباشقا بىزدىن بالدۇر يېتىپ كەپتۇ. ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىمۇ، ئاياللارنىڭ ئاغزىدىمۇ شۇ پاراڭ. يېزا دېگەن ئاجايىپ - تە، قاتتىقراق چاۋاكمۇ بىر پەستىلا مەھەللىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئاڭلىنىپ بولىدۇ. كىشىلەر «شۇنچە ئوبدان مۇئەللىمىمىزدىن ئايرىشقۇدەكمۇ؟»، «نېمە قىلغىنى بۇ باشلىقلارنىڭ؟» دېيىشەتتى. شۇ كۈنى باللار ياتىقىمغا قايىپاپ كىرىشتى.

«خانىم كەتمىسىلەر»، — دېيىشتى ئۇلار چۇرقىرىشىپ، — كەتمەيلىغۇ - ھە خانىم؟...»

— خاتىرجەم بولۇڭلار باللار، مەن قۇمباشتىن ھېچيەرگە كەتمەيمەن، بىز يەنە بىللە بولىمىز، — دېدىم ئۇلارغا.

قۇمباش كىشىلىرى ئۆز زىيالىلىرىغا قانچە موھتاج - ھە! يىللاردىن بۇيان ئۆز يۇرتىنىڭ شورتاڭ، قۇملۇق، چۆل شارائىتىدىن ۋايساپ، ئوقۇشقا ئەۋەتكەن قىزلىرى باشقا يۇرتلاردىن لايىق تېپىپ ئۇچۇپ كەتسە، يىگىتلىرىمۇ باشقا يەرلىك قىزلار بىلەن پۇتۇشۇپ «خوتۇن يەرلىكى» دېگەن ئاتاقتىنمۇ قورقماي تېزىپ كەتسە، ھەممە ياش كىشىدەك قېنى تامغان بۇ سۆيۈملۈك ئەمما نامرات يۇرتىدىن تانسا، باشقا يۇرتتىن كېلىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماي قالاتتىمۇ؟! خاتىرجەم بولۇڭلار قېرىنداشلىرىم، مەن كەتمەيمەن. بىز بىللە ئىشلەپ، بۇ نامرات يۇرتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىمىز، قۇمباشنى گۈزەل ۋە باياشاد دىيار قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. شۇ چاغدا سىلەردىن — يۇرتىدىن بىزار بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بىر - بىردىن يېنىپ كېلىشىدۇ... ئەمدى بىز تەربىيىلەۋاتقان بۇ ياش كۆچەتلەر ئۆز يۇرتىدا يىلتىز تارتىپ، ئۆز خەلقىگە مېۋە بېرىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ھېچيەرگە كەتمەيدۇ...

مەن خىيالدىن ئويغانغىنىمدا، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى مۇساخۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ شادلىق ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە تۇنجى قېتىم تىكىلىپ قاردى:

— نەتىجەڭلەردىن بەكمۇ سۆيۈندۇق، نادىرە.

— رەھمەت! ھەممىڭلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن نامىمىز چىقتى بىزنىڭ...

— شۇنداقتىمۇ، سىزنىڭ كۆچمىكىڭىز ئالاھىدە سىڭدى...

— بەش كۈن، — دېدى مۇساخۇن قىسقا سۈكۈتتىن كېيىن، — سىلەرنى بەكمۇ سېغىندۇق... راستىنلا سىز كېتىپ قالسىڭىز - زە... — ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ چەتكە قارىۋالدى.

چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالغان مۇساخۇنغا قاراپ، قەلبىمنى بىر خىل ھېسداشلىق تىغى تىلغاپ ئۆتتى. ئاردىكى ئېغىر جىملىقنى تىترەك ئاۋازلىرى بىلەن يەنە مۇساخۇن بۇزدى:

— ئۆتكەندە ماگىزىنچىك قىلمىز، دەپ يېپىشتى سىزگە... توۋا، ئۇلارغا ئوقۇتقۇ-

چىلىق شۇنچە ئەرزىمەس ئىشمىكىن-تاڭ!

مەن بۇ مۇلايىم ئوقۇتقۇچىنىڭ خېلى رەتلىنىپ قالغان ئۇستىبېشىغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

كەتمەيدىغانلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇساخۇن ياتاقتىن خۇشال چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياق تىۋىشى بىلەن بىللە غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئاھ بىچارە، سېنىڭ پاك، ئۈمىدۋار رىشتىڭنى...

مەن ۋەدەمگە بىنائەن ھەلىمەگە خەت يازماقچى بولۇپ، قەغەز، قەلەم ئالدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا ۋە كامال نۇرغىمۇ كەسكىن جاۋاب بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. ھېلىقى كەچتە ئۇنىڭغا يالغان ئېيتقانلىقىمنى، تېخى «بىرسىنى تاپمىغانلىقىمنى» ئېيتماقچىمەن. شۇنداق قىلىپ، پۇت-قولۇمغا چىرمىشىپ تۇرغان بۇ تۈگۈنچەكلەرنى ۋاقتىدا يېشىۋەتمىسەم، بارغانچە ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

8

مەيدىنجان ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان مۇدىرلار تەربىيىلەش كۇرسىغا كەتتى. ئەمدى مەكتەپنىڭ پۈتۈن ئىشى يالغۇز ماڭا يۈكلىنىپ، ئۇھ دېگۈدەك ھالىم قالمىدى. بىرەر ياردەمچىنى تاپمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، لېكىن كىم بار؟ قۇناخۇنكامنى مەن بىلىمەن. مۇدىرلىقتىن قالغاندىن تارتىپ، مېنىڭ بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرمايدۇ، خۇددى ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى مەن تارتىۋالغاندەكلا. دەرس تەييارلىقىنى نائىلاج ماڭا تەكشۈرتمىسە، قاراي دېگەن كۆزىمۇ يوق. كەسىپ ۋە قابىلىيەتتە رەپقەت تۈزۈك. بىراق ئۇ، ئادەم باشقۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. يەنە تېخى، ئادەم بار-يوق دېمەي، ھېلىقى مەسخىرە قىلىدىغان ئادىتىنى تاشلىغىنى يوق. ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى:

مەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، ئۆز ئىچىمىزدىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى تەيىنلەپ، ئۈستۈمدىكى يۈكنى يېنىكلەتمەكچى بولۇپ، رەپقەتنى يۇقىرى يىللىقلارنىڭ ماتېماتىكا گۇرۇپپىسىغا باشلىق قىلدىم.

يىغىندا مېنىڭ لايىھەمنى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن قوللاشتى. لېكىن رەپقەت دەرھال قارشى چىقىپ:

— مۇدىرەنىڭ بۇ چارىسىغۇ ياخشى ئىكەن. لېكىن مەن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن،— دېدى.

— نېمىشقا؟

— ياق دېدىممۇ، بەس. سىنىپىمنىڭ ئاۋارىچىلىقىمۇ ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ. بىردەم ئۇلاردىن ئايرىلسام مەسىلە چىقىدۇ. ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلىمىسەم يەنە تەنقىد قىلارسىلەر، ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، بۇ يەردە چوڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئېتىز ئەمگىكىگە سېلىۋالىدىغان ئىش تېخى

تۇگىمەپتۇ. مېنىڭ قاچقۇنلىرىم، ھەيدەپ كەلمىسە، ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئوقۇمايدۇ...
— سىنىپىڭىزنىڭ كېلىش - كېتىشىگە بىز ياردەملىشەيلى، گورۇپپا باشلىقلىسى ئۈستىڭىزگە ئېلىۋېلىڭ! — دېدىم مەن.
— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم، — دېدى ئۇ، گېپىمگە ئۇلاپلا، — گورۇپپا باشلىقى بولالمايمەن. ئۇنىڭ سىرتىدا، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىش - كېتىش مەسىلىسىنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىپ ھەل قىلىڭلار.
— سىلەر، — دەپ كىمنى ئېيتىسىز، ھازىر يالغۇز مەنلا بار؟...
— سىز بولسىڭىز، سىزنى دەيمەن - دە، لېكىن مەن بۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن يالىنى ئوقۇتمەن.
— بەللى. يېڭى قۇناخۇنكامدىن بىرسى چىقىپتۇ ئەمدى.
مېنىڭ گېپىم بىلەن تەڭلا، قۇناخۇن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئورنىدىن بۆرگىدەك سەكرەپ قوپتى.
— كەچكىچە مېنى چىشلەپ تارتىۋەرمىسىلە خانىم، شۇ بىر ئېغىز گېپىم ئۈچۈن جازالانغان بولسامۇ - زە، بۇ چاقىچە جازا مۇددىتىمۇ توشقاندۇ، تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدىكى گەپنى سورۇپ...
مەن ئاغزىمنىڭ ئىتتىكلىكىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ، دەرھال قۇناخۇنكامدىن كەچۈرۈم سورىدىم.
— بوپتۇ، باللىرىڭىزنى يىغىپ بېرىشكە مەن مەسئۇل بولاي، گورۇپپا باشلىقى بولامسىز؟
— ياق! — دېدى رەپقەت كەسكىن تۈردە.
مۇئەللىملەرمۇ ماڭا يان باستى:
— ئۇنداق دەپلا تۇرۇۋالماڭ، رەپقەت.
— سىنىپىڭىزغا يېتىشەلمىسىڭىز بىزمۇ ياردەملىشەيلى.
— بۇ ھەممىڭىزنىڭ ئىشىغۇ، بىر نادىرەخانىم قايسى بىرسىگە يېتىشىپ بولىدۇ؟
— ياق دېدىمغۇ بۇرادەرلەر، ياق! ھەرقانچە ئىش قىلساڭمۇ بېرىدىغىنى يەنە شۇ قىرىق كوي.
— نېمە، سىز پۇل ئۈچۈنلا ئىشلەمتىڭىز؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ.
— سىز نېمە ئۈچۈن ئىشلەيسىز ئەمىسە؟ ھەممە ئادەم پۇل ئۈچۈن ئىشلەيدۇ - دە. قېنى، قايسى بىرىڭلارنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنى بەرمەي باقسۇنچۇ، راست گېپىڭلارنى شۇئان دەيسىلەر...
— خەلق ئۈچۈن ئىشلەش دېگەنچۇ، رەپقەت؟
— رەپقەت خاتالاشتىڭىز جۇمۇ!...
— خاتالاشقان بولسام جازالاڭلار، ھازىر جازالاڭلار مېنى!
رەپقەت گەپ يېمىدى. بەلكى يىغىن كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدى. ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا قۇناخۇنكام بولغان بولسا، رەپقەتنىڭ «پۇل ئۈچۈن...» دېگەن گېپىگە بەش

كۈن كۆرەش قىلغان بولاتتى. بىراق ئۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. مۇئەللىملەر
نېمە قىلمىز، دېگەندەك ماڭا قارىشىپ تۇراتتى. قوناخۇن بۇلۇڭغا بىمالال تىقىلىپ، خىرىلـ
داپ كۈلۈپ، تاماشا كۆرۈۋاتاتتى...

مەن قەتئىي قارارغا كېلىپ دېدىم:

— مەيلى، رەپقەتنىڭ كۆرۈپپا باشلىقلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەيمەن.

رەپقەت پەرۋاسىز ئولتۇراتتى. يىغىننى ئالدىراپ تاماملىدىم - دە، ئۇنىڭغا بۇتـىنىغـ
نىمچە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

شۇ پېتى بىز رەپقەت بىلەن ئۈچ كۈن گەپلەشمىدۇق. مەن دۇمسىيىپ قالغاندا
گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان رەپقەتمۇ نېمىشقىدۇر مەيۇس ۋە كىشىلەرگە ئارىلاشـ
ماي يۈردى.

— سەن خاتالاشتىڭ، دېگەن گەپكە ئاچچىقى كەپتۇ، — دېدى ئەتىگەن
ئىشخانىدا خۇماگۈل قولىقىمغا پىچىرلاپ.

— خاتالاشقىنى يالغانمۇ، ئۆزىنى پۇلىڭلا قولىمەن، دەپ تونۇيدىغان ئادەمنىڭ
قولىدىن ياخشىلىق كېلەمتى؟ — دېدىم مەن بىر چەتتە ئولتۇرغان رەپقەتكە ئاڭلىتىپ
تۇرۇپ.

رەپقەت بۇ قېتىم ئۈنچىقمىدى.

* *

مەن بۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان ئائىلە سۆھبىتى بىلەن بولدۇم. بولۇپمۇ مەكتەپ بو-
يىچە كېلىپ - كېتىشى گەۋدىلىك ناچار بولۇۋاتقان رەپقەتنىڭ سىنىپىنىڭ بالىلىرىنىڭ
ئۆيىگە ئاز قاتىرىمىدىم. ھېلى ئاتا - ئانىلارنى يىغىپ مەجلىس ئاچىمەن، ھېلى دۆي
كادىرلىرىغا يېلىنىمەن، ھېلى دادۆي، گۇڭشېغا چاپىمەن. ھەر ھالدا ماڭغان يولۇم
زايا كەتمەيۋاتاتتى. بالىلار كۈندىن - كۈنگە تولۇقلانماقتا ئىدى...

بۈگۈن ئاخىرقى بىر ئورۇن بولغان شور دۆۋىگە بېرىپ كەچ قايتتىم. بۇ مەھەللە
قۇمباشنىڭ ئەڭ يىراق ئەترىتى بولۇپ، رەپقەتنىڭ پەقەتلا مەكتەپكە كەلمەيۋاتقان
ئۈچ ئوقۇغۇچىسى مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ مەسىلىسى ھەل بولدى. ئۆزۈم خۇشال —
يول بويى كۆڭۈللۈك خىياللار ماڭا ھەمراھ بولدى.

زاۋال باسقان دالىدا كەچكۈزنىڭ مۇزدەك شامىلى چىقماقتا. قۇمباش ئاسمىنىنى
قارا بۇلۇتلار قاپساپ كەلمەكتە... مەن بۈگۈنكىدەك بۇنداق كەچ قالمىغانتىم. قەدىمىمنى
تېزلەتتىم.

كېلىۋاتىمەن. جىن، ئالۋاستى دېگەنلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىسەممۇ، بۇنداق ئايسىز
قاراڭغۇدا يالغۇز يۈرۈشتىن تېنىم ئەيمىنىشكە باشلىدى. شۇڭا قەدىمىمنى بارغانچە تېز-
لىتىپ، گاھىدا يۈگۈرۈپ كەلمەكتىمەن. يىراقلاردا كەپىلەرنىڭ پەنجىرىسىدىن قارا
چىراغنىڭ غۇۋا شولىسى پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى. قارىغا جىگدىلەرنىڭ چاڭگىدەك قويۇق
تىكەنلىك شاخلىرى ھۇشتەك چالاتتى...

بىردىنلا يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئېتىزلىقلارغا قوشۇلۇپ كېتىدـ

غان چىغىر يوللارنى دىققەتتىن سەللا ساقىت قىلىشقىمۇ بولمايتتى. ھەي... قانداقمۇ قىلارمەن؟ بۇنداق قاراڭغۇدا يولنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟...

مەن يۆنىلىشىمنى پەرىزىم بويىچە بەلگىلىدىم-دە، تاقىر ئېتىزلارنى ئارىلاپ، مېڭىشنى داۋام قىلدىم. پات-پات ئويمانلارغا چۈشۈپ مۈدۈرسەم، بەزىدە دۆۋىچەكلەرگە پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كېتەتتىم. قىرلارغا ئۈرۈلۈپ، يەر تايىنىپ قوپىمەن. كېتىۋاتىمەن، ئۇچقاندەك كېتىۋاتىمەن...

بىردىنلا پاتقاققا كىرىپ قالدىم. پۇتلىرىمنى تەستە تارتىپ، ئىككى قەدەم، ئۈچ قەدەم چامدىدىم. نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈۋالىمەن دەپ ئويلايتتىم، لېكىن پاتقاققا ئۇشۇقىمغىچە پاتتىم. پۇتۇمنى كۈچ بىلە تارتقاندىم، پەتىنكەم لاي تېگىدە سۇغۇرۇلۇپ قالدى. بۇ كاشالنى كۆرۈڭ ئەمدى! مەن ئېسىمنى يىغىپ ئالدىمغا قارىدىم. ئايسىز قاراڭغۇلۇقتا يوغان بىر پارچە شورلۇق غۇۋا ئاقىرىپ تۇراتتى. دېمەك، دېھقانلار زەي سۇنى چىقىرىۋېتىدىغان شورلۇق ئازگالغا كىرىپ قاپتىمەن. كەينىمگە قارىدىم. قىرغاقتىن ئاللىقاچان تۆت-بەش قەدەم يىراقلاپ كېتىپتىمەن. پۇتۇمنى قىمىرلاتسام‌لا بوتقىدەك ئاچچىق پاتقاق شۇنچە چوڭقۇر ئىچىگە تارتاتتى. ئاياقسىز قالغان تاپانلىرىم بارغانچە ئېچىشىشقا باشلىدى. ئامال قانچە، مىدىرلىماي تۇرۇشقا تىرىشىمەن. دالىنى ئاچچىق شامال ۋە مۇدھىش قاراڭغۇلۇق يالماپ كەلمەكتە...

بۇ يەرلىدا ئادەتتە كېچىسى يولۇچىلارمۇ كەم ماڭىدۇ، يىراقلاردا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلانغاندىن باشقا ئىنسى-جىنمۇ يوق. پەقەت سوغۇق شامال بەدەنگە نەشتەر تىقىدۇ. يۈز-كۆزلەرگە شور توپىلارنى ئۇرىدۇ...

مۇزلاپ تىترەشكە باشلىدىم. شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇپ، پىكرىم ھايات-مامات ئۈستىدىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. مىدىرلاپ قويسام‌لا، بۇ لەنىتى ئازگال ئۆزىنىڭ تەگسىز قوينىغا سۈمۈرۈشكە باشلايدۇ. جالاقلاپ تىترەۋاتىمەن. بەدەنلىرىم ئۇيۇشىدۇ، پۇتلىرىم ئۇيۇشماقتا... پاتقاق تىزلىرىمدىن ئاشتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى پاجىئەلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىدى... جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدىم. لېكىن ئاۋازىم پەقەت ئۆزۈمگىلا ئاڭلانغاندەك تۇيۇلاتتى.

يىراقتىن قول چىرىغىنىڭ تۇن قاراڭغۇسىنى كېسىپ پۇلاڭشىغان يورۇقى كۆرۈندى. بۇ يورۇق خۇددى مېنىڭ بى مەھەل يەر يۇتۇشقا باشلىغان ھاياتىمنىڭ ئۈمىد نۇرى ئىدى. چىراغ ناھايىتى ئاستا يېقىنلاپ كەلمەكتە. ۋاقىتنىڭ شۇنچە ئاستا ئۆتۈۋاتقىنىغا تىت-تىت بولاتتىم. يۈز مېتر... سەكسەن مېتر، ئەللىك مېتر...

يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرسىنىڭ ئاۋازى شۇنچە ئەسەبىي، ئاغزى بېسىقماي ۋالاقلايدۇ، لېكىن بۇ ئاۋاز ماڭا تونۇش ئىدى.

— مەن ... خاتالاشقان ... تۇرسام ... ھاراقتىن ئالمىغان ... ئاچچىقىمنى ... كىمدىن... ئالاتتىم مەن-ھە؟...

— ياق، سەن خاتالاشمايسەن ئاداش، — دەيتتى بىرسى، ئۇ ساق ئوخشايدۇ، — ئۇ مەسلىگە ئۇنداق قارايدىغان قىز ئەمەس.

ــ باشقىلار ... خاتالاشتىڭ دېدى ... ئۇ ئۇنچىقمىدى ... قوشۇلـدى دېگەن ... گەپ. تېخى يەنە ...

ــ يۈرىكىم خۇشاللىقتىن ئوقچۇپ كەتتى. بۇ بىزنىڭ رەپقەت ئىدى. پـۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ، توۋلىدىم:

ــ ئادەم بارمۇ؟... قۇتقۇزۇڭلار!...

ئۇلار دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىشتى:

ــ كىمسەن؟ كۆزۈڭ يوقمىدى، پاتقاققا شۇنچە پاتقۇدەك؟!...

ــ ئېزىپ قالدىم. رەپقەت ...

ــ هوي، نادىرەغۇ بۇ، ئاپلا ...


ئۇلار زەيلىكنىڭ قىرىدا تۇرۇپ ھەدەپ ماڭا قولىنى سوزاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ماڭا قولى يەتمەيتتى. مەن تۇرغان يەرگە كىرىش ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرگەندەك ئىش ئىدى. ناتونۇش يىگىتكە ئەقىل كەلدى بولغاي، يۈگۈرۈپ بېرىپ، نېرىقى جىگدىلىكتىن بىر تال پۇتاقلىق غولىنى قايرىپ كەلدى. ئۇلار غولىنىڭ بىر ئۇچىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ تارتماقچىدى، لېكىن مەندىن ماغدۇر كەتكەنىدى. ئىلاج بولمىدى.

ــ روماللىرىنى قولتۇقلىرىدىن باغلىسىلا! ــ دېدى ھېلىقى يىگىت. مېنىڭ ئېگىكىمگە ئاران يېتىدىغان ياغلىقىم بېلىمگە قانداقمۇ باغلانسۇن؟ بىردىنلا، رەپقەت قويىنىدىن بىر بولاقنى چىقىرىپ، ماڭا تاشلىدى.

ــ قولتۇقىڭىزدىن مەھكەم باغلاڭ! ــ دېدى ئۇ.

رەپقەتنىڭ ماڭا تاشلاپ بەرگىنى بىلىمگە بىمالال يەتكۈدەك ئۇزۇن تېۋىت شارپا ئىكەن...

غولىنىڭ پۇتىقىنى كۆكرىكىمگە باغلانغان شارپىدىن ئۆتكۈزۈشۈپ، كۈچەپ تارتىشقا باشلاشتى ... ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. ھەر ھالدا جانسىز تېنىمنى قىرغاقتا كۆردۈم. پاتقاققا مىلەنگەن ئۇستىبېشىمنى يەڭگۈشلەش، مېنى ئىسسىتىش كېرەكىدى. رەپقەتنىڭ ھەمراھى ئۇلاغ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ ئۆزى يوپكا ۋە پايپاقلىرىمنى



سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پاختىلىق چاپىنىنى كىيگۈزدى. مۇزلىغان پاقالچەكلىرىمنى قويىنىغا تىقتى. مەن ئۇنىڭ مەھكەم باغاشلىغان بىلەكلىرى ئاستىدا، جالاقلاپ تىترەۋاتقان تېنىمنى قۇچىقىغا تاشلاپ، بېشىمنى كۆكرىكىگە قويغىنىمچە نىمجان ياتاتتىم.

رەپقەت مېنىڭ ئائىلە سۆھبىتىگە — دەل ئۆزىنىڭ سىنىپىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كەتكەنلىكىمنى بىلەتتى.

— سەل ... ئىسسىۋاتامسىز، نادىرە....؟

رەپقەتنىڭ تىنىقىدىن ھاراقنىڭ سېسىق بۇسى كېلەتتى. مېنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، رەپقەت شۈك بولۇپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭمۇ كۆكرىكىنىڭ دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم پەسلەۋاتقىنىنى تۇيدۇم. ئۇ بۇرنىنى يېنىك تارتتى. كەينىدىن مەڭزىمگە ئىككى تامچە ئىسسىق ياش تامدى.

* *

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە ھوشۇمغا كەلدىم. گۈڭشې دوختۇرخانىسىدا ياتاتتىم. كېيىن ئۇقسام، شۇ كۈنى كېچىسى ئۆپكەمگە قاتتىق سوغۇق تېگىپ ئىششىپ كېتىپتۇ.

ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندا-ساندىكى سانجىقلىق كالتە يۆتەلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزۈم خۇشال ئىدىم. گەرچە شۇ كۈنى كېچىسى پاتقاققا پېتىپ، مۇشۇ كېسەلنى تاپقان بولساممۇ خىزمىتىمدىكى نەتىجىدىن مەمنۇن ئىدىم. يەنە نېمە ئۈچۈندۇر، كۆڭلۈمنىڭ قات-قېتىدىن بىر خىل ھاياجانلىق سېزىم دولقۇن ئۇراتتى.

مەن ھوشۇمغا كەلگەن چېغىمدا ھېلىقى كۈنكى گۈللۈك تىۋىت شارپ بويىنۇمدا تۇراتتى. قىزىق، پاتقاققا مىلەنگەن شارپىنى كىم پاكىزە يۇيۇپ، بويىنۇمغا سېلىپ قويدىكىنە؟!... مەن ئۇنى بويىنۇمدىن ئېلىپ، چىرايلىق قاتلاپ تومبۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم. تېخى توي قىلمىغان رەپقەت بۇ شارپىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ نېمە قىلاتتىكىنە؟ بىرەر سۆيگۈنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالغان بولمىسۇن! خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئەندىكىپ كەتتىم. نېمىگىدۇ تارلىقىم كېلىپ، قەلبىمنىڭ ئاللىقانداقتۇ بىر يېرىدە ھەسەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

مۇئەللىملەر مېنى يوقلاپ، بالنىتسىغا كېلىپ تۇراتتى. لېكىن رەپقەت ھوشۇمغا كەلگەندىن بۇيان بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىدى. ئۇ كۆرۈنمىگەنسېرى پات-پات خىيالىم ئۇنىڭغا ئاغاتتى. خۇددى ھېلىقى، مېنى پاتقاقتىن قۇتقۇزغان ئىشلار چۈشتەكلا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، رەپقەتنىڭ مېنى يوقلاپ كەلمەسلىكى خۇددى تەبىئىي ھالدەك، ئاداۋىتى بار كىشىلەر شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىكتەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ سىنىپىنىڭ ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، مېنىڭ ئەجرىمنىڭ زايا كەتمىگەنلىكىنى ئېيتىشقانىدى. ھەي، رەپقەت! ھېچبولمىسا، ئاشۇ ئەقىدەم ئۈچۈن بولسىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈڭ لازىم ئىدىغۇ!... مەيلى، مىننەتدار بولمىساڭ، بولمىغىن، مەنمۇ سېنىڭ مىننەتدارلىقىڭغا موھتاج ئەمەس. لېكىن، ئاشۇ كېچىدىكى پاجىئەلىك ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭغا مەن رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. سېنى مەست ھالەتتە ماڭا يولۇقتۇرغان تەقدىرگە مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە-دە، تەقـ

دىر سېنى ماڭا ئۇچراتمىغان بولسا، تەگسىز پاتقاقلىق ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن بولسام، سەن جەسىتىمنى ئىزدەرمىدىڭ؟ جىنازامنى كۆتۈرەرمىدىڭ؟ ئاھ، قانچە دەھشەت - ھە؟!

رەپقەت ئاخىرى كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى تور سومكىدا ئەمدىلا ئۈزۈلگەندەك بىر-مۇنچە قىشلىق ئالما، كونسېرۋا، قەغەز كاروپكىلىق پېچىنىلەر بار ئىدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، نادىرە؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. لېكىن سۆز قىلالمىدىم. ئۇمۇ خۇددى مېنىڭ بىلەن ئال-دىن كېلىشىۋالغاندەك، قولىدىكى نەرسىلەرنى تومبۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۈنسىز ئول-تۇردى. جىملىق ئۇزارغانسېرى، ئۆزۈمنى ئوڭايسىز سېزىشكە باشلىدىم. ھېلىراقتا ئويلى-غان رەنجىشلىرىم خۇددى قايناۋاتقان قازانغا تاشلىغان بىر پارچە مۇزدەك، ئاستا-ئاستا ئېرىپ تۈگىدى. ئۇنىڭ ئېغىز يېرىپ بىرەر جۈملە سۆز قىلىشىنى شۇنچە خالايتتىم. لې-كىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

— سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن. شۇ كۈنى سىز كېلىپ قالمىغان بولسىڭىز ...

رەپقەت سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى:

— شۇنداقلا بىر ئۇچراپ قېلىش بولدى-دە، — ئۇ بىردىنلا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، نادىرە. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، سىنىپىمدىمۇ، خىزمىتىمدىمۇ جىق يېڭىلىق بولدى.

رەپقەت كۆزۈمگە بىردىنلا مۇلايىم، كەمتەر يىگىت بولۇپ كۆرۈندى.

— كۆڭلى يېقىنلارنىڭ بىر-بىرىگە رەھمەت ئېيتىپ يۈرۈشى ھاجەتسىز ... — بۇ سۆزنىڭ قانداقلارچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدىم. بىردىنلا يۈزلىرىم قىزىرىپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

— ھە؟! ... — رەپقەت ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي ماڭا تىكىلدى. مەن كالپۇكلىرىمنى چىشلىگىنىمچە يەرگە قارىۋالدىم.

رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىشقا تەمشەلدى. مەن ئۇنىڭ قولىغا شارپىنى تۇتقۇزدۇم.

— نېمە، بۇنى سىزگە؟! ...

— ياق، ياق! بىرسىگە ئاتايلاپ ئالغان نەرسىنى يەنە بىرسىگە سوۋغا قىلىپ يۈرمەك، مەن خىجىل بولىمەن.

— شۇ بىرسى ئۆزىڭىز مۇدىرە، سىزگىلا ...

مەن تېخىمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

— ئىشەنمىسىڭىز، ماگازىنچىكتىن سوراپ بېقىڭ!

رەپقەت ئۆرە تۇرغان پېتى مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

ھېلىقى كۈنى ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ماگىزىن تەرەپنى چۆگىلەپتۇ. شۇ كۈنى كوپىراتىپ ناھىيەدىن يېڭى مال كەلتۈرگەن بولۇپ، شۇ ماللار ئى-چىدە ئون دانە تىۋىت شارپا بار ئىكەن. ھەممىنىڭ كۆزى شۇنىڭغا چۈشۈپ تالىشىپتۇ، لېكىن مال يېتىشمەيدىكەن. بېشى قاتقان ماگازىنچىك بىردىنلا چارە ئويلاپ «تويى قىلى-

دىغانلارغا سېتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا يىگىتلەر توي خېتىڭلارنى چىقىرىڭلار، ھېچبولمىغان-
دا، تويلىشىدىغان قىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭلار» دەپتۇ. شۇلار قاتارىدا رەپقەت «مەن-
مۇ يېقىندا توي قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. «كىم بىلەن؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بې-
رىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەپتۇ. ئاخىرى ئۇ قىزىرىپ تۇرۇپ «نادىرە بىلەن تـوي قىلىمەن!»
دەپتۇ ...
رەپقەتنىڭ شەيتانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھې-
كايىسى مېنى ھەم خىجىل قىلدى، ھەم خۇشال ...!
— يۈزى قېلىن، يوق گەپنى خەققە يېيىپ، ئۇيالمىدىڭىزمۇ؟...
مەن يۈزۈمنى تام تەرەپكە قىلىپ، دومسىيىپ ئولتۇردۇم.
— قىزىق، سىزدە يوق گەپ بولغىنى بىلەن، مېنىڭ يۈرىكىمدە خېلىدىن بۇيان بار
گەپ!...— دېدى ئۇ ۋە شارپىنى بوينۇمغا سېلىپ قويدى.
— ساراڭلىق قىلماڭ، ئاتاپ ئالغان كىشىڭىزگە ساقلاپ قويۇڭ!... مەن شارپىنى بوي-
نۇمدىن يۇلۇپ ئېلىپ، نېرى ياققا قويدۇم. رەپقەت تېرىكمىدى، بەلكى ئالدىمغا ئۆتۈپ
دېدى:
— بۇنىڭدىن كېيىن، سىزنى ھەرگىزمۇ بوزەك قىلمايمەن. خىزمىتىڭىزنى ھەرقاچان،
ھەر جايدا قوللايمەن! ئىشەنمىسىڭىز قەسەم قىلىپ بېرەي!...

9

بىز قۇمباش دېھقانلىرى ئىچىدە مەدەنىيەتتە قەد كۆتۈرۈش دولقۇنىنى قوزغىدۇق.
بۇ— 1965 - يىلىنىڭ كەچكۈز پەسلى ئىدى. تالاي «دولقۇن» لارغا جېنىنى ئۇرۇپ، ئا-
خىرىدا مەغلۇبىيەتتىن باش كۆتۈرمىگەن قۇمباشلىقلار «مەدەنىيەتتە قەد كـۆتۈرۈش دول-
قۇنى» تەشەببۇس قىلىنغاندا سالقىن پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇلار دېلىغۇل بولۇشاتتى، ئىشەنچ-
سىز ھـالدا «قۇمباشتەك بۇنداق نامرات يۇرتتا مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش دېگەنلىك،
كالا ھارۋىسىغا ماتور بېكىتىشكە ئوخشاش قاملاشمىغان ئىش، بىزگە مەدەنىيەتلىك بولۇشنى
كىم قويۇپتۇ؟ ...» دېگۈچىلەرمۇ چىقتى. لېكىن مۇئەللىملەرنىڭ بۇ پائالىيەتتىكى روھـى
ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلاتتى. ئاخىرى ئىشىمىزنىڭ بېشى
ئوڭۇشلۇق بولۇشقا باشلىدى.
خىزمىتىمىزنى ئەترەتلەردە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى تەشـكىللەشتىن باشلىدۇق.
ئەسلى، بۇ يېزىدا ساۋاتلىق دېھقانلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز ئىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
ھەر بىر ئائىلىدە بىردىنمۇ ساۋاتلىق ئادەم بار دېيىشمۇ، كۆپتۈرگەنلىك بولاتتى. بىز ئاۋ-
ۋال مەكتەپ يېشىدا تۇرۇپ ئوقۇمايـدىغان «ئۆسمۈر ئەمگەك كۈچلىرى» نى مەكـتەپكە
ياندۇرۇپ كېلىپ ئوقۇتتۇق. ئۇلار 3 - سىنىپ سەۋىيىسىگە يەتـمىسە، مەكـتەپتىن قايتۇر-
مايتتۇق. ياشلار ئىچىدىمۇ ساۋاتسىز قىز- يىگىتلەرنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلـ-
ماسلىقتەك «يەرلىـك سىياسەت» لەرنى بەلگىلىۋالدۇق ... نەتـىجىدە، قولىنى بىلەيدەك
قاداق باسقان ساقال - بۇرۇتلۇق ئادەملەرمۇ، يوغان گۈللۈك شەمبىزە كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى

يېرىلغان تاپانلىرىغىچە يېپىپ كېيىدىغان يالاڭاياق جۇۋانلارمۇ، بىكار بولسىلا مۇڭدەك بېسىپ ياڭىقى چۇشكۈدەك ئەسنەپ ئولتۇرىدىغان ئەرلەرمۇ قوللىرىغا دەپتەر، قەلەم ئېلىپ، ھەرپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇلار پات قىزىپ، پات سوۋۇيدىغانلاردىن ئىكەن. يۈز ماڭدامغا تېگەن سوققىن ياكى بىر مو يەرگە قوم قويغىن، دېسە ھېچ نارازى بولۇشمايتتى، لېكىن قولى خەتكە كەلمىگەن ھامان تىت-تىت بولۇشۇپ: «ئوقۇمىساق نېمە بولماقچى، ئەپەندىم؟ يەنىلا كەتمىنىمىزنى چېپىپ، قېپىمىزنى كۆتۈرۈپ، يەر تېرىۋېرىمىز» دېيىشەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئاغزى قۇرۇغۇچە چۈشەندۈرەتتى. سۆزلەپ ھارمايتتى. ئاخىرى خەقنى قايىل قىلدۇق. ھەممىدىن بالدۇر قايىل بولۇدىغانلار يەنە شۇ بىچارە ئاياللار. ئۇلارنى خۇدا شۇنداق كۆڭۈللۈك، تىرىشچان ياراتقانمىكىن. ئاھ، بايقۇشلار، بىرەر ئىشقا باش لىڭشىتىپ، ماقۇل بولدىمۇ-بولدى. خۇددى ئېغىر ھارۋىنى تىرەجەپ، شورتاڭلىقتىن سۆرەپ چىقمىغۇچە توشۇڭنى بوشاتمايدىغان يۇۋاش ئاتلارغا ئوخشايدۇ. ساۋات چىقىرىشتىمۇ شۇنداق بولدى. يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتكەن ئەركەكلەرنى مازاق قىلىپ بىر يەرگە ئېلىپ باردى.

بىر شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەترەتلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتۇق. ئەترەت مەركىزىدىن مۇۋاپىق ئۆيلەرنى تېپىپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ، تاملارغا ھەر خىل رەسىملەرنى يېپىشتۇردۇق. ياشلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتابلارنى يىغدۇق. ئەترەتتىن ئاز-تولا پۇل چىقىرىپ، دامكا، كالاڭچۇر، ئاتلىمچۇققا ئوخشاش ئويۇنچۇقلارنى سېتىۋالدۇق. ياشلار ئىشى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا، مەدەنىيەت ئۆيىگە توپلىشاتتى... قىزلار، چوكانلار دەسلەپتە كەچكى پائالىيەتكە كېلىشتىن قورقۇپ يۈردى. كېيىن، مېنىڭ شۇ يەردىكى ئىشلارغا قارىشىپ يۈرگەنلىكىمنى، گاھىدا ئەزالارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئۇقۇپ، ئاستا-ئاستا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقانداقى قايتقاندا، مېنى بىللە ئالغاچ كېتىپ قوندۇرۇۋالغۇسى كېلەتتى. ھەتتا نۆۋەت بىلەن ئېلىپ كېتىشەتتى. خوتۇن. قىزلار يېڭىلىقنى شۇنچە تېز قوبۇل قىلىدىغان خەقمىز، قۇمباش قىز-چوكانلىرى ئۇزۇن ۋە كەڭ كۆينەكلىرىنى، گۈللۈك چىت ئىشتانلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، تىزىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان تار يوپكىلارنى، ناسكا پايپاقلارنى كىيىپ يۈرىدىغان بولۇشتى. ياغلىقنى بويىنغا تاشلاپ، چاچلىرىغا تاغاق قىسىۋالىدىغانلارمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي، گۇڭشې مۇدىرىغا ئېيتىپ يۈرۈپ، مەھەللىلەرگە سىملىق رادىئو تارتقۇزدۇق ھەمدە ئەزالارنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىمدىن كىنو كۆرۈشىنى كاپالەتلەندۈردۇق. قىسقىسى، بىر بىر قىش مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش دولقۇنى قوزغاپ، قۇمباش يېزىسىدا يېڭى مەنىۋى قىياپەت ياراتقانىدۇق. ئامما بىزدىن رازى بولغىنىدەك، بىزمۇ ئۆز ئىشىمىزدىن مەمنۇنىدۇق. شۇ يىلى بىزنىڭ قۇمباشقا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە كادىرلىرى چۈشتى. كادىرلار ئەترەتلەرگە بېرىشى بىلەنلا بىزنىڭ ساۋات چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە ياردەملەشتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئوقۇتۇشقا تەسىر يەتمىسىلا بىر ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا رازى ئىدۇق.

قىشلىق كانىكول ئىدى. مېنى سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۈمىكىنىڭ تەركىبىگە قوشقانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتى. بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتكە تولۇق قاتناشتىم، يېقىندا 2 - مەۋسۇملۇك دەرس باشلىناتتى. لېكىن گۇڭشېدىن مەيدىنجاننى قايسىدۇ بىر دادۇيگە، مېنى 6 - ئەترەتكە بەلگىلەپتۇ.

— قانداق گەپ بۇ؟ ئوقۇتۇشنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم مەن ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە، — مۇدىرغا ئەھۋالنى ئېيتىڭ، مەكتەپتە كىشى يوق دەڭ.

گۇڭشې مۇدىرى ئۇنىڭغا «بالىنى سىلەرلا ئوقۇتاتتىڭلارمۇ، باشقا مۇئەللىملەر نېمىش قىلىدۇ؟ گېزى كەلگەندە، ھەممە سىنىپنى بىرلا ئادەم ئوقۇتۇپ تۇرسىمۇ بولىدۇ» دەپتۇ. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ھەيران بولدۇم، كېيىن ئاچچىقىمدىن يېرىلغۇدەك بولدۇم:

— قىزىق، ئوقۇتۇش دېگەننىڭ قانۇنىيىتىنى بىلەمدۇ ئۇلار، توۋا، ھەممىسىنى يىغىپ بىرلا ئادەم ئوقۇتقۇدەك، ئەترەتنىڭ مەجلىسى ئەمەس - تە، بۇ ... — دېدىم تېرىكىپ ۋە ئۇ مۇدىر بىلەن ئۆزۈم بېرىپ سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ:

— ئىككى ئايلىقلا خىزمەت ئىكەن. تاكاللىشىشتىن پايدا يوق، نادىرە خانىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈندۈزلىرى نۆۋەت بىلەن مەكتەپتە بولىمىز، بولىدى بارماڭ! — دەپ يولۇمنى توسۇۋدى. ئامال قانچە، ئوقۇتۇشقا سەل قارايدىغان، ئوقۇتقۇچىلىقنى ئەرزىمەس ئىش بىلىدىغان رەھبەرلەر قۇمباشتىلا ئەمەس، بەلكى باشقا جايلاردىمۇ تولۇق يېتىپتۇ. ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئۈستىدىن سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئىش بولسىدى، كۆڭلۈم ئەمەس، كېچىسى ئىشلەشكىمۇ رازى ئىدىم.

ياق، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى ئۈنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ئىكەن. مەن جەمئىيەتكە ئارىلىشىپلا تېخى بىلىپ ئۈلگۈرمىگەن بىر تالاي ساۋاتلاردىن خەۋەردار بولدۇم. بۇيەردە بىر - بىرىدىن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر تولۇق يېتىپتۇ.

مەن چۈشكەن ئەترەت روزىخان چوڭنامىلارنىڭ ئەترىتى ئىدى. دېھقانلار ناتوغرا سىياسەت، سىنىپىي كۈرەشلەر ئۈستىدە ئازراق سايرايدىكەن. كادىرلاردىكى بيۇروكراتلىق، نەپسانىيەتچىلىك، مەھسۇلاتنىڭ ئاشماسلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقىنىدەك ئەھۋاللار ئۈستىدە كۆپرەك قايىنايدىكەن. ئۇلار بەزىلەرنىڭ «سۇ كېتىدۇ، ساي قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ، تەربىيە كادىرلىرى كېتىپ بىز يەنە بۇ ئادەملەرنىڭ قولىغا قالىمىز، ئاغرىق، ئاداۋەتنى ئاۋۇتۇپ، كۆڭلىمىزنى زىدە قىلغۇچە، پىكىر بەرمەيلا قويايلى» دېگەن گەپلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمايدىكەن. «بىزدىن ئۈچ ئالسا، شۇ ھېچنەرسە كەلمەيدىغان نومۇرنى تارتىپ قالار، قولىمىزدىن كەتمەننىغۇ تارتىۋالمايدۇ، ئاغزىمىز بولغاندىكىن، يۇقىرىغا ئەرز قىلىشنى بىلىمىز» دېيىشىدىكەن. دېمەك بۇمۇ ئەزالار ئىچىدىكى بىر خىل ئويغىنىش - تە.

ھەرىكەت باشلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، 6 - ئەترەتلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئامبارچىسى، ھازىرقى بوغالتىرى نامەت كالاچنى ئوتتۇرىغا ئېلىشتى. نامەت بويىنى گۆشلۈك، ئىككى قوۋۇزى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، پۇلتايغان قورسىقىنىڭ ئۈستىدىن بەل-

باغ باغلاپ يۇرۇدىغان دىقماق ئادەم ئىدى. خەقنىڭ پاش قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى راست بولسا، ئۇنىڭ ئاشلىق، پاختا ۋە نەقپۇل خىيانىتىلا بەش مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى... خۇ-دايا، بىر قورساقتا شۇنچە نەرسە پېتىپكەتسە - ھە؟! ...

نامەت ئۇستىدىن روزىخان چوڭنامىنىڭ قىلغان شىكايىتى ھەممىنىڭ لەنەت - نەپرىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. كىشىلەر روزىخان مومايىنىڭ بويىغا يەتكەن چىرايلىق قىزىنىڭ پا-جىئەلىك ئۆلۈم ۋەقەسىنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. نورما بېرىش باھانىسى بىلەن ئۇ-نىڭ قىزلىق نومۇسىنى ئاياغ - ئاستى قىلغان، قىزنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغان بۇ مەلئۇن ئاخىرى خەلق ئالدىدا رەسۋا بولدى. قانۇن ئۇنى دەرھال قولغا ئالدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتسۇن!

* *

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن مەيدىنىجان ئىتىزلىقتا يۈگۈرۈپ كەلدى. قىشلىق كانىكولدىن بۇيان ئۇنى كۆرمىگەنىدىم.

— خۇش خەۋەر نادىرەخانىم، خۇش خەۋەر. سىزنى پارتىيىگە تەربىيىلىمەكچى بول-دۇق، — دېدى ئۇ سالامىلىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ.

مەيدىنىجان مەكتىپىمىزدىكى بىردىنبىر پارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇ ياچېيكا يىغى-نىنىڭ قارارىنى ئېلىپ، مېنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى كەلگەن چېغى.

— سىزنى پارتىيە ئەزالىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغان دەپ قارى-غان بولساقمۇ، ھازىرغا قەدەر يازغان بىرەر پارچىمۇ ئىلتىماسىڭىزنى تاپالمىدۇق. بۇ توغ-رىدا مەنمۇ يەتكۈدەك يۈك توقماق يېدىم. تەنقىدلىنىشكە ھەقلىقمەن - دە! مەكتەپتىكى پارتىيە ۋەكىلى تۇرۇپ، سىلەردەك ئاكتىپ كۈچلەرنى تەربىيىلىمىگەندىكىن ... ھېلىمۇ كېچىكمىدۇق. بىز بىر - بىرىمىزنى بىلىشمەيدىغانلاردىن ئەمەسقۇ؟... — ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمە-دىكى توپا دۆۋىسىگە زوڭزايدى، — سىزنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە بولغان تونۇشىڭىزنى ئۇق-سام ۋە قانداق ئىلتىماس يېزىشىڭىز ھەققىدە مەسلىھەت بەرسەملا بولدى. قانداق، خۇش بولدىڭىزمۇ؟

مەن ئاستىمدىكى پىچاندىن بىر تال يۇلۇۋېلىپ، ئاغزىمغا سالدىم. ئۇنىڭ قىرتاق تەمى تىلىمنى ئېچىشتۇرغاندەك بولدى. بىزدىن 50 قەدەمچە نېرىدا ئاياللار بۇغداي تو-پىلاۋاتاتتى. قومباشنىڭ قۇرغاق، سوغۇق شامىلى دومبەمدىن ئۇرۇپ تۇراتتى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ نادىرە، ھېچبولمىسا، رەھمەتمۇ دېمەيسىز؟ ھى ... ھى ... ھى ...!

مەن قىردىكى ئاپئاق شورنى جىجاپ ئولتۇرغان قوللىرىم بىلەن، كاتەكچە يوللۇق يوپكامنى تىزلىرىمغا تارتىپ قويدۇم - دە، تىلىمنىڭ ئۇچىدىكى چاينالغان پىچان يەوپۇر-مىقىنى تۈكۈرۈۋەتتىم. ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى چۈشىنىكسىز قىياپەتنى كۆرسە كېرەك، ھەيران بولغىنىچە ماڭا قادىلىپلا قاپتۇ.

— سىزگە ئەلۋەتتە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، مەيدىنىجان ئاكا ... لېكىن - زە، مەن پارتىيىگە كىرەلمەيمەن.

مەن ئاخىرقى بۇ جۈملىنى چىشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ناھايىتى بوش ئېيتتىم. بىراق ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئازاب ۋە ئەلەمدىن دەھشەتلىك بوران كۆتۈردى.

— ھە، نېمىشقا، سىز؟! ...— مەيدىنىجان ماڭا چۆچۈپ قارىدى. ئۇ مېنىڭ بۇنچە چوڭ ۋە ئەڭ پرىنسىپاللىق مەسىلىدە بۇنداق ساراڭلارچە جاۋاب بېرىشىمنى ئويلاپ باقمىسا كېرەك.

— كومپارتىيىگە ئەزا بولۇش ھەرقانداق جۇڭگو پۇقراسىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ئىش تۇرسا؟! ...

— شۇنداق. لېكىن مەن بۇنداق خۇشاللىقنىڭ ماڭا نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن... — مېنىڭ ئاۋازىم بىردىنلا غوڭ قاپاقتەك بوغۇلۇپ قالدى. گېلىمگە بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك، نەپەس ئېلىشتىن قىينىلاتتىم. دىماقلىرىم لازا ئۇۋۇۋاقى كىرىپ كەتكەندەك ئېچىشىپ كەتتى ... بىر مىنۇتلۇق سۈكۈتتىن كېيىن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ مەيدىنىجانغا قارىدىم، — سىز بىلمەيسىز مۇدىر: مەن تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى بىر ئۇنسۇرنىڭ — ئوڭچى ئۇنسۇرنىڭ قىزى ... شۇڭلاشقا، پارتىيىگە كىرىشتەك ئۇلۇغۋار شان - شەرەپتىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەنمەن ....— مەن بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم ... ئۇ مېنىڭ يىغا ئارىلاش ئېيتقانلىرىمنى ئۈمىدسىز ھالدا تىڭشاشقا مەجبۇر ئىدى.

مەيدىنىجان مېنىڭ «خىزمەتچى» ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىمنى تالاي قېتىم توشقۇزغان ئانكېتلاردىن بىلەتتى.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىمدىكى بۇنداق مۇرەككەپلىكنى بىلمەيتتى.

— سىز ئۇ دادىڭىزدىن چەك - چېگرا ئاجراتمىغانمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلالمايمەن! ...— مېنىڭ جىددىي ۋە كەسكىن جاۋابىم مەيدىنىجاننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى مۇمكىن قەدەر تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن مېنى پارتىيىگە ئۆتكۈزىمىز، دەپ ئاۋارە بولماسسىلەر. غەيرىي بىر كۆچەتنى پەرۋىش قىلىمىز، دەپ بىكار ئەجىر قىلماسسىلەر ...

مەن بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدۈم. ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتىمگە ۋە تىرىشچانلىقىمغا ھەقىقەتەنمۇ قايىل ئىدى. ئۇ يىللاردا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئالىي ئىستەك، ئۇلۇغۋار غايە، شېرىن ئارزۇ - ئۈمىد دېگەنلەر مېنىڭدىمۇ چەكسىز ئىدى. مەن ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۈچ يىل، بەش يىل ھەتتا يەتتە يىللاپ ئوقۇشنى، مول بىلىملىرىم بىلەن جەمئىيەتنىڭ سەلتەنەتلىك سەھنىلىرىدە چولپاندەك پارلاپ نۇر چېچىشنى، خەلقىم پەخىرلەنگۈدەك ئىلىم ئەھلى بولۇشنى ئارمان قىلاتتىم، لېكىن تەقدىرنىڭ رەھىمسىز قاپقىقى مېنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان پاك ئارمانلىرىمنى توسۇپ قويدى. مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنىدىم.

كۆزلىرىم ئىششىغىچە يىغلاپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. دادام بىلەن ئاپامنىڭ چىرايلىرىدىمۇ ئاچچىق ئازاب ۋە ئېغىر خورلۇقنىڭ ئىزلىرى ئەكس ئېتەتتى. تەشكىل شۇ

كۆزى ئۇلارغىمۇ: «سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپ قوبۇل قىلمايدۇ، سىلەر قىزىڭلارنى ھۈنەرگە بەرسەڭلارمۇ، ئەرگە بەرسەڭلارمۇ ئىختىيار» دەپتۇ. دادام مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېشىغا ئېلىپ مېنى ۋە ئىككى ئىنىمنى ئوقۇتۇۋاتاتتى. ھېلىقى گەپتىن كېيىن ئۇ «ئوغۇللارنىمۇ ئوقۇتماسلىق كېرەك، سادىرنى ياغاچچىلىققا، باتۇرنى تۆمۈرچىلىككە بېرەيلى، نادىرە ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن» دەپتۇ ئاپامغا.

دادام مېنىڭ كەيپىياتىمنى كۆرۈپلا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى:

— ھەممىگە مەن ئەيىپلىك، قىزىم. سىلەرنىڭ ئەسكى داداڭلار ئۆزىگىمۇ قىلغان، سىلەرگىمۇ قىلدى... سىلەر مېنى... دادا دېمەڭلار، قۇلۇنلىرىم! — دېدى. بىز دادىمىزنىڭ بۇنچە ئازابلىنىپ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەس ئىدۇق. ئۇنىڭ نالىسى مېنىڭمۇ، ئاپامنىڭمۇ يۈرىكىمىزنى ئېزىۋەتتى.

— ياق، سىز ئوبدان، بەك ئوبدانسىز، دادا! مەن سىزنى ھېچكىمنىڭ دادىسىغا تەڭ قىلمايمەن، سىز...! — دېدىم ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

دادام مېنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، تېخىمۇ قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلىدى.

مەن دادامنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇ بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى مەرىپەت يولىدا ئۆتكەن. شىڭ شىسەي ئۇنى بالا مۇئەللىم قىلىپ ئىشلىتىپتۇ. گومىنداڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، بىر ئىپتىدائىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغانىكەن. پەقەت گومىنداڭغا ئەزا بولغانلا گۇناھى بار ئىدى. ئۇ چاغدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بىرنېمە ئىكەن...

ئازادلىقتىن كېيىن دادام تەشكىلگە ئۆزىنىڭ تارىخىنى تولۇق تاپشۇرۇپ، كەڭچىلىككە ئېرىشىپتۇ. يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. لېكىن-زە، ئازمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ بىچارە دادام 1958-يىلى پارتىيە تەشكىلىگە پىكىر بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوڭچى قالپىقىنى كىيىپ خىزمەتتىن قوغلىنىپ، ئىككى يىللىق رېجىمغا ئېلىنىپ كەتتى.

مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر يىل ئاۋۋال دادام رېجىم مۇددىتىنى تۈگىتىپ، يېنىپ كەلگەندى.

بىز چوڭايغانسېرى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلاشقىلى تۇردى. شەھەردە ھېچقانداق تاپاۋىتىسىز بەش جاننىڭ كۈن ئۆتكۈزمىكى ئوڭايمۇ... ئاخىرى ئاپام مېنى بىرسىگە تۇرمۇشقا بېرەيلى دېسە كېرەك، دادام بۇنىڭغا قەتئىي ئۇنىماي، ماڭا ئەڭ چەت ناھىيىدىكى «كاسات ۋە ئەرزىمەس» خىزمەتنى — ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تېپىپتۇ.

— بار قىزىم، ئەڭ-يىراق، ئەڭ نامرات، ناھىيە دېمەي بارغىن، لېكىن ئوقۇتقۇچىلىقتىن قول ئۈزمە. ئاتا كەسپىنى تاشلىمىغىن، بالام. مەن 20 يىل ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ نېنى بىلەن سىلەرنى چوڭ قىلىپ، بۇ ئائىلىنى بېقىپ كەلگەن. ئەڭ مۇھىمى، قانچە يۈزلەپ ئوغۇل-قىزغا ئازدۇر كۆپتۇر بىلىم بېرىپ، قەلبىگە يورۇقلۇق بەخش ئەتكەنمەن. دۇنيادا پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن پەخىرلىنىشكە تېگىش-

لىك ... ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ قەدرى-قىممىتى تۆكەپ كېتىۋاتقان ھازىرقى چاغدا ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىغان ئادەملا ئەڭ ئالىيجاناب ۋە ئەقىللىقتۇر ... نادىرە! مەن سېنى تولۇق ئوقۇتالمىدىم، ئارزۇ-ئارمانلىرىڭ ئىچىڭدە قالدى. لېكىن بۇ بەختسىزلىك ئەمەس، تۇرمۇش، ھايات، كۆرەش سېنى ئۆز قوينىدا تولۇق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشىگە ئىشەنگىن. چۈنكى، نەزەردىن يىراق، خىلۋەت ماكانلاردىمۇ ئۆمۈر بويى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بىلىم، كىشى ئاسانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئېسىل خەزىنىلەر بار. بۇ سەۋىرچان، چىدامىلىق ئادەملەرگىلا مەنسۇپ ... — دەپ ئۇزاتتى مېنى دادام.

مەيدىنجان مېنىڭ سۆزلىرىمنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— مانا بۇ، بىر ئەكسىلئىنقىلابچى دادىنىڭ، كىشىلەر ئەڭ يامان ئۇنسۇر، دەپ بىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھىتى. ئېيتىڭا، بۇ نەسىھەتنىڭ نەرى يامان؟! مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن پەرزەنتىنى تەربىيىلەيدىغان دادىسىدىن كىممۇ «چەك-چېگرا» ئاجراتسۇن؟! مەن يەنە بىر قېتىم سىزگە ئېيتايكى، مېنىڭ دادام ئەڭ ياخشى، ئېسىل دادىلاردىن، ئۇنى ھەرقانداق كىشىنىڭ دادىسىغا تەڭ قىلمايمەن!... لېكىن، — دېدىم مەن، سۆزۈمنىڭ ئەسلى مەنىسىگە قايتىپ، — مېنى ئوقۇغۇچىلىرىم «ئوقۇتقۇچى» دەپ ئاتىسىلا، خەق «مۇئەللىمە» دەپ تونۇسىلا، مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ زور بەخت ۋە خۇشاللىقىم مۇشۇ، مەيدىنجان ئاكا!

مەيدىنجان ئاككۆڭۈل، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ نېمىشقىدۇ، مېنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىمگە باش لىڭشىتىپ ئولتۇردى. بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ، سورىدى:

— ئېپادىسى ياخشى بولغان دۈشمەن پەرزەنتلىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش بارىدە، ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولسىچۇ، يەنە مۇشۇ پىكرىڭىزدە تۇرامسىز؟

— توغرا، پارتىيىمىزنىڭ سىياستى ناھايىتى توغرا ۋە ئېنىق، ئېيتىڭچۇ، ھازىر ئۇنى كىم ئىجرا قىلىۋاتىدۇ؟... بىرەر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەلەمسىز؟... سىياسەت پەقەت ھۆججەت تەرىقىسىدە، باشلىقلارنىڭ ئىشكاپلىرىدا قېتى ئېچىلماي يېتىۋېرىدۇ. ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— ئىجرا قىلىنىپ قالسىچۇ؟

— ئۇنى مەندىن سورامسىز؟ پەرزەنتلەر سىياستى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىدىغان ئىش بولسا، مېنى شەرتى توشتى دەپ تونۇسا، ئەلۋەتتە پارتىيىگە ئەزا بولىمەن.

مەيدىنجان ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىنى تۈزەشتۈردى.

— ياچېيكىغا ئېيتىمەن، قېنى، ئۇلار غىدىڭ-پىدىڭ دەپ باقسۇنچۇ... لېكىن نادىرە، سىز ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىڭىزنى يېزىپ تاپشۇرۇڭ!

ئۇ يانچۇقىدىن پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۈنچىقمىدىم.

تووۋا، 30 ياشتىن ئاشقان خېلى قابىل ئادەممۇ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى شۇنچە ئاددى چاغلايدىكەن - ھە؟!

## خاتىمە

قەدىرلىكىم رەپقەت:

يېزىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىدىغان ئوخشايمەن، ئارىدىكى يىگىرمە يىل — ئىككىمىزگە سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى ۋە بەختلىك ئائىلىنىڭ شېرىن تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان، بېشىمىزغا مالامەتلىك تەقدىرنىڭ كۆلپەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن يىگىرمە يىل، بىزگە يارقىن سۈرەتتەك ياد بولۇپ كەتكەن يىگىرمە يىل بىر - بىرىمىزگە ئورتاق بولغان قەلبىمىزدىلا ساقلانسۇن.

ئۆتتەك قىزغىن ياشلىقنى، ئىپتىخارلىنىشقا تېگىشلىك بۆچمەس مۇساپىلارنى ھەممە مۇھەببەت ۋە ئائىلە تارىخىنى ئەسلەش ۋە يېزىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى - ھە! ئەپسۇس، مەن ئۇلارنى يازالمىدىم. چۈنكى ئۇ بەختىيار مىنۇتلار، گۈزەل ياشلىق مىنۇتلىرى ئالدىنقى ئون يىل ئىچىدە «ئېرىقتىكى لاي سۇدەك» مەنىسىز ئېقىپ تۈگىدى. ئۇلارنى يېزىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاشۇ ئون يىلنى قالدۇرماي يېزىش كېرەك - تە. بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك چاغلىرىمىز ئاشۇ ئون يىلنىڭ قاتلىرىغا خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنى يازماي بولامتى؟... لېكىن ئۇ يىللارنى يازغۇچىلار شۇنچە كۆپ يازدى. بىزگە تەقدىرداش بولغان تالاي ئوبرازلارنى يارىتىپ، شىكەستىلەنگەن كۆڭۈلمىزگە تەسەللى بەردى. سىزگە مەلۇم، مەن ئۇ يىللاردا قومباش جاڭگاللىقىدىكى ياۋا توشقانلارغا ئوخشاش غەمسىز ۋە ئەركىن يايراپ يۈرۈۋەردىم. چۈنكى ئۇلار ھەرقانچە نائىنساپ بولغاندىمۇ، مېنىڭ قولۇمدىن بور بىلەن ئۆچۈرگۈچنى تارتىۋالمىغانىدى. مېنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىم ئاشۇ بور بىلەن ئۆچۈرگۈچتە ئىدى. بەختىم ۋە ئىپتىخارىم قومباش دالىسىدا ئىدى...

رەپقەت سىز ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ، يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇۋاتىسىز. مەن شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردىم. بەخت ئىچىدە تۆت بالىغا ئانا بولدۇم. ئانا بولۇش — ھەممە ئاياللارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ئارزۇسى بولسا كېرەك. مەن بالىلىرىم بىلەن پەخىرلىنىمەن.

ئەپسۇسكى، بەخت ۋە سائادەت بىزگە ئەمدى چىراي ئاچقاندا، مېنىڭ سالامەتلىكىم ئوساللىشىشقا باشلىدى. 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ماڭا ھېلىقى لەنىتى پاتقاقتىن ئاپىرىدە بولغان ئۆپكە كېسىلى مېنى ئاخىرى ھاياتىمدىن ئايرىيدىغان ئوخشايدۇ. «ئادەم ئۆلسە نېمە بوپتۇ؟» دېگەن ئىدىمغۇ، مەن ئۆزۈمدىن ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى مەن توپتوغرا 20 يىل دەرس مۇنبىرىدە تۇردۇم. شۇنداقلا 20 يىل سىنىپ تەربىيىچىسى بولدۇم. بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەخىرلىنىشكە

تېگىشلىك. شۇڭلاشقا مەن ئارمانسىز ئۆلۈمەن رەپقەت.

ھە، راست، تۈنۈگۈن چوڭ قىزىمىز ئىپاردىن خەت كەپتۇ. ئۇ بىرسى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ئوخشايدۇ. «ئوقۇشى پۈتكەندە ئۈرۈمچىدە قالماقچىمىز» دەپتۇ. مېنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خەت يېزىپ قويۇڭ، قۇمباشقا قايتىپ كەلمىسە، گۆرۈمدە ئۆرە ئولتۇرىمەن. ئۇ قۇمباشنىڭ شورلۇق تۇپرىقى ئۈستىگە تۇغۇلدى، كۆك يانتاقلار قاپلاپ كەتكەن دالىدا چوڭ بولدى. بۈگۈن بۇ دىيارغا ئەسقاتقۇدەك بولغاندا، شەھەرگە قاچماقچىمىكەن؟ باللار چوڭ بولۇپ، ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپلا ھەممىسى ئۆز يېزىسىدىن تانسا، ھېچكىم بۇنداق يۇرتقا كېلىشنى خالىمىسا، بۇ ئۇچىغا چىققان تۇزكورلۇق-تە. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە تۇغۇلۇپ قالغان بولسا، ئۆلۈۋالاتتىمكىن ئۇ، ئەتىلا خەت يېزىڭ، ئاپاكىمۇ، مەنمۇ رازى ئەمەسمىز-دەڭ! بىزنىڭ قىزىمىز بولسا، سۆيگۈنىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇمباشقا قايتىپ كەلسۇن. قۇمباشنى سوتسىيالىستىك گۈزەل باغچا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بىز قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى داۋام قىلغۇچىلارلا بىزنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرىمىز بولۇشقا مۇناسىپ. شۇنداقمۇ رەپقەت؟

رەپقەت، سۆيۈملۈكۈم، چامادانىنى ئاچسىڭىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەم سىز ئەينى ۋاقىتتا ماڭا سوۋغا قىلغان گۈللۈك تىۋىت شارپام بار. ئۇ بەلكىم ئاللىقاچان سىزنىڭ يادىڭىزدىن چىقىپ كەتكەندۇ؟ ئۇنى بىرقانچە يىل ئىلگىرى «ئارتىشۋالساڭچۇ» دەيتتىڭىز. كېيىنچە ئۇنتۇپ كەتتىڭىز. بىراق، مەن ئۇنى ھازىرغىچە قەدىرلەپ ساقلىدىم. كىر قوندۇرماي پاك ساقلىدىم. بىلىسىز، بۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قەدىرلىگەنلىكىمنىڭ سىمۋولى، رەپقەت... كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ! تىۋىت... شارپىنى... مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئىپارنىڭ بېشىغا سېلىپ قويۇڭ!

ئۇھ!...

سىزگە ئاتىغان قىسسەمنى ئاخىرى يېزىپ تاماملىدىم. ئاداققى مەقسىتىم ئىشقا ئاشقىچە جېنىمنى تېنىمدىن ئايرىمىغان خۇدايىمغا رەھمەت!

ئەلۋىدا، سۆيۈملۈكۈم رەپقەت!

ئەلۋىدا، قەدىرلىك ئەل-يۇرت!

---

(بېشى 142 - بەتتە)

بىز ھازىر قاپىيە بولسىلا شېئىر دېيىشكە، بىر-ئىككى مىسرانى جايىدا قويالىسىلا، شائىر دېيىشكە ئادەتلەندۇق، شائىر كىم؟ شائىر قانداق ئادەم بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلاشمىدۇق، بۇ مەسىلىلەرنى زوقلانغۇچىلار ئويلىنىشتىن بۇرۇن، شائىرلار، شائىر بولغۇچىلار، شائىر بولۇشنى خالايدىغانلار ئويلىنىشى كېرەك!

زۇنۇن قادىرى

# چۆمۈلە بىلەن قارا چېكەتكە

(مەسەل)

خاتىرجەم، تىنچ بىر مەھەللىدە
بار ئىكەندۇق بىر قارا چېكەتكە.
كېچىچە چىقىراپ ياتمايدىكەن،
باشقىلارنى ھېچ ئۇخلاتمايدىكەن.
قىرقىپ بۇزار ئىكەن خەلق مۈلكىنى،
بۇنى ئاز دەپ تېخى بىر كۈنى
چۆمۈلىنى قىلماقچى بوپتۇ شىرىك:
«سەن خېلى ئىكەنسەن، تىرىك! —
دەپتۇ ماختاپ چېكەتكە چۆمۈلىنى،—
جۆر مېنىڭ ئارقامدىن، بىرگە بولىلى،
يۆكۈك ئېغىر ئىكەن، سەن ئۇنى تاشلا!
ماڭا جۆر بولۇپ ناخشاڭنى باشلا!
جېنىڭنى قىينىما، ئاداش، سەن مۇنچە،
مەن بىلەن بىللە ئويناپ، كۆل يازىچە.»
«يوق گەپنى قىلمىغىن! — دەپتۇ چۆمۈلە،—
چىرقىراپ يۈرمەيمەن سەن بىلەن بىللە!
بىكار ئويىنمايمەن ھېچكىم بىلەن مەن،
يازدا ئوزۇق توپلايمەن پەم بىلەن.
چۈنكى ياز تېزىكى ئالتۇن قىشتا،
بىل، قاراۋاي، راھەتنىڭ تۈۋى ئىشتا!»
«بىلىپ قوي، راھەت كۆرسەتمەيمەن ساڭا!
ئاخىرى باش ئېگىسەن ئاۋاق ماڭا!»
دەپتۇ قارا چېكەتكە ئاچچىقلاپ،
يىقىتماقچى بولۇپ ئورا كولاپ.
قاراڭلار، بۇ قارا نىيەت زەھەرنى!
تېپىپتۇ مەھەللە باشلىقى چايانى.
ئاڭا بايان قىلىپ يالغان شىكايەت،
توقۇپتۇ غەلىتە بىر ھېكايەت:
«كۆرسىلە، تەخسىر، چۆمۈلە ئەبلەخنى!
گەپ ئاڭلىمايدىغان ئۇ شۇم بەدبەخنى!
كېچىسى ئارام بەرمەيدۇ چىرقىراپ،
پۈتۈن ئەتراپنى كېزىدۇ پىرقىراپ.
غاجايدۇ قىرقىپ خەلق مۈلكىنى،
كۆرۈپ قالدىم شۇ ئوغرىنى بىر كۈنى:
كەلدى ئۆزىدىن يوغان نەرسە كۆتۈرۈپ،
تىقتى ئۇنى بىر تۆشۈككە مۆكۈنۈپ.»
چېكەتكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شۇ ھامان
غەزەپكە كېلىپتۇ جانابى چايان،
چاپارمەنلىرىگە كايىپ جار سېپتۇ:
«يوقات چۆمۈلىنى!» دەپ ۋارقىراپتۇ.
بۇزۇلۇپتۇ بىچارىنىڭ ئۇۋىسى،
چېچىلىپتۇ قىشلىق يىققان دۆۋىسى.
كۆردۈڭلارمۇ، قاراۋاي چېقىمچىنى؟
خاراب قىلدى ئىشچان چۆمۈلىنى.

*          *

بۇ ھېكايىنىڭ مەنىسى شۇنداق،
خەلق ماقالىدا ئېيتىلغان مۇنداق:
ئۆزىدە تۇرسىمۇ تاغارلاپ گۇناھ،
قاپ ئېلىپ ئىزدەپتۇ ئۆزگىدىن يانا.

مۇھەممەت ئىمىن

# مەنسەپچاننىڭ تەكلىپى

(ساتىرا)

كېلىپ قاپسىز، باشلىق، پىكىر ئېلىشقا،
نامزاتلارنى تارازىغا سېلىشقا.
چېكىپ تۇرۇپ تاللانمىسا ياخشىسى،
بولماس پەقەت ئۇتۇقتىن سۆز ئېچىشقا.
بولۇش كېرەك رەھبەردە پەم-پاراسەت،
رەھبەر دېگەن نامغا لايىق سالاپەت.
ئۆتۈپ گېپى، كېسەر ئاندىن پىچىقى،
ئاقار ئىشمۇ ئېقىن سۇدەك كارامەت.
رەھبەر يەنە چۆكۈش كېرەك ئاممىغا،
يېتىپ دائىم چوڭ-كىچىكنىڭ ھالىغا.
رەھبەر بولسا سىزدەك بولسا، كۆيۈنسە،
ئاتا-ئانا كۆيۈنگەندەك بالىغا.
ئەي مۇھتەرەم باشلىق، قىلسام لىللا گەپ،
خاتا تاللاپ قالماڭ ھەرگىز پۇشمان يەپ.
ئاڭلىشىمچە، نامزاتلىققا بەزىلەر
كۆرستىپتۇ ئەمەتنىمۇ بولار دەپ.
قابىل ئىمىش، دادىل ئىمىش ھەممىدە ياش،
ماڭالايمىش بىزنى باشلاپ بولسا باش.
راست گەپ قىلسام، بۇيرىماسسىز ئەيىبكە،
ئۇ سايلانسا ئاۋۋال سىزگە ئاتار تاش.
بوينى قاتتىق گەدەنكەش ئۇ، بىر دېمەڭ،
ئۇنى-بۇنى چوقار تېرىپ جىدەڭ-جەڭ.
سىلكىشلەيدۇ كۆزگە ئىلماي باشلىقنى،
ئارقىسىدىن ئىشلىتىدۇ ھىيلە-رەڭ.
«پېشقەدەملەر قاتمال» — دەيدۇ
تەپتارتماي،
«يول بوشاتسۇن!» — دەيدۇ تېخى — «جىم
ياتماي...»
ھوقۇق تۇتسا ئىش كۆرەرمىش باشقىچە،
پېشقان تۈزۈم-يوسۇنلارنى ياراتماي.
شۇڭا ئۇنىڭ قابىللىقى قۇرۇسۇن،
شاللاقلىقى-دادىللىقى قۇرۇسۇن.
ياشلىقى ياش، تەجرىبىسى كەم بىراق،
كۆزى كورنىڭ مايىللىقى قۇرۇسۇن.
سەمەتنىڭمۇ ئەيىبى كۆپ، يارىماس،
ئوسال بولغاچ ئاڭا ھېچكىم قارىماس.
ئەقەللىسى بىلمەس رەتلىك يۈرۈشنى،
ئايدا ھەتتا چېچىنى بىر تارىماس.
ئۆتۈپ كەتكەن بىر گۆمۈش ئۇ، مۆرىمەس،
سۆرەمپالاس، تەپمىگىچە تەۋرىمەس.
شىجائەتتىن بولماس ئېغىز ئاچقىلى،
«جانلىق، جۇشقۇن» دېگەن سۆزنى
بىلمەس، بەس.
نوپۇزى يوق، يۈز-ئابرويسىز بۇنداق
زات،
رەھبەر بولسا قايىل بولماس ئامما پات.
ئۈيۈشمايدۇ، چېچىلىدۇ قوم كەبى،
ھەركىم بېشى قايغان ياققا سالار ئات.
غەلىبە قانداق قولغا كېلەر ئۇ چاغدا؟
ھەسرەت چېكىپ قالمامدىمىز بىز داغدا؟
يۈرەمدىمىز باياۋاندا سۆرۈلۈپ،
باشقىلار شاد تۈزسە بەزمە گۈلباغدا؟
شۇڭا بولماس ئۆستۈرۈشكە سەمەتنى،
تاشلىمايلى بەك ئالدىراپ بىلەتنى.
يېشىمۇ چوڭ، چىرىپ كەتكەن پور كۆتەك،
تۆۋرۈك قىلساق ياغدۇرالماس بەركەتنى.
ئېپى باردەك قىلار مەمەت دەپ قالماڭ،
سۆز-ھەرىكىتى، سىرتىغىلا سەپسالماڭ.

ياخشىچاق ئۇ، كۆز بوياپچى، بەدنىيەت،
گۇرۇھۋازلار سۆزلىرىگە ئالدانماڭ.

ياسىنىدۇ سەتەڭ قىزدەك، قورچاقتەك،
ئىزا تارتماي، ئەر تۇرۇپمۇ توپاقتەك.

مايلاپ تۇرار كۈندە بەش رەت كەشىنى،
ئۈچ ۋاق قىرار ئېڭىكنى سويماقتەك.

پىچاق بىسى دەپ قالىسىز شىمىنى،
قويماي ئالار يېڭى چىققان نېمىنى.

ئىسراپ قىلار، بۇزۇپ چاچار يەپ ئىچىپ،
يەكشەنبىدە ئۈزۈلمەيدۇ مېھمىنى.

كەشپىياتنى قالپاق قىلىپ ئۇرۇپ لاپ،
ئەتراپىغا ئادەم توپلار كوسۇرلاپ.

دەيمىش تېخى: «بۆسۈپ يېڭى ئۆتكەلنى،
ۋەتەنگە شان كەلتۈرىمىز بىھساب...»

ماھىيەتتە گۇرۇھ بولغان ئۇيۇشۇپ،
رەھبەرلىككە قارشى پىلان قۇرۇشۇپ.

ھوقۇق تارتىش غەرىزىنى چىرايلىق —
سۆز - ئىبارە پىچىتىگە ئۇرۇشۇپ.

بىلىسىزغۇ ئايشەمخاننى، تول ئايال،
بالىسى ئۈچ، ئۆتەر كۈنى قەدىرھال.

ئەھۋال ئېيتسا قاراپ تۇرماس رەھبەرلىك،
ياردەم پۇلى تەستىقلايدۇ، يوق ھايال.

بىراق مەمەت ئۇنى يولدىن ئازدۇرۇپ،
سىزگە قارشى قىلىپ قويدى، تەزدۇرۇپ.

يۇقىرىنىڭ ئابرويىنى چۈشەردى،
قۇتقۇزۇشنى ئۆزى بىردىپ، چاندۇرۇپ.

كۆمۈرنىمۇ توشۇپ بېرەر ئۆيىگە،
بانە تېپىپ قاتراپ بەش رەت كۈنىگە.

ئاردىكى مۇناسىۋەت بى نورمال،
«ئەر - خوتۇنمۇ؟» دەيسىز بېقىپ پەيلىگە.

مەمەتنىمۇ ئويلاشمايلى شۇڭلاشقا،
ياخشى نامزات كۆرسىتەيلى بىز باشقا.

ئوتتۇرا ياش، تازا پىشىپ يەتمىگەن،
ئۇ سايلانسا ئۇسسۇيمىزغۇ تام - تاشقا.

داۋۇت، ساۋۇت، ئاۋۇتلارمۇ بولمايدۇ،
دەڭسەپ باقساق شەرتكە زادى تولمايدۇ.

رەھبەرلىككە سادىق كىشى سايلانسا،
ئامەت گۈلى ئاندىن مەڭگۈ سولمايدۇ.

ھەق سۆزلىسەك، ئالساق مېنى مىسالغا،
ئولتۇرىمەن ھەرقانداق جىلىغ - مىسقالغا.

چۈشىنىسىز، سىزگە مايىل يۈرىكىم،
بىلىڭ، قاراپ دوكلات قىلغان ئەھۋالغا.

ئىداردا نېمە گەپ بار، دەپ تۇردۇم،
ئۆز ۋاقتىدا مەلۇماتنى ئەپ تۇردۇم.

گەدەنكەشنىڭ ئەدىبىنى بەرسۇن دەپ،
يېنىڭىزغا كۈندە ئون ۋاق كىرىپ تۇردۇم.

خەقلەر يامان دەيدۇ ئادىل سۆزلىسەم،
رەھبەرلىكنىڭ ئابرويىنى كۆزلىسەم.

شۇڭا مېنى كۆرسەتمەپتۇ كۆرەلمەي،
دادىل تۇرۇپ ئەگرىلەرنى تۈزلىسەم.

ئىشىڭىنى، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن،
نەگە بارسام سىزنى ماختاپ - داڭلايمەن.

تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقار خەق،
ئەمەس ئۇنداق نامەرد - دوقا ماڭلاي مەن،

مەن سايلانسام تاپتىن چىقماي چاپاتتىم،
سىزنى قوللاپ يېڭى قوشاق قاتاتتىم.

پىكىر قىلىپ، كىم ئالايتسا سىزگە كۆز،
نەپرىتىمنى ئوقيا قىلىپ ئاتاتتىم.

سىزنى مەڭگۈ ئۈلگە قىلىپ، چېچەكلەپ،
شېرىن مېۋە بىرەر ئىدىم يېتەكلەپ.

ئېغىشماستىن ماڭار ئىدىم ئاممىنى —
سىز كۆرسەتكەن مەنزىل تامان يېتەكلەپ.

ئىداردا ئۆتمەي قالماس سۆزىڭىز،
چۈشسە مەندەك خىل نامزاتقا كۆزىڭىز.

شۇڭا باشتا كۆرۈڭ مېنى ئويلىشىپ،
قالغىنىنى غاچ توغرىلاپ ئۆزىڭىز!...

ئۆمەرجان روزى

## لاپ گەپكە باج تۆلىگەنلىك توغرىسىدا ھېكايە

لاپ گەپكە باج ئالمايدۇ، دېگەن گەپ
بار،
بۇ ئەسلى پوچىلارغا مەسخىرە گەپ.
ۋە لېكىن ئاڭلاپ قالدىم مەن يېقىندا،
«بىر يىگىت لاپ گەپكە باج تۆلەپتۇ»
دەپ.

جەريانى خېلى قىزىق بۇ ۋەقەنىڭ،
ئاڭلىسا كۈلۈپ ئۈچەي ئۈزۈلگىدەك.
يازدىم مەن، ئىبرەت ئالسۇن پوچىلار، دەپ،
بۇ ئىشتىن،
ئۆزلىرىنى تۈزەتكىدەك.

* *

بار ئىكەن بىر يېزىدا زىبالى ياش،
زور ئىكەن ئەقىدارى، شىجائىتى.
تايىنىپ تېخنىكا ھەم بىلىمگە ئۇ،
قۇرۇپتۇ ھويلىسىدا ئۇن زاۋۇتى.

بىلىمى، تېخنىكىسى بولغاچ قانات،
تېپىپتۇ زاۋۇتىمۇ تېزلا روناق.
تارتىلار ئىكەن ئۇنىڭ زاۋۇتىدا،
ھەر كۈنى نەچچە مىڭ جىڭ بۇغداي،
قوناق.

كىرىمى - تاپاۋىتى كۆپىيىپ تېز،
بوپ قاپتۇ يېزىدا ئۇ «يېڭى بىر باي».
داڭقىنى ئاڭلاپ كەپتۇ زىيارەتكە
يېقىن ۋە يىراقتىكى كادىر قالماي.

يېزىنىڭ باشلىقلىرى ئاشۇ تېپتىن
ئېرىشمەك بوپتۇ شەرەپ - ئىناۋەتكە.
يوللىماق بوپتۇ ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى،
ناھىيە، ھەتتا تېخى ۋىلايەتكە.

كاتىپ: «بۇ ياشنىڭ يىللىق ساپ پايدىسى
سەككىز مىڭ سەككىز يۈز سوم» دەپ يېزىپتۇ.
بىر باشلىق كۆرۈپ ئۇنى كايىپ كېتىپ،
دەپتىكى: «بۇ سان بەكمۇ ئاز بوپ قاپتۇ.

توققۇز مىڭ يۈەن دەپلا يېزىڭ قورقماي،
ناھىيەگە بارسا جىڭدا ئۇلتۇرغۇدەك.
‹ئۇن مىڭ سوملۇق ئائىلە› يوقتى بىزدە،
بۇ بىر تېپ شۇ بوشلۇقنى تولدۇرغىدەك».

يەنە بىر باشلىق دەپتۇ: «تولۇق ئۇن مىڭ
بولمىسا شەرتكە توشماي قالارمىكىن؟»
«ئۇنداقتا، — دەپتۇ كاتىپ، — ئۇن مىڭ
يازاي،
زاۋۇتمۇ توختاپ قالماي ماڭغاندىكىن».

بېشىنى چايقاپ دەپتۇ يەنە بىرسى:
«ئۇن مىڭ سوم، دېسەك چېنىپ قالارمىكىن؟
ئۇنبىرمىڭ بىر يۈز ئۇن سوم يىللىق پايدا،
دەپ يازساق ئىشەنچلىك بولارمىكىن؟»

باشلىقلار كەپتۇ ئاخىر بىر قارارغا،
كاتىپقا ئارگىنالنى تۇتقۇزۇپتۇ.
كاتىپمۇ باشلىقلارنىڭ ئارزۇسىدەك،
بىر دوكلات يېزىپ ئىشنى پۈتكۈزۈپتۇ.

باشلىقلار دوكلاتتىن مەمنۇن بولۇپ،
يوللاپتۇ ناھىيەگە مۇھۇر بېسىپ.

كۆپ ئۆتمەي باجگىر كەپتۇ «ئون بىر مىلىڭ سوم
پايدا»دىن باج ئالغىلى تالون كېسىپ.

«بىر يىللا بولدى زاۋۇت قۇرغىنىمغا،
نەدىكىن ئون بىر مىلىڭ سوم دېگەن پايدا؟!
كىرىمگە لايىق يەنە چىقىممۇ بار،
قەرزىمنى ئۈزدۈم تېخى ئۆتكەن ئايدا...»

دەپ قاقشاپ، هال ئېيتىپتۇ ھېلىقى ياش،
ۋە لېكىن باجنى بەرمەي نېمە چارە؟
ئوقۇپتۇ پوچىلارغا تۈمەن لەنەت،
لاپ گەپكە باج تۆلگەن بۇ بىچارە.

*

ئاڭلىسام كېيىن يەنە باج بۆلۈمى،
تەكشۈرۈپ، ئوشۇق باجنى كۆتەرگەنمىش.
ناھىيىدىن شۇ يېزىنىڭ باشلىقىنى،
تەنقىدلەپ ئىزاغا راست ئۆلتۈرگەنمىش.

تۇرسۇن ئابباس

## كەلكۈندىن ئالغان نەپ

يار ئەتكىلى بۇ قېتىم
كەلدى كەنتكە قىرىق ئەمگەك.
سىكرېتارغا ئون ئادەم
ئىشلەپ بەردى ھەپتىدەك.
ئۆي سېلىشقا ئۇنىڭغا
كېسەك تۆكتى بىر تالاي.
ئىشلەپ كەتتى نەچچە كۈن
بولۇپ خۇددى قول - مالاي.
ئىش ھەققىگە بەرگىنى
ئۇچۋاق تاماق قورساققا.
ئىش تۈگىسە جاڭگالدىن
شور توشۇتتى ئوچاققا.

مەھەللىنىڭ باشلىقى
بىردىن كىشى ئەپقالدى.
«مەن كەلگۈچە ئېغىلدىن
قىغ چىقارسۇن...» دەپقالدى.
يىگىرمە تۆت ئەمگەكچى
تۇغ بېشىدا ئىشلىدى.
ئۇلار ھېرىپ - ھالسىراپ،
بارمىقىنى چىشلىدى.
نەپرەتلىنىپ بۇ ئىشتىن
يازدىم سىزگە ئەرزىيەت.
كەلكۈندىنمۇ نەپ ئالسا،
نىم بوپ كېتەر جەمئىيەت؟

## بىمار شىپا تاپامدۇ؟

ئەگەر چۈشسە ھاجىتىڭ
تېپىلمايدۇ فېنىسلىن.
سەۋەبىنى بىلمەيمىش،
ھېچقانداق بىر «ئىنسى - جىن!»
شۇنچىلىك قىس بۇ ئوكۇل
دورا شىركەت، دوختۇردا!
سېتىلغىنى قانداق گەپ
«ئەركىن بازار — ئوتتۇردا؟
كۆيۈنمىسە ھەي ئېيىت،
ئاغرىق ياتقان كېسەلگە؛
بۇ ئەمەسمۇ بەئەينى
زورلاش ئۆلۈم - ئەجەلگە؟
فېنىسلىننى كىم بەردى
ھايانكەشنىڭ قولىغا؟
ئوت كەتمەسمۇ قاغىشتىن
ئۇنىڭ كىيەن، گۆرىگە؟!
داۋالاش ۋە تىبابەت
ئۇنداق قىلسا ئاقامدۇ؟
ياخشى دورا، ئوكۇلسىز
بىمار شىپا تاپامدۇ؟

پەرھات ئابدۇرېھىم

## يالقۇن بىلەن كومۇتا

كومۇتا پەرۋانىغا ھەسەت قىلىپ،
نام - نىشان، شان - شۆھرەتنى مەقسەت قىلىپ.
ئالدىراش ئوت ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ،
غىڭشىغان پېتى ئاڭا مۇنداق دەپتۇ:
«ۋەسلىڭگە مەپتۇنىدىم ئەزەلدىنلا،
مەلۇمغۇ بۇ مەن ئېيتقان غەزەلدىنلا،
قانچىلىك نېمە ئىدى ئۇ پەرۋانە؟!
ئاتايمىش ئۇنى خەقلەر مەرد - مەردانە.
ئۇ شەرەپ ئەسلى مەنسۇپ ئىدى ماڭا،
ئېيتقىنا، كىممۇ مەندەك كۆيەر ساڭا؟»
بېرىپتۇ يالقۇن ئاڭا مۇنداق جاۋاب:
«تېنىڭنى هارارىتىم قىلۇر كاۋاپ.»
كومۇتا دەپتۇ: «مەيلى كۆيسەم - كۆيەي،
بېشىمغا كەلگىنىنى بىر يول كۆرەي.»

شۇ يوسۇن ئوتنى ئەچچە ئايلىنىپتۇ،
ئۆزىنى چىن ئاشىق دەپ ماختىنىپتۇ.
ئەپسۇسكى، ئوتقا ئۆزىنى ئاتالماپتۇ،
نام - ئابروي تاماسىدىن يانالماپتۇ.
بىردىنلا كۆچىيىپتۇ ئوت - ھارارەت،
قورۇلۇپ قاپتۇ شۇئان ئۇ ھاماقەت.
«شۇمىدى؟ — دەپتۇ يالقۇن، — ھالىڭ سېنىڭ؟
سېسىق كۆل ئىدى ئەسلى جايىڭ سېنىڭ،
ئۆزۈڭنى پەرۋانىدەك ئاتالمىدىڭ،
ئۆلسەڭمۇ شۇڭا ئاشىق سانالمىدىڭ.
بىرىلگەچ سەن ھەمىشە نام - شۆھرەتكە،
كۆمۈلدۈڭ ئەل ئىچىدە سەن نەپرەتكە.»
كىمكى قوغلاشماقچى بولسا ئاتاق،
كومۇتا تەقدىرىدىن ئالسۇن ساۋاق.

توختىمۇھەممەت تۇردى

## ئىلتىماس

شۇنداق بىر «قازان» بار بىزنىڭ ئورۇندا،
«ئۇ» ۋە «بۇ» ئۈستىدە قايناپلا كېتەر.
سۇمكىن دەپ قالماڭ ئىچىدىكىنى،
ئىچىدە ھەسەتتىن قايناىدۇ زەھەر!
چىققان بۇس بەئەينى ئەپيۇن تۈتۈنى،
تۇمانىدەك يۇرىدۇ بوشلۇقنى كېزىپ.
بىردەمدە ئۆچلىشىپ كېتەر «ئۇ» بىلەن،
«بۇ»نىڭ گەر قويىنىغا كەتسە ئۇ كىرىپ.

دەردىگە چىدالماي بىرنەچچە قېتىم،
ئاغزىنى يېپىپمۇ باقتۇق تۇۋاقتا.
ۋە لېكىن قايناپلا ئۆرۈپ تاشلىدى،
ياسالغان بولغاچقا تۇۋاق ياغاچتا.
ياپساق دەپ ئۇزۇندىن قازان ئاغزىنى،
باش قاتتى خىلمۇ خىل چارىلار ئويلاپ.
ئىلتىماس! بىر زاۋۇت كۆيۈنۈپ بىزگە،
بەرسكەن پولاتتىن بىر تۇۋاق ياساپ.

ئەنۋەر نىياز

## پۇت بىلەن كۆز

بىر كۈنى ماختىنىپ پۇت كەپتۇ سۆزگە،
دەپتۇ ئۇ كۆرەڭلەپ تىكىلىپ كۆزگە:
«سەن بولمىساڭمۇ مەن مېڭىۋېرىمەن،
كۆزلىگەن يېرىمگە بېرىۋېرىمەن.»
«مەن ساڭا يىراقنى يېقىن قىلمىسام،
كۆرەلمەي قالىسەن ئەتراپنى تامام.»
«ياخشىغۇ مېنىڭسىز ياشساڭ ئەگەر،
مېڭىۋەر يولۇڭغا، ئەزىز بۇرادەر.»

دەپتۇ كۆز شۇ ھامان يۇمۇلۇپ قاپتۇ،
بولۇپتۇ ئەتراپمۇ گۆردەك قاراڭغۇ.
پۇت بۇڭا تەن بەرمەي بېسىپتۇ قەدەم،
نىشانسىز ھەرياققا كېتىپ قاپتۇ ھەم.
ئاخىرى پۇتلىشىپ بىر چوڭ كۆتەككە،
يىقىلىپ چۈشۈپتۇ چوڭقۇر ئورەككە.
دەپتۇ ئۇ تەن بېرىپ شۇنىڭدىن كېيىن:
«سېنىڭسىز ماڭمىقىم ئىكەن بەك قىيىن.»

زوردۇن سابىر

# ياۋروپاغا سەپەر

(زىيارەت خاتىرىسى)

## سەپەرداشلار

7 - ئۆكتەبىر.

قولۇمدىكى يەتتە ۋاراقلىق پويىز بېلىتى، پاسپورتىمدىكى غەربىي گېرمانىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مەخسۇس تامغىسى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىدىن كىرىپ - چىقىشقا بەرگەن رۇخسەت ۋىزىلىرى ... مېنىڭ ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرىقى خاپىلىقلىرىم بىلەن چەت ئەلگە چىققۇچىلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگۈچى ئورۇنلارغا بولغان نارازىلىقىم، گېزىت - ژۇرناللارغا يازماقچى بولغان تەنقىدىي ماقالىلىرىم توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى بىردىنلا يوققا چىقىرىۋەتتى. بېلەت بىلەن پاسپورتىمغا قارايمەن - دە، خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمغا پاتمايمەن. ماڭا ھەممىلا نېمە، ھەتتا ئاپتوبۇس، مېترولاردىكى تىقمۇ - تىقماقچىلىق، قوپاللىقلار، تۆت كوچا ئېغىزلىرىدا ئاپتوبۇسلارنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا توختاپ قېلىشى قاتارلىق كىشىنى بېزار قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلماقتا.

مەن 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۈركسىپ تۆمۈريولىدا ئاسىيادىن ياۋروپاغا سەپەر قىلىمەن. دېمەك، يەر شارىنىڭ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ بېتىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 10 مىڭ كىلومېتىردەك يول ماڭىمەن. سەپەر خۇشاللىقى ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئىستىكى بىلەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. راستىنلا 7 - ئۆكتەبىر سەھەرلىكى بېيجىڭدىن پويىز بىلەن يولغا چىقتىم.

... پويىز چىڭلۇڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلغاندىن كېيىنلا مەن ئۆزۈم بىلەن بىر خانىدىكى ھەمراھلىرىم بىلەن تونۇشتۇم. بۇلار ئاۋستىرالىيىلىك ساياھەتچى

67 ياشلىق فوتوگرافىست ئەرك سابىلل، شاڭخەي سانائەت ئۇنىۋېرستېتىنىڭ يوگوسلاۋىيىدە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتى جاڭ ۋېنجۇن، كۆنمەن سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ شەرقىي بېرلىندا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتى خې تىيەنجىنلار. سابىلل بىر ئېغىزمۇ خەنزۇ تىلى بىلمەيدۇ، ئىككى يىگىت ئېنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ. مەن بولسام يادلىۋالغان ئانچە-مۇنچە ئېنگلىزچە تېرمىن ۋە جۈملىلەردىن باشقىنى بىلمەيمەن. مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ بىز بىر بۆلمىگە جايلاشقان تۆت ئادەم ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

مېنىڭ ئېتىملىق زاكوسكام بىلەن ئەلا سۈپەتلىك هاراقلىرىم سابىلل بوۋاينى ۋە ياشلارنى داستىخىنىمغا ئېلىپ كەلدى. بىزدىكى تەكەللۇپ، قورۇنۇش، ياسالمىلىقلار مانا شۇنىڭ بىلەن تېزلا يوقالدى. مەن سابىللىنىڭ تىكىپ قويغانىدەك قۇر-قۇر تۇرغان شالاڭ چاچلىرىغا قارىۋىدىم، ئۇ:

— مېنىڭ چېچىم ئوپېراتسىيە يولى بىلەن گەجگەمدىن ئالدى تەرىپىمگە كۆچۈرۈلگەن، — دېدى شالاڭ، سېرىق چاچلىرىنى سىلاپ، — بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغىنىغا 300 نەچچە دوللار ئالىدۇ، مەن ئالتە-يەتتە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئاران مۇشۇنچىلىك چاچلىق بولالىدىم. سىلەرنىڭ چاچلىرىڭلار قاپقارا، ئەجەب ياخشىكەن!

ئۇ دېڭىزدەك كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ بىزگە زوق بىلەن قارايدۇ. ئۇ، ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، مەندىن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا توختىماي سورايدۇ، مەن بىلگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىمەن. ئۇ، بىزگە ئۆزىنىڭ ئاۋستىرالىيىدىكى ئۆي-جايىنىڭ رەسىمىنى، ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىقى، جۇغراپىيىسى، كۆن ۋە بەش يۇلتۇزلۇق كىنگورا كۆنۈرۈپ تۇرغان بايرىقىنىڭ تارىخىنى تىنماستىن سۆزلەپ بەردى. ئۇ موگغۇلىيىنىڭ قار بىلەن قاپلانغان دەرەخسىز دالاسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا:

— بىزدە، هازىر قالتىس ئىللىق، سالقىن پەسىل. ھەممە يەر ياپېشىل دەرەخ، بىزدە مۇنداق قاقاس دالا يوق، — دېدى. شۇ چاغدا خانىغا يېڭى زېللاندىيىلىك ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇ قىزىل يۈزلۈك، تەمبەل، ساغلام يىگىت يېڭى زېللاندىيىدە ساقچى ئىكەن. ئۇ، ئۆز ئىسمىنى مارك فىن دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ، بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مازاق قىلىپ:

— سىلەر ئاۋستىرالىيىكىلەر ئەنگلىيىدىن سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق-پۇشتى. سىلەر قەھرىمان، ئىسيانچى بولۇشىڭلار لازىم ئىدى، لېكىن بۇ يىلقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە بىز سەككىز ئالتۇن مېدال ئالالىدۇق، سىلەر بىرنىمۇ ئالالمىدىڭلار، ھا... ھا... ھا...— دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

سابىلل ئۆز دۆلىتى توغرىسىدىكى بۇ چاقچاقنى ھار ئالدى، ئۇ كۆپكۆك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كەمشۈك ئاغزىنى مىتىلدىتىپ:

— شۇنداق بولسىمۇ سىلەرنى بىلىدىغانلار ئاز، بىزنى بىلىدىغانلار كۆپ! — دېدى.

يىگىت تېخىمۇ ماختاندى:

بىزنىڭ 6 مىليون تۇياقتىن كۆپ قويىمىز بار. كىشى بېشىغا چاچقاندا، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىمىز. سىلەر يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇۋسىلەر، ھا... ھا... ھا...

پويىز ئۇلانباتۇر ۋوگزالىدا توختىدى. بىز يەرگە چۈشۈپ ئەتراپنى تاماشا قىلدۇق. پاكار ئېدىرلىق قاپتاللىرىغا جايلاشقان بۇ شەھەر يوللىرى قىشلىق پەلتۇ، ئۆتۈك، قۇلاقچا كىيىشكەن ئادەملىرى بىلەن بىزگە يېڭى تۇيۇلدى. شەھەرگە ياندىشقان پاكار ئۆيلۈك مەھەللىلەردە كىگىز ئۆيلەرمۇ تۇرۇپتۇ. مەن موڭغۇل دالاسى توغرىسىدا كىتابلاردىن ئوقۇغانىمەن. مانا ئالدىمدا سېرىق توپىلىق تۆپىلىكلەر، ئادەمزاتسىز چۆللەر ياتماقتا. بۇ يەردىكى بايان ئۇلگوي دېگەن يەردە 300 مىڭ قازاق بارىكەن. تاشقى موڭغۇلىيە كونسۇلخانىسىدىكى ۋىزا باشقۇرغۇچى يىگىتنىڭ قازاقچە سۆزلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، قاقاس قاپتاللار ئارىسىغا جايلاشقان ئۇلانباتۇر شەھىرىدىن شىمالغا قاراپ ماڭغانسېرى ئادەمزاتسىز چۆللۈك باشلىنىپ، ئاخىر سۇخەيباتۇر شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى ئورمانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. تاغلار ئاق تۇمان بىلەن قاپلانغان، قار ئاستىدا شۇمشىيىگەن ياش قارىغايلار بىلەن سېرىق يوپۇرماقلىق ئارچىلار كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

ئەتىگەنلىكى ئويغانسام، ۋاگونغا يورۇق چۈشۈپتۇ. سابىلىل بوۋاي دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋېتىپتۇ. مەنمۇ سىرتقا قارىدىم. بىز بايقال بويلاپ شىمالغا كېتىۋېتىپتىمىز. بايقال جىمجىت، ئۇ ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان ئېرىنچەك بالىدەك ئاستا مىدىرلايدۇ، ئۇنىڭ تىنچ بېتىدە يېڭىدىن ئۆرۈلۈپ گىرۋىكىدىن باش چىقارغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جىمىرلايدۇ. كۆل بويىدىكى قارىغاي، ئارچىلارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىمۇ قېيىن يوپۇرماقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قىزارغان، ئەتراپ خۇددى يالقۇن ئىچىدە تۇرغاندەك. بايقالنىڭ نېرىقى قىرغاقلىرىدىكى قويۇق تۇمان بۇ يالقۇندىن كۆتۈرۈلگەن ئىستەك كۆرۈنىدۇ. سابىلىل بوۋاي بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقمىغان بىلەن ئۇنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئۆزىنىڭ بوك دەرەخلەر ئارىسىدىكى ياغاچ ئۆيىنى ئەسلەۋاتقىنىنى چۈشەندىم. چۈنكى مەنمۇ بايقال بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز سايرام بويلىرىنى ئەسلىدىم - دە!

شىمالغا قاراپ بىر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، قويۇق قېيىنزارلىققا كىردۇق. مەن ئىختىيارسىز «موسكۋادىن ئۇزاقتا»، «جاسارەت» رومانلىرىدىكى تايگا توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى ئەسلىدىم.

بايقال ئورمانلارنىڭ نېرىسىغا موكۇندى. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ تۆپىلىكلەر ئارىسىدىن چىراي كۆرسىتىپ قويىدۇ - دە، يەنە يوقىلىپ كېتىدۇ. مانا، يەنە بايقال كۆرۈندى، ئۇ بىزنىڭ شەرقىمىزدە، غەرب تەرىپىمىز قويۇق تايگا ئورمانلىقى. قارلىق تاغ چوققىلىرىمۇ يىراقلاردا كۆرۈنۈپ قالدۇ. بايقال يەنە كۆرۈنىدۇ، بېلىقچى كېمىلەر، جۇۋۇنىغا ئورۇنۇپ كۆلگە قاماق سېلىپ ئولتۇرغان ئادەملەر، ئۈستى چېدىرچىلاپ يېپىلغان قاراۋۇل ئۆيلىرى، ئېرىنچەك كالىلار - ئېكراندىكىدەك تېز - تېز ئۆتمەكتە. سىليودىيانكا ئىستانسىسىغا كەلگەندىلا مەن تۇنجى سوۋېت كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئوڭ تەرىپىمىز بايقال، سول تەرەپ تاغ باغرىدىكى شەھەر. قىشلىق كىيىم كىيىشكەن ئادەملەر ئالدىرىشىپ يۈرۈشمەكتە. مەن تەسەۋۋۇرۇمدا سوۋېت ئادەملىرىنىڭ كىيىنىش-

لىرى، مۇئامىلىسى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى بىزدىن ئۆزگىچە بولۇشى كېرەك، دەپ ئويـ-
لايتتىم. لېكىن بۇ يەردىكى ئادەملەر 50- يىللاردا مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئەينى
ئۆزى ئىدى. مەن تۆمۈردىن ياسالغان پىيادىلەر كۆۋرۈكى ئۈستىگە چىقىپ شەھەرنى
تاماشا قىلدىم. شەھەر چىرايلىق ئىكەن. لېكىن پويىز ئىستانسىسى قاتمۇ - قات پويىزلار
بىلەن تولغان.

بىز تاغ ئۈستىدە كېتىۋاتىمىز. بايقال ئاستىمىزدا — تۆۋەندە چەكسىز يېيىلىپ ياتـ-
ماقتا. سابىلل بوۋاي ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەقىقىي ساياھەت ئەمدى باشلاندى، كۆلگە قاراڭلار، قانداق چىرايلىق، ئۇنىڭ
تىلىنى بىلمەيسىلەر، مەن دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلىمەن. كۆلمۇ سۆزلەيدۇ، دېڭىزمۇ سۆز-
لەيدۇ. بۇ، تىلسىملارنىڭ بېتىگە قاراپ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

خوش، بايقال نېمە دەيدۇ؟

— بوران چىقىدۇ، دولقۇنلايمەن، دەيدۇ. بۇ كۆلنىڭ بېلىقى بەك قىممەت ئىكەن.
ئاۋستىرالىيەدىن ئون باراۋەر قىممەت ئىكەن. چايچىمانى ① دەيدىغانلار بۇ يەردىمۇ جىقكەن.
ئالدىغا تۇخۇم، پەمىدۇر قويۇپ ئولتۇرىدىغان مومايلار چېغىدا مېنى ئالدىماقچى بولۇپ
چايچىمانى، دەيدۇ تېخى. بىزدە بۇنداق سودىگەرلەر يوق، تۇخۇم، پەمىدور ساتىدىغان
مومايلار يوق!

— ئۇلاردىن چوڭلىرى باردە؟ — دېدى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن يېڭى زىللاندى-
بىلىك ساقچى، — سىزگە پايدا بەرمەكچىغۇ ئۇلار. بىر ئامېرىكا دوللىرى ئاران 0.6 رۇبـ-
لى. لېكىن ئۇلار بىر دوللارنى ئۈچ رۇبلىغا ئالىمىز دەۋاتسا، يەنە يامان دەيسىزغۇ؟
بايقالنىڭ بېلىقى سىلەرنىڭ دېڭىز بېلىقىڭلاردىن تاتلىق، شۇڭا قىممەت. نېمىشقا دەمسىز؟
سىلەر بېلىقنى پاراخوت بىلەن تۇتىسىلەر، بۇ يەردىكىلەر قاماق بىلەن تۇتىدۇ، ھا ...ھا...ھا...

بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا ياقمىدى. مەن بىزدىن يىراقلاپ قېلىۋاتقان بايـ-
قالنى ماختىدىم:

— دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر كۆل — بايقال كۆلى. بىزنىڭ ئېرتىش دەرياسىز
مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. شۇڭا بۇ كۆلنىڭ بېلىقى ئالتاي ئېرتىش بېلىقى بىلەن ئوخشاش،
ناھايىتى تەملىك.

— كۆلنىڭ چوڭقۇرى بۇ يەردە بولسا، دېڭىزنىڭ دۇنيا بويىچە چوڭقۇر يېرى
بىزدە، — دېدى سابىلل كۈلۈپ تۇرۇپ.

تاغنىڭ ئېگىزى بىزدە! — دېدى شىياۋ جاڭ.

— ئويمانلىقنىڭ چوڭقۇرى تۇرپانمۇ بىزدە، — دېدى شىياۋ خې.

سۆھبىتىمىزگە ھاكچىلارنىڭ ئالا - بۇلماچ كىيىمىدەك ئىشتان - چاپان كىيگەن ئا-
مېرىكىلىق يىگىت بىلەن غەربىي گېرمانىيىلىك قىزلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى:

— تەكلىماكانمۇ گۈزەل، ھاۋا تەڭشەيدۇ. مەن بەك قىزىقىمەن. پۈتۈن ياۋروپا
ياپيېشىل بىر باغ، لېكىن بۇنداق تەڭشىگۈچ يوق.

① چايچىما — دوللار تېگىشەمسەن؟

— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ياۋروپاغا ئۆتىمىز. ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ پەرقى يەر بېتىدىلا ئەمەس، هاۋاسىدىمۇ بىلىنىدۇ. ياۋروپا ئىللىق، نەمخۇش. ئاسىيا ئىسسىق، سوغۇق، قۇرغاق.

— ئاڭلىشىمچە، بېرلىندىكى تۇنجى قارىغاي موگغۇلىيىدىن بارغان ئىكەنغۇ؟

— لەڭمەن بىلەن چۇچۇرىنىمۇ ماركىپولۇ جۇڭگودىن ئىتالىيىگە ئاپارغان!

— گېرمانىيىلىكلەرمۇ ئاسىيادىن - هىندىستاندىن بارغان!

بۇ گەپلەرگە گېرمانىيىلىك قىزلار باشلىرىنى ئېغىتىپ قوشۇلۇشتى.

— ئاسىيا، ياۋروپا بىر قۇرۇقلۇق،— دېدى بىر قىز كۈلۈپ تۇرۇپ،— ئادەملىرىمۇ، تەبىئەتمۇ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ!

پويىز تونىلغا كىردى، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى. سابىلل ئالدىراپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىركوتسكىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر رومكا هاراق سۇندۇم. بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ هاراقنى ئالدى ۋە ئىچىپ بولۇپ:

— ئادەمنىڭمۇ، هاراقنىڭمۇ ياخشىسى سىلەردە!— دېدى.

ئىركوتسكىدا هەم بوۋاي بىلەن، هەم بايقال بىلەن خوشلاشتۇق. تاغلارمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. پويىز سائىتىگە 120 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن سوۋېت يېرىدە چاپماقتا. بوۋاينىڭ بىز بىلەن خوشلاشقاندا يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلاشلىرى، يېڭى زىللانىدىيىلىك يىگىتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى، قاقاقلاپ كۈلگەندە قىزارغان چىرايى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى: ئاقكۆڭۈل، سەممىي ئادەملەر دۇنيانىڭ هەممىلا يېرىدە بار. ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشىنەلەيدۇ، دوست بولالايدۇ.

... زىمادىن ئۆتۈپ نىژنىيۇدېنىسىك ئىستانسىسىدا توختىغاندا، كۆمۈر بېسىپ كېتىۋاتقان پويىزلارنى كۆرۈپ بۇ يەرنىڭ ئېگىز ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىگە چىقىپ يىراق تاغلار ئارىسىغا قارىدىم. بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى ماڭا تونۇش. بۇ يەردە XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى رۇس سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى، ئىدېئولوگ، ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە يازغۇچى نىكولاي گاۋرىلوۋىچ چېرنىشېۋسكى 1863 - يىلدىن 1871 - يىلغىچە سۈرگۈن هاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ «سىبىر كانلىرىنىڭ چوڭقۇر تېگىدە» ئەمگەك قىلغان... مەن خۇددى بۇ ئۇلۇغ كىشىنى كۆرمەكچى بولغاندەك تۇمانلار ئىچىدىكى يىراق تاغلارغا، قويۇق ئورمانلارغا قارىدىم. ئۈستىنى تۇمان باسقان قويۇق ئورمانلار ماڭا ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىدىكى سىبىرىيە توغرىلىق يېزىلغان تەسۋىرلەر، لېنىن هاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەردىكى بايانلار، فادىيېۋنىڭ «تارمار» ناملىق كىتابى، ماركوۋنىڭ «ستروگوۋلار ئائىلىسى» ناملىق رومانىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى. ماڭا خىيالەن تونۇش بولغان قارا چىلان تۇپراق، سازلىق جىلغىلار، قويۇق ئورمان، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللار ماڭا ئەمدى كۆز ئالدىمدا ئۆز قىياپىتى بىلەن تۇرماقتا. مەن ۋ - ئۆكتەبىر كېچىسىنى خىيال ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن كۈتۈۋالدىم.

— كراسنو يارسكىغا كەلدۇق. يۈرۈڭ، تۆۋەنگە چۈشىمىز،— دېدى ۋالېنتىنا بىزنىڭ

«ئۈۋي» گە كىرىپ. ۋالېنتىنا 50 ياشلارغا كىرگەن ئايال بولۇپ، بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يولدىشى يېنىك ئاتلېتكا بويىچە خەلقئارا تېرېنېر ئىكەن. ئوغلى ياپونىيىدە (ئۇنىڭ ئايالى ياپونىيىلىك ئىكەن)، ئانىسى بىلەن ئىنىسى ئالمۇتادا ئىكەن. ۋالېنكىنا بۈگۈن ئايرىلغىنىغا يىگىرمە ئالتە يىل بولغان ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ياش قىزلاردەك تېتىكلىشىپ قېلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىكەن.

— بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچ دۆلەتتە ياشايمىز. ئۈچ دۆلەتكە گىراژدان بىز، — دەيدۇ ئۇ ياپونىيىلىك نەۋرىسىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ سۆزلەپ، — بۇ چوڭ بولغۇچە يەنە قانچە دۆلەتكە تارىلارمىزكىن تېخى.

نوۋى سىبىر مەن كۆرگەن ھەممە شەھەرلەردىن چىرايلىق، چوڭ كۆرۈندى. ۋالېنتىنا ئىنىسى بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كۆرۈشتى. بىز نۇرغۇن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىكلەر ئۇنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردۇق. ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن قۇچاقلاشقىنىنى تەبرىكلىدۇق.

پويىز موسكۋاغا قاراپ قويۇق ئورمانلار ئىچىدە كېتىپ باردۇ. قاچانلا ئويغىنىپ دېرىزىدىن قارىسام، قويۇق ئورمانلىق. نېمىدېگەن تۈگىمىگەن قېيىنزارلىق، قارىغايلىق بۇ، ھە؟! نەچچە سوتكا مېڭىپمۇ تۈگىتەلمىدۇققۇ؟ تيومېن، سۋېردلوۋسكى... سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرگەندىن بۇيان سۋېردلوۋسكىغىچە يىگىرمە يەتتە شەھەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. مانا ئەمدى ئورالدا كېتىپ بارىمىز. بۇ يەردە ئاسىيا-ياۋروپا چېگرىسىغا ئورنىتىلغان قىتئە بەلگىسى — ئىككى مېتىردەك ئېگىزلىكتە ئاق مەرمەر بەلگە تېشى بار ئىكەن. بۇ تاش بىلەن موسكۋانىڭ ئارىلىقى 1777 كىلومېتىر ئىكەن. ئورال تاغلىرى، ئورال دەرياسى مانا شۇ ئەتراپتا. بۇ يەردىن يەنە سەككىز شەھەرنى بېسىپ ئۆتسەك موسكۋاغا بارىمىز.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا بۈيۈك رۇس شائىرى لېرمونتوۋنىڭ موسكۋا ناملىق شېئىرىنى يادلىغانىدىم. بۇ شېئىر ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ل. تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىنى ئوقۇغان. ناپالېيون ئەسكەرلىرى تالان-تاراج قىلغان بۇ شەھەرگە بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا قەلبىمدە ھۆرمەت-مۇھەببەت پەيدا بولغان، بولۇپمۇ 2-جاھان ئۇرۇشىدا 1942-يىلى 1-ئايلاردىكى موسكۋانى قوغداش جېڭى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر، گىتلېر ئارمىيىسىدىن 250 مىڭ ئەسكەرنىڭ نەق مۇشۇ موسكۋا بوسۇغىسىدا يوقىتىلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن 2-جاھان ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچى بۇرۇلۇشنىڭ بولغانلىقى بۇ شەھەرنىڭ قەلبىمدىكى سىماسىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلىغانىدى.

مەن موسكۋا-لېنىن توغرىسىدىكى خېلى جىق كىتابلارنى، شېئىرلارنى ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن موسكۋاغا يېقىنلاشقانسېرى ھاياجانلانماي تۇرالايتتىمۇ؟! مەن دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەستىن سېرىق يوپۇرماقلار يەر بېتىنى قاپلىغان ئورمانلىقلار، كۆز ئاپتىپىدا ھوزۇرلىنىپ ئىستانسا، يول چېتىدىكى بەلدىڭلەردە ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنى تاماشا قىلىپ ماڭماقتىمەن...

بۇ كېچە تۈزۈك ئۇخلىمىدىم. ئاخىرقى شەھەرلەردىن ئۆتمەكتىمىز: مانا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتتۇق. دەريا تىنچ، ئاستا ئاقماقتا. مەن چاپايېۋنىڭ دەرياغا چۆكۈش ئالدىدىكى قىياپىتىنى ئەسلىدىم. ۋولگا ــ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ گۇۋاھچىسى، ۋولگا بويلىرىدا بولغان جەڭلەر، كولچاك، ۋارانگېل قىسىملىرىنىڭ مۇشۇ دەرياسىنى پاناھ قىلىپ، مۇشۇ شەھەرلەردە قىلغان قارشىلىقلىرى سوۋېت ئەدەبىياتىدا شۇنچىلىك كۆپ يېزىلغانكى، غاپۇر غۇلامنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئىختىيارسىز يادىمغا كەلدى:

«تېخى ئورال بويىدا ئۇر، يىقىت، چاپنىڭ،
ساداسى قۇلاقلاردىن نېرى كەتمەستىن.
تېخى ئاتلىرىنى ئىركەش ئۆلتۈرگەن،
پەرغانە يېتىملىرى بويىغا يەتمەستىن.»

2 - جاھان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا سوۋېت خەلقىگە ئارقا سەپ بولۇپ، ئالدىنقى سەپنى ھەربىي لاۋازىمەت، قورال - ياراق بىلەن تەمىنلىگەن، فرانسىيە شائىرى «ئورال ياشىسۇن!» دەپ مەدھىيە شېئىرى يازغان قەھرىمان ۋە گۈزەل ئورال بىز بىلەن خوشلاشتى. ئاخىرقى شەھەر ياروسلاۋل كەينىمىزدە قالدى. ئەمدى چىرايلىق، رەتلىك يېزا، خوتۇرلار باشلاندى. ئۈچۈق ھاۋادا كۆز يوپۇرماقلىرى بىلەن قىزارغان باغ - داللار تولىمۇ گۈزەل.

ــ گۈزەل، تولىمۇ گۈزەلكەن! ــ دېدىم مەن ئەتراپىمدىكى ۋەتەنداشلىرىمغا ئۆز ھاياجانلىرىمنى بايان قىلىپ.

ــ سىز سوۋېت يېرىنى ياخشى كۆرۈدىغان ئوخشىمامسىز؟

بۇ سوئالنى سورىغۇچى پۈتۈن يول بويى ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن، تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياش، جۇگسەنچە چاپان كىيگەن سۇرلۇك ئادەم ماڭا سىناق نەزەرىدە سىڭايان قارىدى.

ــ شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن!

ــ جۇڭگونىچۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدىم. بىزدە سىياسەت بىلەن ئادەملەرنى، تەبىئەتنى، ھەتتا ھاۋانى ئارىلاشتۇرۇۋالىدىغان ئاشۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر بار. ئۇلار گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك توغرىسىدىكى بارلىق چۈشەنچىلەرنى بىرلا ئۆزى ياقتۇرۇدىغان، قاتمال سىياسەت سۈيىدە پىشۇرۇپ ئالغان كۆز قاراشلىرى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلارچە بولغاندا قىرىم، كاۋكازمۇ بىزنىڭ قاقاس تاغلارچىلىك مەنزىرىلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ جۇڭگو تۇپرىقى ئەمەس. ئۇلارچە چەت ئەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىشمۇ ساپ بولمىغان ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى، مەن ئىنسانلارنى ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشكە ئۈندەش بىلەن ھاياتتىن لەززەت ئالىدىغان بۇ خىل ئادەملەردىن تولىمۇ بىزار. مەن ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم.

موسكۋا ئەتراپى ــ گۈزەل ئورمانلىق باشلاندى. ئارچا قارىغاي، قېيىنزارلىق، توق قىزىل رەڭلىك مېۋىلەر شاخلىرىدا تۇرماقتا، ئۇ نېمە؟ جىنەستىمۇ ياكى باشقا مېۋىمۇ؟

ياغاچ ئۆيلەردىن، ئىللىق هاۋالىق باغلاردىن باللار چىقىپ قولىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىزگە ئاقيول تىلىمەكتە. سۈزۈك موسكۋا ئاسمىنىدا كەپتەرلەر ئۇچماقتا. مانا ئېگىز بىنالار، پويىز ئاستىلاپ ياروسلاۋل ۋوگزالىغا كىرمەكتە. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئۆتكەندە بىز پويىزدىن چۈشتۇق. بەش سوتكا بىللە ماڭغان دوستلار خوشلاشتۇق. شياۋجاڭ مۇشۇ يەردىن باشقا پويىزغا چىقىپ يۇگوسلاۋىيىگە ماڭدى. بىز شياۋخې بىلەن بىللە بۇ ۋوگزالدىن بىلورۇسسىيە ۋوگزالىغا باردىم. ئۇ يەردە ئالتە - يەتتە سائەت تۇردىم. بۇ مەزگىل ئىچىدە موسكۋانى ئوبدان كۆرۈۋالغىلى بولدى.

موسكۋانىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا تاكسا بىلەن ئۆتتۇم. خىيالىمدىكى شەھەرنىڭ ئوچۇق هاۋالىق كۆز مەنزىرىسىنى كۆرمەكتىمەن، ئاياغلىرىم ئاستىدىكى تۇپراق، بۇ موسكۋا. ئەتراپىمدىكى ئالدىراش ئادەملەر كىنولاردىكى ئادەملەر ئەمەس، ئۇلار بۈگۈنكى موسكۋانىڭ گراژدانلىرى.

مەن تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ، ئالدىن يېزىۋالغان نومۇرلار بويىچە موسكۋادىكى تونۇشلىرىمغا تېلېفون بەردىم.

## موسكۋالىق دوستلار

مەن تېلېفون بېرىشنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. ئاخىر يۇك توشىغۇچى ساغلام يىگىتنى «فوماگايىت»① قا تەكلىپ قىلدىم. ناهايىتى، تۇرسۇن سادىق ئاكىنىڭ ئايالى پاشا هەدە بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن شېرىپنىڭ ئايالى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشەلىدىم.

تۇرسۇن سادىق ئاكا بۇرۇن شىنجاڭدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ئۇ كىشى موسكۋادا نۇرغۇن يىل خىزمەت ئىشلەپ، هازىر پېنسىيىگە چىقىپتۇ.

تۇرسۇن ئاكىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوغلى رەپقەتجان ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە مەن ئىككى سائەتتەك ۋوگزال ئالدىدىكى چوڭ كوچىدا تۇرۇپ موسكۋالىقلارنى كۆزەتتىم، نېرى - بېرى ئايلاندىم. خاتىرجەم، قولتۇقلىشىپ يۈرۈشكەن، قىسقا پەلتۇ كىيىشكەن قىزلار، ياسانچۇق، مەغرۇر قىز - يىگىتلەر بىلەن كۆپكۆك كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، هەممىگە قىزىقىدىغان ئوماق باللار موسكۋادىكى تىنچ، خاتىرجەم هاياتنىڭ سىمۋولى. مەن دوپپا كىيگەن ئۆزبېكلەرگە، بۆرتمەشال سالغان ئەزەربەيجان ئاياللىرىغا سالام بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇلار خالىمىدى. هەرخىل چىرايلار، هەرخىل كىيىملەرنى كىيگەن مىڭلىغان ئادەملەر ئىچىدىن بىرەر تونۇش چىراي ئىزدەيمەن. لېكىن بۇ ئامەت ماڭا نېسىپ بولمىدى. موسكۋانىڭ كەڭرى كوچىلىرىدا ئۈزۈلمەي چېپىشىپ يۈرگەن ماشىنىلار بىلەن گۈمبەزلىك، چىرايلىق پەشتاقلىرى ئوچۇق هاۋادا چاقناپ تۇرغان مىللىي پاسوندا ياسالغان بىنالارنىڭ ئۈستىدە غوڭۇلدىشىپ يۈرگەن كەپتەرلەر بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن بۇ شەھەرنىڭ بۈگۈنكى تىنچلىقى ئۈچۈن قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى تۆكۈلگەنلىكىنى ماڭا ئەسلەتتى:

① فوماگايىت (رۇمچە) — ياردەم.

«موسكۋا، موسكۋا،
ئوغلۇڭدەك سۆيىمەن سېنى،
سۆيىمەن رۇستەك قايناق ئەركە ۋە كۆركەم،
سۆيىمەن چاچلىرىڭنىڭ ئەزگۈ ئېقىنى،
چىشلىق تاملىق، مەغرۇ كرېملنى ھەم...»

شائىر لېرمونتوۋ بۇ مىسرالىرىدا رۇس خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ شەھەرگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. مەن كرېمل ئالدىدا ئىختىيارسىز بۇ مىسرالارنى يادا ئوقۇدۇم «موسكۋا» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ:

«خام خىيال قىلغانىدى ئۇ، يات ھۆكۈمدار...»

دېگەن مىسرالىرى يادىمغا كەلگەندە، مېنىڭ خىيال ئېكرانىمدىن كۆيۈۋاتقان بىنالار، ئوت ئىچىدە بالىلىرىنى قۇچاقلىشىپ، ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئاياللار، پېشانىسىدىن قان ئېقىپ تۇرغان، ئۇكىدىسىغا ياتقان ساقاللىق سولداتلار... ئۆتتى. بۇ مەنزىرىنى مەن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىن ئوقۇغانمەن. «روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» بولغان ئۇلۇغ بازغۇچى لېۋ تولستوي ئۆزى تۇغۇلغان ۋاقىت (1828 - يىل) تىن 16 يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن موسكۋا پاجىئەسىنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك يازغان. مانا مەن بۈگۈن تىنچ، بەختلىك مىنۇتلاردا موسكۋانىڭ ھازىرقى گۈزەل ھۆسنىنى خىيالىمدىكى موسكۋانىڭ بۇنىڭدىن 195 يىل بۇرۇنقى يالغىن ئىچىدىكى مەنزىرىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپتىمەن. مانا بۇ ھال ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئاۋازسىز ھالدا سۈرەتكە ئالغۇچى ئۇلۇغ بىر پائالىيەت ــ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ رولى. «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» يېزىلمىغان بولسا، مەن موسكۋانى مۇشۇ ھالەتتىلا چۈشەنگەن بولاتتىم. ھاياتىنىمۇ بۈگۈنكىدەك قىزغىن سۆيمىگەن بولاتتىم.

موسكۋانىڭ بۈگۈنكى قىزىل يوپۇرماقلار ئىچىدىكى مەنزىرىسى ماڭا بۇ تۇپراقتا چوڭ بولغان سانسىز ئەزىمەتلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە تونۇش بولغان ئەدىبلەرنى، قەھرىمانلارنى بىرمۇ بىر ئەسلەتتى. ئەپسۇسكى، تارىخ بىگۇناھ ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرگۈچىلەرنى يادىدىن چىقارمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇقۇشماستىن بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلغۇچى ئۇلۇغلارنىمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. 1812 - يىلى ناپالېئون موسكۋاغا بېسىپ كىرگەندە XIX ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچى ستېندال ناپالېئون قوشۇنىنىڭ بىر ئوفىتسېرى سۈپىتىدە موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگۈچىلەر قاتارىدا بولغان. شۇ چاغدا ستېندالار ئوت قويغان شۇ شەھەردە ئىككىنچى بىر ئۇلۇغ ئەدىب ـ ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ گېرتسېن دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. بۇ بىر ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئە. بىرسىنىڭ ئورنىنى بىرسى باسىدىغان قەلەمداشلار، ۋەتەنداشلار، ھەتتا قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. بۈگۈنكى موسكۋانىڭ تىنچ، گۈزەل مەنزىرىسى ھېچقاچان بىزگە بۇ خىل دۈشمەنلىكنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بىشارەت بېرەلمەيدۇ.

ناپالېئون مەغلۇب بولدى. لېكىن تەلۋىلىك ئاخىرلاشمىدى. 1941 - يىلنىڭ ئاخىرى،

1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ بېلورۇسسىيە ۋوگزالىنىڭ ئەتراپىدا يەنە موسكۋانى قوغداش جېڭى بولدى. گىتلېر 1941 - يىلى 10 - ئايدا ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كرېمل ئاسمىنىدا لەپىلدەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن موسكۋا ئۇنچىلىك ئاسان تىز پۈكمەيدىكەن. ئىككىنچى قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىك تاجاۋۇزچىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئالدىمغا قاراپ قوچاق ئېچىپ كېلىۋاتقان ياش يىگىت شۈبھىسىز رەپىقە تىجانىدى. مەن كۆرۈشۈشتىن كېيىن بۇ ياش يىگىتكە دىققەت قىلىپ قارىدىم. ئۇ، ئوتتۇرا بويى، قاراكۆز ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەن. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىدا چىرايلىق سۆزلەيدىكەن (گەرچە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ) ئۇ هازىر موسكۋانىڭ سىرتىدىراق ساقلىق قازان زاۋۇتىدا سېخ باشلىقى ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى رۇس ئىكەن. هازىر ئىككى قىزى بارىكەن. ئۇ مېنى ئۆيىگە قاتتىق تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى.

كەچرەك تۇرسۇن سادىق ئاكا، شېرىپجانلار كەلدى. شېرىپجان ئىنژېنېر ئىكەن. ئۇ، شۇ ئاخشىمى خىزمەت بىلەن ئۇكرايىنىغا ماڭماقچىكەن. بىز ئۇزاقىچە كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆتكەن ۋە هازىرقى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. رەپىقە تىجانغا مېنى تەكلىپ قىلغۇچى، غەربىي گېرمانىيىلىك جۇڭگوشۇناس توماس هاپپى ئەپەندىنىڭ ئادرېسىنى بېرىپ، مېنىڭ شەرقىي بېرلىن ۋوگزالىغا يېتىپ بارىدىغان ۋاقتىمنى ئېيتىپ بەردىم. رەپىقە تىجان ئالدىراپ تېلېگرامما بەرگىلى يۈرۈپ كەتتى...

— پويىز بېلورۇسسىيىنىڭ بىيازما شەھرى بىلەن مىنىسك شەھرى ئارىلىقىدا كېتىپ بارىدۇ. مەن تۇرسۇن ئاكا، شېرىپجانلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىمنى ئەسلەپ، دېرىزىدىن قاراڭغۇ دالاغا قاراپ ئولتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەندىن كۆپرەك بەھرىمەن بولالايدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى، بىزنىڭ خەلقلىرىمىزنىڭ سابىق بوۋايدەك ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىپ، سىرت دۆلەتلەرنى كۆرۈپ بېقىشىنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلدىم.

خىيالدىن رېئاللىققا قايتتىم. بېلورۇسسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باي ۋە چوڭ رېسپۇبلىكىسى. بۇ ماكان روسسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى هاياتىدا نۇرغۇن ئۆچمەس ئىشلارنىڭ شاهىدى بولغان. ناپالېئون ۋە گىتلېر ئارمىيىسى مۇشۇ دالالاردىن هەيۋە بىلەن گۈركىرەپ بوراندەك شەرققە ئۆتكەن، ئوخشاشلا مۇشۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ مىڭلىغان جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ، هارغىن، ئالاقزادە، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز خوجايىنلىرىنى قاغىشىپ غەربكە قاراپ قېچىشقان. مەن شائىر تۋاردوۋسكىنىڭ يۇرتىدا كېتىپ بارغىنىمدا، ئۇنىڭ ئاجايىپ ماهارەت بىلەن يېزىلغان داستانى «ۋاسىلى تيوركىن» دىكى تەسۋىرلەرنى ئەسلىدىم: ۋاسىلى تيوركىن ياردار بولۇپ، قارغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئورمانلىق مۇشۇ يەرلەرمىدۇ؟

مانا، ئېساكوۋسكى، تۋاردوۋسكىدەك شائىرلارغا شېئىرىي ھېسسىيات، چوڭقۇر پىكىر هەدىيە قىلىپ ئۆز قويىنىدا قابىل شائىرلارنى يېتىشتۈرگەن مىنىسك. ئۇ، ئۆزىنىڭ يارقىن چىراغلىرى بىلەن مېنىڭمۇ قەلبىمدە ھېسسىيات - لىرىكا پەيدا قىلدى:

موسكۋا ئۇزاقتا قالدى، ئەمما ئۇ يەردىن ئالغان تەسىرات، ئۇ يەردىكى دوستلار مەڭگۈ قەلبىمدە.

# پولشا زېمىندە ئويلىغانلىرىم

13 - ئۆكتەبىر ئەتىگەنلىكى شۇ يەرنىڭ ۋاقتى 13 تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، پويىز ۋارشاۋا ۋوگزالىغا كىرىپ كەلدى. ۋارشاۋا كوچىلىرى كەڭ، بىنالىرى مىللىي ئۇستە سېلىنغان، دەل - دەرەخكە چۆمۈلگەن شەھەركەن. بۇ شەھەر 1596 - يىلىدىن باشلاپ پولشانىڭ پايتەختى بولغان. 2 - جاھان ئۇرۇشىدا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئەمما شەھەرنىڭ ھازىرقى قىياپىتىدىن قىلچە ۋەيرانچىلىق ئىزناسى تېپىلمايدۇ. ۋىسلا دەرياسى شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. پويىز دەريادىن ئۆتۈپ تونىلغا كىردى ۋە كەڭ، چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان مەيداندا توختىدى. مەن بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان ساقچىدىن سورىدىم:

— بۇ يەر مېترومۇ؟

— ياق، ۋوگزال.

مەن ئۇنىڭ بىلەن رۇس تىلىدا سۆزلەشتىم. بۇ يەرنىڭ ئەرلىرى بەستلىك، بۇرۇت قويغان، ئاياللىرى گۈزەل ئىكەن. فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاكنىڭ پولشالىق بارىنەگە ئاشىق بولغانلىقى بىكار ئەمەسكەن، دەپ ئويلىدىم.

دەريا بويلاپ مېڭىشقا بولىسىدى، ئۇ چاغدا كراكوۋ شەھىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردە كوپېرنىك كوچىسى بار، بۇرۇن سان ئاننا دەپ ئاتالغان بۇ شەھەردە كوپېرنىك ياشىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرى تەلىماتى» ناملىق ئەسىرىنى شۇ يەردە يازغان. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» ناملىق ئەسىرىنىمۇ شۇ شەھەردە يازغان. ئىنسانىيەتكە ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن زور ئۇتۇقلارنى ھەدىيە قىلغان بۇ شەھەردە 2 جاھان ئۇرۇشىدا گىتلېر گېرمانىيىسى قان بىلەن بۇلغىغان. ئۇنىڭ يېنىغا قۇرۇلغان ئۇسۋېتسىن لاگېرىغا 18 دۆلەتنىڭ مەھبۇسلىرىنى قاماپ، تۆت مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن.

ھازىر ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا 10 مىليوندەك ئادەمدىن ئايرىلغان بۇ دۆلەتنىڭ كۆز يېشى قۇرۇغان. ۋارشاۋا شۇنچىلىك جىمجىت، ئىللىق، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ياشىرىپ تۇرغان چىمەنلەر خۇددى ھاياتىدا قان ئىزى كۆرمىگەندەك پاكىزە...

ۋارشاۋادىن قوزغالدۇق. كەڭرى، قوناقلىرى ئورۇلمىغان ئېتىزلار، سارغايغان باغلار— مانا بۇ، پولشا زېمىنى. X ئەسىردە دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان بۇ زېمىندە XVIII ئەسىرگە كەلگۈچە نۇرغۇنلىغان شائىرلار، يازغۇچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇلار پولشا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا داڭ چىقارغان نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. ناروشۇۋىچ (1733 — 1796)، تىلونىېسكى (1739 — 1812)، كراشىسكى (1735 — 1801)، ۋېنگىرسكى (1755 — 1787) قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى.

1795 - يىلى پولشانى چاررۇسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە دۆلەتلىرى بۆلۈشۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ پولشا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى بولۇپ قالدى. شۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ۋىبىسكىنىڭ (1747 — 1822) «پولشا پولك

ناخشىسى» كېيىن پولشانىڭ دۆلەت گىمنى بولۇپ قالغان...

پويىز پولشا ئېتىزلىرى ئارىسىدا كېتىپ بارىدۇ. كەڭ ئېتىزلار، ئىھاتا ئورمانلىرى مېنىڭ پولشا ئەدەبىيلىرى ئۈستىدىكى خىياللىرىمنى سەزگەندەك، مىدىرلايدۇ، ئاللىقاچان كەينىدە قالغان ۋارشاۋا: «ھە، قېنى، بىلگەنلىرىڭنى يەنە ئويلا» دەپ مېنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ...

... 1863 - يىلى مېنىڭ يۇرتۇم غۇلجىدا زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغان يىلى مۇشۇ پولشادىمۇ يانۋار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، كاپىتالىزم تېز تەرەققىي قىلىپ پولشا پرولېتارىياتى دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر پولشا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، گۈللىنىش دەۋرى بولغان. بولۇپمۇ پروزا تېز تەرەققىي قىلدى. ئەدەبىياتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، مىللەتنىڭ ئويغىنىشى، يېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئورەيشكوۋا (1841 — 1910)، سېنكېۋىچ (1846—1916)، فرۇس (1847 — 1912)، كانوپونىسكايا (1842 — 1910) لار چاغدا يېتىلگەن يازغۇچىلار. ئورەيشكوۋانىڭ «مارتا»، «نېمان دەرياسى بويىدا» ناملىق رومانلىرى. سېنكېۋىچنىڭ «ئوت ۋە قىلىچ»، «كەلكۈن»، «ليوۋودىيېۋسكى ئەپەندى» ناملىق ترىلوگىيىسى... مانا شۇ پولشا رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق مىساللىرى.

پولشا 1918 - يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. لېكىن 1926 - يىلى پىلسۇدىسكى تەختكە چىقىپ، فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن دېموكراتىك كۈچلەرنى قاتتىق باستۇردى. ئۇ، گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارىتا تەسلىمچىلىك سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن 1939 - يىلى 9 - ئايدا بۇ دۆلەتنى گېرمانىيە فاشىزمى تامامەن يوقاتتى. رېئالىست يازغۇچى دونبوروۋسكىنىڭ (1889 — 1965) «قاراڭغۇ تۈن ۋە يورۇق كۈن» ناملىق رومانى، ناۋۇكو ۋىسكايانىڭ (1885 —1954)، ۋىكتور (1890—1967)، مورچىنەك (1891— 1963)... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى خەلق كۈرىشىنىڭ جەريانى ۋە جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كلوچكوۋسكىنىڭ «كاردىيان ۋە سەھرالىق» ناملىق رومانى، ۋاسىلىېۋسكايانىڭ «ۋەتەن» ناملىق رومانلىرى ئەركىن پولشا ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىشچى، دېھقان ئەمگەكچىلەرنى تەسۋىرلىگەن...

پويىز كېتىپ بارىدۇ، ئېتىزلار، يېزىلار جىمجىت. سىم - سىم يامغۇردا يۇيۇلغان دالىلار ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىگە زوق ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. بىر چاغلاردا بۇ يەردە قانلار ئاققان. پولشا خەلقى ئورمانلاردا مىڭلاپ، تۈمەنلەپ، يۈز مىڭلاپ قىرىلغان. گىتلېر: «پولشالىقلار بىلەن رۇسلارنى دۇنيادىن مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش» شوئارىنى توۋلاپ، ئون مىليوندەك پولشالىقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. لېكىن قورال ۋە زەھەرلەنگەن قول بىلەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىكەن، بىر مىللەتنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بار بىر مىللەتنى يوقاتقىلى بولمايدىكەن.

پولشا 1944 - يىلى ئازاد بولدى. لېكىن پولشا مەسىلىسى 1943 - يىلى باشلانغان يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىسى بولۇپ قالغانىدى. روزۋېلت، ستالىن، چېرچىلل—بۇ ئۈچ كاتتە-

باش بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قانچىلىك تالاشتى، قانچىلىك قىزىرىشتى، قانچىلىك ئەقىل
ئىشلەتتى؟ بۇنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ساۋاتلىق جامائەتى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ: ناۋۇ-
كوۋسكايانىڭ «زىننەت بۇيۇمى» ناملىق ئوچېرىكلار توپلىمى، بىراندىسنىڭ (1916) «تىز
پۈكمەس شەھەر» ناملىق رومانى، ئاندىرۋىسكىنىڭ «كۆل ۋە ئالماس» ناملىق رومانى ۋە
«كېچە» ناملىق ھېكايىلار توپلاملىرى، «مارىيا بىلەن خەيرلىشىش»، «رېئاللىق» قاتار-
لىق ئەسەرلەر پولشا خەلقىنىڭ ئەنە شۇ ئالدىنقى سەپ ۋە فاشىستلار بېسىۋالغان مەزگىلدى-
كى ئېغىر، جاپالىق ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. مانا بۇ ئەسەرلەر بىزگە پولشا خەلقىنىڭ دۆلەت،
مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پولشانىڭ ئاخىرقى شەھىرى كونوبېتسى شەھىرىدە پولشا توغرىسىدىكى خىيال ۋە
بىلىدىغانلىرىم ئاخىرلاشتى. ھازىرقى پولشا توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيدىكەنمەن. مانا
مۇشۇ ئىش بىلەن تولىمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. بۇ سەۋەبى چۈشىنىشلىك بولغان ئىش ھەتتا
مېنى ئازابلىدى. مەن بۈيۈك سوۋېت قازاق يازغۇچىسى مۇختار ئەۋىزوۋنىڭ تۆۋەندىكى
سۆزىنى ئەسلىدىم: «يازغۇچى ئۈچۈن خەلقلەر دوستلۇقىدىن، خەلقلەر ئەۋلادىنىڭ دوست-
لۇقىدىن قىممەت تۇيغۇ بولمىسا كېرەك. ئادەم روھىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە
شۇ تۇيغۇدىن باشلىنىدۇ.»

## بېرلىندا زىيارەت

رەپقەتجانغا رەھمەت. ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى كېچىدە فرانكفورتتا ئىلمىي دوكلاتقا
مېڭىش ئالدىدا تاپشۇرۇۋالغان تۇماس ئەپەندى مېنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا بېرلىندى-
كى دوستى دېرىك ئەپەندىگە تېلېفون بەرگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقتى. دېرىك
تەمبەل، ساغلام، خۇش خۇي يىگىت ئىكەن. ئۇ، شۇ كېچىسى فرانسىيىدىكى دەم ئېلىشنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ تېخى ئەمدىلا ئۆيىگە كەلگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ
تۇرۇپ خەنزۇ تىلىدا يۇقىرىقىلارنى مەلۇم قىلدى. بۇ چاغ 1987 - يىل 13 - ئۆكتەبىر
بېرلىن ۋاقتى 21.58 ئىدى. بىز شەرقىي بېرلىن ۋوگزالىدىن مېترو ئارقىلىق غەربىي
بېرلىنغا ئۆتتۇق.

مەن بېرلىن شەھىرى توغرىسىدا يۈزەلا بىلىمگە ئىگە ئىدىم. بۇ قېتىم غەربىي
گېرمانىيىگە زىيارەتكە مېڭىش ئالدىدا ئانچە- مۇنچە «ساۋاتلىق» بولۇۋېلىش ئۈچۈن،
گېرمانىيە- بېرلىن توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردىن بىرنەچچە پارچە ئوقۇدۇم.

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى بېرلىن بىلەن بۈگۈن مەن كوچىلىرىدا تاماشا قىلىپ يۈر-
گەن بېرلىن ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ چوڭ پەرق بار ئىدى. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخى-
رىدا ھەر كۈنى بۇ شەھەرنى ئۈچ- تۆت مىڭ ئايروپىلان بومباردىمان قىلغان. يېزىلغان
خاتىرىلەردە دېيىلىشىچە، بىرمۇ ساق بىنا قالمىغان. لەنت ۋىيا قانىلىنىڭ قاپقىسى ئېچى-
لىپ شەھەر سۇغا باستۇرۇلغاندىن كېيىن، كوچىلاردا يېرىم مېتر قېلىنلىقتا لاي يېتىپ
قالغان، گىتلېر بېرلىننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارىژدىكى ئەڭ
چىرايلىق بىنا، دەرۋازىلاردىن نۇسخا ئېلىپ، كوچا، شەھەر پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ،

ئارخىتېكتۇرانىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بېرلىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بېرلىننى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرگە ئايلاندۇرماقچى بولغان («3 - ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى سىرى» دا شۇنداق يېزىلغان) لېكىن «ئاخىرقى 100 كۈن»دە يېزىلىشىچە، بۇ شەھەر تەسلىم بولۇش ئالدىدا نەچچە ھەپتىلەپ ئوت، ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالغان، دەھشەتلىك ھاۋا ھۇجۇمى، ئوت - يالقۇنى بۇ شەھەرنى مەڭگۈ ھوشىنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان... لېكىن مەن ھازىر كوچىلىرى ئازادە، ياپيېشىل، بىنالىرى پۈتۈنلەي مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئاۋات شەھەرنىلا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسى - كوپىستىندام كوچىسىدا قاپقارا بولۇپ ئۆرتەنگەن تاش بىنا فرىدرېخ ئىبادەتخانىسىدىن باشقا بىرمۇ خارابە كۆرۈنمىدى. 21 قەۋەتلىك «ياۋروپا سودا مەركىزى» نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۈتۈن بېرلىننى تاماشا قىلدىم. شەھەر قويۇق ئورمان ئىچىدە تولىمۇ، كەڭرى، يېپيېشىل كۆرۈندى. شەھەر ئوتتۇرىسىدا كۆللەر، قانال - دەريالارمۇ بار، نەچچە يۈز مو يەردە يېيىلىپ ياتقان ئورمانلىقلارمۇ بار. ھايۋانات باغچىسى يېقىنلا تۇرىدۇ. «ئاخىرقى 100 كۈن» دە يېزىلىشىچە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى مۇشۇ ھايۋانات باغچىسىنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە گىتلېر ئۆز پاناھ جايىدا ئايالى بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۇنى ئايالى بىلەن قوشۇپ بېغىدىكى گوداڭغا تاشلاپ، ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇپ جەسىتىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن...

— گىتلېرنىڭ قوماندانلىق شتابى قەيەردە؟

— پوتىستام ئاپىلاتس، ئەنە، چېگرا تامنىڭ يېنىدا، — دەپ قولى بىلەن ئالا - يېشىل بويالغان بېرلىن چېگرا تېمىنى كۆرسەتتى دېرىك، — ئاپىرايىمۇ؟ بىراق ھازىر قوماندانلىق شتاب بىناسى يوق. ئۇنىڭ شىپال تاشلىرىنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلاندىن بوگىستوغا كونسۇلخانا ياسىدى. قوماندانلىق شتاب ئورنى، ھىپپېر (تەشۋىقات مىنىستىرى) نىڭ ئىدارىسى، يەنە باشقا فاشىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئورۇنلار شەرقىي بېرلىن تەۋەسىدە، ئاۋۇلار شۇ!

مەن ئۇ قولىدا كۆرسەتكەن ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك كۆل رەڭ بىنالارغا قارىدىم.

— رىخىستاگ، چەكپە ئېنىت چارلى، شتابىنبورگ شتارشى، لەنىت ۋىيا قانىلى بۇ ياقتا بولسا كېرەك؟

— بۇ يەرلەر غەربىي بېرلىندا. سىز 2 - جاھان ئۇرۇشى توغرىسىدا بىر نېمە يازماقچىمۇ؟ نېمىشقا ھەدېسىلا ئۇرۇش توغرىسىدىلا سورايسىز؟

— مەن بىر يازغۇچى. يازغۇچى بولغان ئادەم ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا كۆپرەك باش قاتۇرىدۇ، بۇنى سىز بىلىسىز.

— لېكىن گىتلېر توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن بالايۇ - ئاپەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەش بىر گېرمانىيە ياشلىرى ئۈچۈن ئازابلىق!

سىز شۇنى ئۇنتۇماڭ، مۇشۇ شەھەردە پەيدا بولغان بۇ ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن 30 نەچچە مىليون ئادەم جېنىدىن ئايرىلغان.

گېرمانىيەمۇ ئۆزىنىڭ 20 مىليوندەك ئادىمىدىن ئايرىلدى.

جەمئىي 50 نەچچە مىليون ئادەم يوقىتىلدى، دېگەن سۆز. بۇنى ئويلىغاندا ھەر قانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ، سىلەر ئۈچۈن ئازابلىق بۇ ئىشنى بىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ، دەپ ئويلامسىز يا؟

— ياق، ياق. ئۇنداق بولغاندا بىز قانداقمۇ دوست بولالايتتۇق؟ يۈرۈڭ، مەن سىزگە بېرلىننىڭ مەشھۇر جايلىرىنى تولۇق كۆرسىتەي.

بىز ماشىنىمىزنى توختىتىپ قويغان شەھەر مەركىزىدىكى جايغا كەلگىچە (ماشىنا توختىتىش ئورنى تېپىش بۇيەردىكى چوڭ قىيىنچىلىق) ئۆز ۋاقتىدىكى گېرمانىيە توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. فرىدرىخ خاننىڭ ئاتلىق قاتۇرۇلغان ھەيكىلى، بۇزۇتلۇق، تەمبەل، يوغان قورساق بېسماركىنىڭ ھاسا تۇتۇپ، شىلەپە ئاستىدىن سۈرلۈك قاراپ تۇرغان پۈتۈن قاتۇرۇلغان ھەيكىلى جايلاشقان كەڭرى سەيناغا كەلگەندە، مەن:

—كۆردىڭىزمۇ، گېرمانىيىنى بىنا قىلغان مۇنۇ مويسىپىتلەرمۇ خاپا. بۇلارنىمۇ گىتلېر خاپا قىلغان، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— راست، — دېدى دېرىك زورغا كۈلۈمسىرەپ، — بىر شەھەرنىڭ، بىر مەملىكەتنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەملىكەت زېمىنىدە 40 نەچچە يىلدىن بېرى تۆت غالىب دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرۇۋېتىشى بىزنىڭ خەلقىمىز، ھەتتا ئۆلگەن داڭلىق ئادەملىرىمىز ئۈچۈن قاتتىق ھاقارەت، قاتتىق ئازاب! مانا بۈگۈن بىزنى مۇشۇنداق يەرگە قارايدىغان قىلىپ قويغانمۇ ئاشۇ تەلۋە گىتلېر، ناتسىستلار ئەمەسمۇ!؟

بىز زىيارەتتىن بۇرۇن شەھەرنىڭ چېتىدىكى تۈركلەر ياشايدىغان رايون — ئۆزبېرىك كوچىسىغا غىزالىنىشقا كەلدۇق. بىز پىيادە كوچا ئايلاندۇق. تۈرك دۇكانلىرى، ئاشخانا، قاسساپخانا، كۆكتات دۇكانلىرى، دورا دۇكانلىرىنى ئارىلىدۇق، تاملارغا ھەر خىل شوئارلار يېزىلغانىدى. بۇ، تۈرك مەھەللىسىنىڭ بىنالىرى بېرلىننىڭ باشقا كوچىلىرىدەك ھەيۋەتلىك بىنالار بىلەن تولغان ئەمەس، بىنالار كونا، ئاددىي، ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك، كوچىلارمۇ باشقا كوچىلاردىن تار، تازىلىقى ناچار ئىكەن. مەن بىر چوڭ خەتلىك شوئارغا قارىدىم. دېرىك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ:

—تۈركلەر گېرمانىيىدىن يوقىلىڭلار. گېرمانىيە سىلەرنىڭ ئېمىپ ياتىدىغان ئاناڭلار ئەمەس! دېگەن شوئاركەن — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ — بۇ پانكىلارنىڭ ئىشى. پانكىلار دېگەن نېمە دەمسىز؟ ئۇلار غەلىتە كىيىنىپ يۈرىدىغان، دەۋرگە نارازى ياشلار. ئۇلار شەرقىي گېرمانىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك، يەھۇدىلەر بىلەن تۈركلەرنى قىرىش كېرەك، دەپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرايدۇ. لېكىن ئۇلارنى خەلقمۇ، ھۆكۈمەتمۇ قوللىمايدۇ؛ بىر ئازدىن كېيىن مەن سىزگە ئۇلارنى كۆرسىتىمەن.

— 2 - جاھان ئۇرۇشىدا ئالتە مىليوندىن كۆپ بىگۇناھ يەھۇدى ئۆلتۈرۈلدى، — دېدىم مەن خاپا بولۇپ، — بۇ پانكىلار بۇ سانىنى ئاز كۆرسە كېرەك!

بىز لاتىن يېزىقىدا «رېستائورانت ياشار بورېكچىسى» دېگەن ۋېۋىسكا يېزىلغان تۈرك ئاشخانىسىدا غىزالاندۇق. كۆۋەبىچ (يېرىمى قورداق، يېرىمى گۈرۈچ تاماق)، يۇم-

شاق پىدە (بولكا)، تەملىك پىۋا ماڭا ياقتى. مەن ياشار بىلەن ئوقتى، ئائىلىسى، تۈرك-
لەر توغرىسىدا پاراڭلاشتىم. بېرلىندا 130 مىڭ تۈرك بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مىللىي
مەكتەپى، مەسچىت، بانكا، خارجى ئىشلار ئىدارىلىرى بار ئىكەن. بۇ يەردىكى تۈركلەر-
نىڭ تولىسى ئىشچى، ئاز قىسمى ئوقەتچى سودىگەر، دۇكاندارلار ئىكەن. ياشار چىرايلىق
يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە يەتتە جان بار ئىكەن، بەش ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرۇدىكەن.
ئايلىق كىرىمى 5 مىڭ ماركقا بارىدىكەن. ئۈچ كىچىك ماشىنىسى، بانكىدا نۇرغۇن
پۇلى (بۇ مەخپىي) بار ئىكەن. ئۇلار تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشنى خالىمايدىكەن. تۈرك
ئىشچىلىرى 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي گېرمانىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، گۈل-
لەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. ھازىر گېرمانىيە زېمىنىدە تۇرۇۋاتقان ئىك-
كى مىليونغا يېقىن تۈركلەر بۇ يەرگە مېھمان ئەمەس، بۇ يەرنىڭ مۇناسىپ ئىگىسى.
ئۆزبېرىك كوچىسى ئۇلارنىڭ. ئۇلارنى ھېچكىم بۇ يەردىن قوغلىيالمايدۇ. مانا بۇلار
ياشارنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى.

مەن ياشار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتۈم. كوچىدا ئۇچرىغان تۈركچە كىيىنگەن
چىرايلىق ئاياللار، قاراكۆز، بۈدۈر چاچ باللار مېنىڭ سالاملىرىمغا تولىمۇ ھۆرمەت
بىلەن جاۋاب بېرىشتى. ئۇلار مېنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى. ئۇلاردىكى ئوچۇق كۆ-
ڭۈللۈك، مېھماندوستلۇق ماڭا ئۆز يۇرتۇمدىكى ئۇيغۇرلىرىمنى ئەسلەتتى. بىز بېرلىن
ساياھىتىنى باشلىدۇق.

مانا، ئالا - يېشىل رەسىملەر سىزىلغان «بېرلىن چېگرا تېمى» يېنىدا توختىدۇق.
بېرلىن شەھىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا بۆلۈپ تۇرۇدىغان بۇ سېمونت ۋە تاش بىلەن
قاتۇرۇلغان تام تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن ئېگىزرەك. تامغا ساياھەتچىلەر خىلمۇ خىل رە-
سىملەرنى سىزىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىققا بولغان ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى بايان قىلىشقان.
تام يېنىغا ئالاھىدە كۆزىتىش مۇنبەرلىرى ياسالغانىكەن. بىز مۇنبەرگە چىقىپ، شەرق
تەرەپنى كۆردۇق. ئۇ تەرەپ كەڭلىكى ئون مېتىردەك كېلىدىغان ئوت - چۆپسىز، تاقىر
بوشلۇق ئىكەن. شەرق تەرەپ يەنە تام. ئىككى تام ئارىسىدا ئەسكەرلەر مېڭىپ يۈرىدىكەن.
بۇلار چېگرا قاراۋۇللىرى.

— قاراملىق قىلىپ بۇياققا قاچقۇچىلاردىن نەچچىسى ئاشۇ بوشلۇقتا ئېتىلغان، —
دېدى دېرىك ھەسرەت بىلەن، — بۇ بىر ئۆلۈم بەلبېغى. ئاۋۇ شەرقتىكى ئۈچ قەۋەت
ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدا كوچا بويىدىكى پۇقرا ئۆيلىرى ئىدى. مۇنۇ بوشلۇق بىر ئاۋات،
چوڭ كوچا ئىدى. بۇ چېگرا تېمى 1961 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پۈتتى. شەر-
قىي گېرمانىيە بۇ تامنى ياساتتى، قاراۋۇللارمۇ شۇلارنىڭ. ئۇرۇش بىزنى مانا مۇشۇنداق
بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى لاگىرغا ئاجرىتىپ قويدى. بىلمىدۇق، قانچىنچى ئەۋ-
لادىمىز بۇ تاملارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ تاشلايدىكىن تاڭ؟

چېگرا تېمى بويلاپ ماشىنا بىلەن بىر ئاز مېڭىپ ئۆز ۋاقتىدىكى گىتلېر فاشىست
ھۆكۈمىتىنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان ئورۇن پوشىستام ئاپلاتسقا كەلدۇق. بۇ يەر ھا-
زىر چۆل، خارابە ئورۇن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە گىتلېر ئارمىيىسى ھەر كۈنى ھەربىي

مەشق قىلاتتىكەن. مەن تاملاردىكى رەسىملەرگە سىنچىلاپ قارىدىم. بوز ئات مىنگەن تەلۋە گىتلېرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا سول قولىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان رەسىمى كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر جايدا تۇرۇپتۇ. مەن بۇ خەلق دۈشمىنىگە تىكىلدىم.

— بۇ تەلۋىنى سېغىنىدىغان، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھازىرمۇ بار بولسا كېرەك؟ — مەن دېرىكتىن سورىدىم.

— ئەلۋەتتە بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار بىزدە يوق ئەمەس. ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاۋۇ پىۋىخانىلاردا بىر-بىرىگە ھال-مۇڭ ئېيتىشىدۇ.

جىمجىت، سۈرلۈك كوچىنىڭ چېگرا تېمىغا يېقىن جايىدا بىر نەچچە دۇكان، كافىيخانىلار بار ئىكەن. دېمەك، ئۆز ۋاقتىدا ۋەھشىلىك تۈيۈلغان بۇ جاي ھازىر ياشلىقىنى يامانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قېرىغىنىدا جۇلمەرەپ كوچىدا قالغان ناچار ئادەمگە ئوخشاش ھەسرەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئىنسانىيەت بۇ يەرنىمۇ ئۆز نەزىرىدىن نېرى قىلمىغان ئىكەن.

بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىغا بېرلىنغا ھۇجۇم قىلغان تانكا، زەمبىرەكلىرى خاتىرە ئۈچۈن قويۇلۇپتۇ. بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل بۇرۇن ياسالغان تۆت ئات قېتىلغان ھارۋا ئۈستىدە بايراق تۇتۇپ ئولتۇرغان ئايال — غالىبىيەت ئىلاھى ھەيكىلى ئورنىتىلغان. مىستىن ياسالغان بۇ زور ھەيكەل سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بىراندىن بوگىستو دەرۋازىسى ئۈستىگە مەقسەتسىزلا قويۇلغان ئەمەس. 1788-، 1791-يىللىرى ياسالغان بۇ دەرۋازا گېرمانىيە تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىنغان. 1810-يىللاردا ناپالېئون گېرمانىيىنى بېسىۋالغاندا، بۇ ھەيكەلنى بېرلىندىن پارىژغا ئېلىپ كەتكەن. 1940-يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى فرانسىيىنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، پارىژدىن بۇ ھەيكەلنى يەنە بېرلىنغا قايتۇرۇپ ئېپكەلگەن. تارىخ ھەممىنى يازىدۇ. غەلىبە — يېڭىش-يېڭىلىش تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەيكەلنى مەڭگۈلۈك غەلىبىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ياسىغۇچىلار ۋە بۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار نېمىلەرنى كۆزلىدىكىن؟ بۇنى ھېچ بىلەلمىدىم.

رېخستاگ بىناسى ھازىر كۆرگەزمىخانا ئىكەن. بېيجىڭدىكى خەلق چوڭ سارىيىغا ئوخشاشراق (رېخستاگ كۆپ كىچىك) ياسالغان بۇ بىنانىڭ پەلەمپەيلىرى پۇچۇلغان. ئۈستىدىكى گۈمبىزى ئۇرۇشتا بۇزۇلغاندىن كېيىن، قايتا رېمونت قىلىنماپتۇ. بۇ پارلامېنت بىناسى 1894-يىلى بىسمارك ۋاقتىدا ياسالغانىكەن. بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيىنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قىلىپ چىقىشتا، زور خىزمەت كۆرسەتكەن ھۆكۈمەت باشلىقى بىسمارك قىلىچ بىلەن سەھنىگە چىقىپ نۇرغۇن يىغىنلارنى ئېچىپ، نۇرغۇن قارارلارنى قوبۇل قىلغان. 1931-يىلى ئامېرىكىلىق روزۋېلت، ئىتالىيىلىك موسسولىنىلار بىلەن بىر يىلى تەختكە چىققان گىتلېرمۇ مۇشۇ پارلامېنت بىناسىدا ئەسەبىيلەرچە ھەيۋە بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، دۇنيانى ئۆزىگە تىز پۈكتۈرۈشنىڭ پىلانلىرىنى قارارىدىن ئۆتكۈزگەن!

بۈگۈن بۇ جايدا بىز خاتىرجەم ئېكسكۇرسىيە قىلماقتىمىز. بىزدە تارىخنى توغرىراق بىلمەكتىن باشقا ئىستەك يوق، رېخستاگ — تاجىدىن ئايرىلغان بۇ بىنا ماڭا مۈكچەيگەندەك، ئۈستىگە قادالغان ھەررەڭ بايراقلاردىن بىزار بولۇپ، يەرگە قارىغاندەك بىلىندى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان جاي — چەكچە ئېنىت چارلى ماڭا سۈرلۈك بىلىندى. گەرچە ئەسكەرلەر ماڭا كۈلۈپ، باش لىڭشىتىپ، يېقىنچىلىق قىلىشقان بولسىمۇ، بۇ قىلىدىغان ئىشى يوق ياش ئەسكەرلەر ماڭا يېقىملىق تۇيۇلمىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلىشىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يات بىر ئەلنىڭ زېمىنىدە نائىلاج تۇرۇۋاتقانلار. ئۇلارنىڭ ئىللىق چىرايلىرى تېگىدە يوشۇرۇن غەملىرى باردەك بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار تىنچلىققا تەشنا يىگىتلەر تۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى بولۇپ قالغىنىغا رازى ئەمەس.

تىنچلىق، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق كىمگە زۆرۈر ئەمەسكەن؟ شتاپىنبېرگ شتارشى تۆمۈر دەرۋازىلىق، ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئالدىغا مۇشۇ سوئال بىلەن يېتىپ كەلدىم. ھويلىسى تاپ - تاقىر، بىرلا يالىڭاچ جەڭچىنىڭ ھەيكىلىدىن باشقا ھېچنېمە يوق بۇ بىنا ھازىر گېرمانىيە خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنى نامايان قىلغۇچى كاتتا مۇزېيى ئىكەن. ھويلىدىكى تام تۈۋىگە گۈللەر (چەمبىرەك، رەستىلەر) قويۇلغان، تامدىكى بىر قارا سېمونت تاختىغا نېمىسچە خەت ۋە 1944 - يىل 7 - ئاينىڭ 20-كۈنى دېگەن رەقەملەر يېزىلغان. بۇ نېمە خەت؟ دېرىك ماڭا خەتنى ئوقۇپ بەردى. بۇ بىنا گىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قوماندانلىق شتابى ئىكەن. گۈللەر قويۇلغان جاي شۇ يىلى گىتلېرغا قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان بەش نەپەر گېنېرالنىڭ ئېتىلغان جايى ئىكەن. مەن مۇزېيغا كىرىپ، بۇ گېنېراللارنىڭ ئىشخانىلىرى، گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش پىلانى، قوراللىرى، كىيىملىرى، رەسىملىرى قاتارلىقلارنى كۆردۈم. قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللىرى فاشىزمغا قارشى خەلق كۈرىشىنىڭ سېپىدىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ئالالىغان. ئۇلار فاشىزمنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن، ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن مىسلىسىز زور زىيانلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. 1943 -، 1944 - يىللىرى گىتلېرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقىملاشقان مەزگىلدە ئۇلار گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، خەلقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گىتلېرنى ئۆلتۈرۈشتەك خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۈل قىلالىغان...

مۇزېيغا قويۇلغان فاشىزمغا قارشى كۈرەش پاكىتلىرى نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: كوممۇنىستلار (پارتىيە رەھبەرلىرىمۇ بار)، ئىلغار زاتلار، زىيالىيلار، ئالىملار، سىياسەتچىلەر، يازغۇچىلار، ھەربىيلەر، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار بولۇپ، بىر نەچچە مىڭ كىشىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىنغانلىقى رەسىملەر، بۇيۇملار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن، لېكىن شۇنچە قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە گېرمانىيە خەلقى مەغلۇبىيەتتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن...

مانا، بىز لەنت ۋىيا قانىلىنى بويلاپ ماشىنا بىلەن ئاستا كېتىۋاتىمىز. قانال
سۈيى جىمجىت، سۈكۈتتە. بۇ قانال 1919 - يىلى دۇنيا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاتاقلىق
ئەربابلىرىدىن بولغان روزالوكسۇنبورگ، كارىل لىبكىنىختلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغاندى.
شۇ چاغدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋالغان ئوڭچى ھەربىيلەر يۇقىرىـ
قى ئىنقىلابچىلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى مۇشۇ قانالغا تاشلىۋەتكەنىكەن.
مەن جىمجىت ئېقىۋاتقان قانال سۈيىگە قارىدىم. فاشىستلار زامانىدا دەريامۇ، قانالمۇ
فاشىستلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قان ئىچكەن، ھازىر بۇ دەريا خىجالەتتىن ئۈكۈنۈ-
ۋاتقاندەك بىلىندى. دوستۇم دېرىك، سەن نېمىشقا ئازابلىنىسەن؟ دۆلىتىڭنى، مىللىـ
تىڭنى فاشىزم نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «گىتلېر گېرمانىيىسى» دەپ ئاتىغانلىقىمىز ئۈ-
چۈنمۇ؟ ياكى ئىنسانىيەت دۈشمىنى سېنىڭ ۋەتىنىڭدىن چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ مېنىڭـ
چە، ھەر ئىككى ھالدىمۇ سەن ئەيىبلىك ئەمەس، بىز سېنىڭ مۇنبەت، گۈزەل تۇپرىقىڭ
بىلەن، ئۇرۇش خارابىلىرى ئۈستىدە ئەمگەك قىلىپ ۋەتىنىنى دۇنيادىكى 4 - سانائەت
دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئىلىم - پەن، زامانىۋىلىشىشتا ئۈلگە يارىتىۋاتقان خەلقىڭنى
خۇددى ساڭا ئوخشاشلا سۆيىمىز، ھۆرمەت قىلىمىز. ماركس، ئېنگېلس، گېگىل، فېيېر باخـ
تەك پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىلىـ
رى، گېيۇتى، شېللېر، بېتخوۋېن، مۇزاتتەك ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋالىرى،
ئېينىشتېيىندەك تۆھپىسى ئۆلمەس ئالىملار سېنىڭ مۇشۇ تۇپرىقىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۇلۇغ
تۆھپىلىرى بىلەن تەقدىم قىلغان دۆلەت. سەن گېرمانىيە بىلەن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ.

ماشىنىمىز كۆل بويلاپ، ئاندىن قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا مېڭىپ شەھەر سىرتىدىـ
كى بېرلىن مۇزېيى ئالدىدا توختىغاندا، دېرىك خۇشال بولۇپ مېنى يېنىك قۇچاقلىدى.
بىز باياتىن ئۇن - تىنسىز مۈگداشقانىدۇق.

— بېرلىن مۇزېيى دۇنياغا داڭلىق! — دېدى ئۇ مېنى چىمەنلىك سەينا بىلەن باشـ
لاپ كېتىۋېتىپ،—بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرەلەيدىـ
غان نەق ماتېرىياللار بار. جۇڭگو بۆلۈمىنى كۆرىمىزمۇ ياكى پۈتۈن ئاسىيا بۆلۈمىنىمۇ؟

— ھىندى، بۇددا بۆلۈمىنى كۆرەيلى،—دېدىم مەن شىنجاڭ توغرىسىدىكى تارىخىي
ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە قىزىقىپ.

تۇرپان بېزەكلىكتىن كەلگەن بۇددا تام سۈرەتلىرىدىن كەسمىلەر، ئىدىقۇت - قوچۇ
شەھەر خارابىسىنىڭ ئەيىنەن مودېلى. كۇچا - باي مىڭ ئۆيلىرىدىن ئېلىنغان رەسىملەر،
تاش ۋە مېتال ئەسۋابلار، كىيىم، ئۆي جابدۇق، ھەتتا ئادەم ئىسكىلىتىدە بەلگىلەر بىلەن
كۆرسىتىلگەن يىگىنە سانجىلىدىغان نېرۋا تۈگۈنلىرى، پىل چىشىدىن ياسالغان داۋالاشتا
ئىشلىتىلىدىغان يىگنىلەر...ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاسىيا ۋە دۇنيادىـ
كى يۇكسەك ئورنىنى ئىسپاتلاپ، پاكىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆز
خۇشاللىقىمنى بايان قىلدىم:

گېرمانىيە ئالىملىرىغا رەھمەت. بىزگە ھۆرمەتلىك جايدىن ئورۇن بەرگىنىڭلارغا

رەھمەت. گېرمانىيە ئالىملىرى بىزنىڭ قەدىمكى تىل - مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. لېكىن بىز بۇ ئالىملارنى نۇرغۇن تىللىدۇق، ئەيىبلىدۇق، ھەتتا بىر ئالىمنى دۈشمەن ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. پارلاق مەدەنىيەت تارىخىمىزنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئىدى. لېكىن بىز قىلالمىغان بۇ ئىشنى گېرمانىيە ئالىملىرى قىلالىدى، سىلەرگە كۆپ رەھمەت!

سۈرەتلەر، ماددىي نەرسىلەر گىلەم سېلىنغان، پاكىزە، تىنچ ئۆيلەردە ئەينەك ئىچىدە ساقلانغان. ئۆيلەرگە كىرگەن زامان چىراغلار ئۆزلۈكىدىن يانىدىكەن. مەن ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى ئالدىدا ئۇزاق توختىدىم. قەدىمكى شەھەر شۇنچىلىك ئېنىقلىق بىلەن ياسالغان، مەن بۇ تامدىكى كۆرۈنۈش ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى تۇرپان ئاستانىدا ھېس قىلدىم.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى دېرىك ماڭا ئوقۇپ بەردى. چۈشەندۈرۈشلەرگە «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئېنىق يېزىلغان.

— نېمىشقا بىزنى ھىندى — بۇددا بۆلۈمگە قويۇپ قويدۇڭلار؟

— قەدىمكى دىنىي - مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىققا ئاساسەن شۇنداق قىلىنغان. بىزمۇ ھىندىستاندىن كەلگەن، ئاتالمىش ھىندى - ئارىئانلار بىز. دېمەك، سىلەر بىلەن بىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدە ئورتاقلىق بار ئىدى.

دېرىكنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرا. ئاتىلا باشلاپ كەلگەن ھونلارنىڭ بۇلغارىيىدە، ۋېنگرىيىدە، گېرمانىيىنىڭ بەزى جايلىرىدا بىزگە تونۇش بولغان بەزى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ھېلىمۇ ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

بېرلىننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەنزى كۆلى بېرلىن خەلقىنىڭ ساياھەت ئورنى. ئۇ يەردە قولۋاق ۋە كىچىك پاراخوتلار بىلەن كۆڭۈللۈك تاماشا قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئۆكتەبىرنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە بۇ يەر چۆلدەرەپ قالغان. كۆلنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭدۇق، قويۇق، قەدىمىي ئورمانلىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، ئاخىرى بىر غەربىي - شەرقىي بېرلىن چېگرىسى ھېسابلانغان كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ توختىدۇق.

— بۇ، كۆۋرۈك، — دېدى دېرىك يەرگە چۈشۈۋېتىپ چاقچاق قىلىپ، — بىر سىياسىي كۆۋرۈك. ئامېرىكا - سوۋېت ھۆكۈمەتلىرى مۇشۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇتقۇنلارنى ئالماشتۇرغان.

خابېل دەرياسى ئاستا ئاقماقتا. ئۇ، بېرلىننى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ، شەھەر ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ ساياھەت كۆللىرىمۇ مۇشۇ خابېل دەرياسى ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

— ھېنرىش ۋون — كلائىستنىڭ قەبرىسى مۇشۇ دەريانىڭ بويىدا، كۆرۈشنى خالامسىز؟

— كۆرەيلى! — دېدىم مەن دەرھال. كلائىست 1777 - يىلى بېرلىندا تۇغۇلۇپ، 1811 - يىلى ۋاپات بولغان. تالانتلىق، ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ، نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، دراممىلارنى يازغان. لېكىن جەمئىيەتتىن نارازى بولۇپ، ئۈمىدسىزلىككە بېرىلىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان. مەن بۇ شائىرنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق

ھېكايىنى ئاڭلىغان: 34 ياشلىق بۇ ئەدىبنىڭ كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈشكەن، لېكىن مۇرادى ھاسىل بولالمىغان ئاشنىسى بار ئىكەن. ئاشنىسىنىڭ ئېرى، بىر بالىسىمۇ بار ئىكەن. ناپالېئون گېرمانىيىنى بېسىۋالغان يىلى كلائىست ئۆلۈۋېلىشنى ئېلان قىپتۇ، ئاشنىسىمۇ بىللە ئۆلمەكچى بوپتۇ. ئاشنىسىنىڭ ئېرى كلائىستقا يېلىنىپ: «ئۆلمە، ئايالىم بىلەن بالامنى ئال، بەختلىك بول. مەن چەت ئەلگە كېتەي!» دەپتۇ. لېكىن كلائىست بەربىر ئاشنىسى بىلەن بىللە ئاشۇ دەريا بويىغا كېلىپ، بىر - بىرسىنى تاپانچا بىلەن تەڭلا ئېتىشىپ بىللە ئۆلۈۋاپتۇ.

بىز دەريا بويىدىكى ئورمانلىققا كىردۇق. قويۇق قەددىمى ئورمانلىق ئىچىدە ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

كلائىستنىڭ ئۆلۈۋالغان يېرىگە سېمونت بىلەن خاتىرە تېشى قاتۇرۇلغان. مەن نېمىسچە خەتلەرنىڭ ئاستىدىكى «1777. 10. 18 — 1811. 11. 21» دېگەن رەقەملەرنى كۆرۈپ، بۇ شائىر مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئۆلگەن ئەمەس، ئۇ، ۋەتىنىنىڭ يات ئەلگە تەسلىم بولۇپ، ناپالېئون ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكىنىگە چىدىيالمىغان، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى كلائىست مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلگەن بولسا، بۇرۇنراق ئۆلگەن بولاتتى. ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى ۋىزىئىگمۇ ۋەتىنىنى گېرمانىيە بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەلەمگە چىدىماي جەنۇبىي ئامېرىكىغا بېرىپ ئايالى بىلەن بىللە ئۆلۈۋالغان ئەمەسمىدى؟ كلائىست ھەربىي بولغان. ئۇ، ۋەتىنىنىڭ ئارنومۇسىنى ھاياتىدىن ئۈستۈن بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسپاتلىغان.

دېرىك ماڭا كلائىستنىڭ تاشتىكى شېئىرىنى قارا سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن بۇ سۆزنى قاپىيىلەشتۈرۈپ يېزىۋالدىم:

«ئەنسىرىمەڭلار نامەردلەر،
ئۈستۈڭلەردىن كۈلمەيمەن.
دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم،
ئەمدى ھەرگىز ئۆلمەيمەن!»

— راست شۇنداق، باشقىسىنى بىلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ قەلبىمدە ئۇ مەڭگۈ ھايات.

بىز شۇ كۈنى ئاخشىمى بېرلىن بىلەن خوشلىشىپ، گېرمانىيىنىڭ شىمالىغا پويىز بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق.

## ھېنرى توماس ۋە توماس ماننىڭ تۇغۇلغان شەھىرى

مېنى غەربىي گېرمانىيىگە تەكلىپ قىلغان دوستۇم توماس خاپپې تېخى 40 ياشقا كىرمىدى. لېكىن بومبا ساقىلى بىلەن تاقىر بېشى ئۇنى 50 - 60 ياشلىق بوۋاي قىلىپ كۆرسىتەتتى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ساقال قويۇشى زىننەت، تەبىئىيلىك، رومانتىكا، ھورۇنلۇق ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەردىن بولىدۇكەن. توماس بولسا، ئۈچ ياشلىق، بەش ياشلىق قىزلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ساقال قويۇپتۇ (بۇ يەردە بالىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن خېلى چوڭ ئىشلارمۇ قىلىنىدىكەن). توماس — بىلىملىك، بېيجىڭدا ئىككى يىل خەنزۇچە ئوقىغان، مۇلايىم، خۇش خۇي ئادەم. ئۇنىڭ بالىلارنىڭكىدەك كۆپكۆك كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئۇ، بېرلىن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرغاق رايون-

لارنى تەتقىق قىلىش ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى بولسىمۇ، ئۆزى ئائىلىسى بىلەن بالتىق دېڭىزىغا يېقىن ھېلسىنكىپ يېزىسىدا تۇرۇدىكەن. بۇ يېزا لىيوبەك شەھىرىگە قارايدىكەن. دېمەك، بىز بېرلىندىن توماسنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىمىز.

بېرلىن شەھىرىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى شەرقىي گېرمانىيە زېمىنى قورشاپ تۇرغاچقا، بېرلىندىن پويىز بىلەن شىمالدىكى ھامبورگ، لىيوبەك شەھەرلىرىگە ياكى جەنۇبتىكى فرانكفورت قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىش ئۈچۈن شەرقىي گېرمانىيە زېمىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، پويىزدا پاسپورت تەكشۈرۈلىدۇ.

شەرقىي گېرمانىيىگە تېگىشلىك بولغان بۇ يەرلەر ياپيېشىل يايلاق، قويۇق ئورمانلىق. شىمالغا ماڭغانسېرى ھاۋا ئىللىق، مەنزىرە گۈزەل بىلىنىشكە باشلىدى. پاكار - پاكار بۆك قارىغايلىق تۆپىلىكلەر، كۆپكۆك كۆللەر، چۆرىسى باغ - ۋارانلىق ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيلەر، ئېتىزلاردىكى سىلوس ئۈچۈن تېرىلغان، تېخى ئورۇلمىغان كۆممىقوناقلىقلار ماڭا يۇرتۇمنىڭ ياز پەسلىنى ئەسلەتتى.

مەن ئۆز ۋاقتىدا قانلار تۆكۈلگەن، ھازىر قايتىدىن ياشارغان زېمىننىڭ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنى ئەسلەشنى خالىمايمەن.

مەن شائىردەك ھاياجانلانغان، تۈنجى قېتىم كەڭ دالانى كۆرگەن گۆدەكتەك ئالاقزادە، ھەممىلا نېمە ماڭا ناتونۇش، يېڭى. سائەتتىكە 120 - 160 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن كېتىپ بارغان، ئازادە، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق پويىزدا ئولتۇرۇپ يېنىمدىكى شەرقىي گېرمانىيىلىك، پولشالىق ۋە غەربىي گېرمانىيىلىك ياش، خۇش خۇي يىگىتلەر بىلەن تېزلا دوستلىشىپ قالدىم. ئۇلار ماڭا ھەربىر بېكەت، شەھەر، ئورمانلىق، كۆللەرنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇرماقتا. پەۋا - كافى ساتقۇچى خادىم ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدا ھۆرمەت، سىلىقلىق، كۆيۈمچانلىق مېنىڭ غەرب ئادەملىرى توغرىسىدىكى قاتمال چۈشەنچەمنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن غەربلىك ناتونۇش ئادەملەردىن بىر شەرقلىق ئاددىي ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەمسىتىش، سوغۇق قىلىش قاتارلىق مەن ئىدىيىدە تەييارلىق قىلغان ناچار نەرسىلەرنى قىلچە سەزمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلار مېنى ھۆرمەتلىمەكتە، مېھمان قىلماقتا، ماڭا يېقىنلاشماقتا.

— گەنبى! — سېمىز، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرۇدىغان بوۋاي ھېلىدىن - ھېلىغا بىزنىڭ خانىمىزغا پەۋا كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ تۇرپانغا بارغانلىقى ۋە شۇ چاغدا ئۆگىنىۋالغان بىر جۈملە «گەنبى» دېگەن سۆزنى ماڭا ئىشلىتەتتى. ئۇ ماڭا پەۋا تۇتىدۇ. مەن تارتىنماي ئۇنىڭ رومكىسىنى قوبۇل قىلىمەن:

— پروئوست① — دەيمەن!

— گەنبى!

تۆت سائەتتىن كېيىن لىيوبەك شەھىرىگە كەلدۇق.

لىيوبەك غەربىي گېرمانىيىنىڭ قانال ئارقىلىق بالتىق دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدىغان، قاتناش، سودا تەرەققىي قىلغان بىر قەدىمىي شەھىرى. شەھەر قەدىمىي پروسسىيە چوڭ سودىگەرلىرىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مال ئالماشتۇرۇدىغان شەھىرى ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا دەرەخ ئاز، ئۆيلىرى زىچ، كوچىلىرى تار. ئۆيلىرى گېرمانىيىنىڭ داڭلىق قىزىل خىشى بىلەن ياسالغان. لىيوبەك قانىلى شەھەرنى ئوراپ تۇرۇدىكەن،

① پروئوست — قەدەھ سۆزى: بېزچە — خۇشە.

قانالنىڭ چوڭقۇرلۇقى يەتتە - سەككىز مېتىر ئىكەن.

توماس بىر ھەپتە ئىلگىرى كوچىغا «تاشلاپ» قويغان كىچىك ماشىنىسىنى تېپىپ كەلدى. بىز شەھەرنى ئايلاندۇق. بۇ شەھەردە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە، ئاكا-ئۇكا يازغۇچىلار ھېنرى توماس، توماس مانلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولدى. بۇ ئاكا-ئۇكا فاشىزمغا قارشى يازغۇچى، جامائەت ئەربابلىرى توغرىسىدا مەن يۈزە بىلىمگە ئىگە ئىدىم. مەن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلار تۇغۇلغان ئۆينىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي ئىزنا سىز يوقالغان خارابىسى ئورنىغا قاتۇرۇلغان ئاق مەرمەر خاتىرە تېشى يېنىدا توختىدىم. توماس ماڭا خاتىرە تاشتىكى خەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. خاتىرە تېشىغا: «...توماس مان 1882 - يىلىغىچە مۇشۇ يەردىكى ئۆيدە ياشىغان» دېگەن خەت يېزىلىپتۇ. ئۇنىڭ تېگىگە يازغۇچىنىڭ مەشھۇر سۆزلىرى يېزىلغان: «ئالما ئۆز دەرىخى ئەتراپىغا چۈشىدۇ. مەن لىيوبەك دەرىخىدىكى بىر تال ئالما ئىدىم. لېكىن بۇ يەرگە يات بولۇپ ياشىدىم. كېيىن بىلدىم، مەن مۇشۇ يەردىكى ئۆزۈم ئەسەرلىرىمدە تەنقىد قىلغان ئادەملەردىن ئىكەنمەن»، «...مەن ھاياتنى، ئۆگىنىشنى سۆيىمەن. خەلقىمدىن بۇ پەزىلەتنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئازابلاندىم. مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىمگە قانداق باھا بېرىشىنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن خەلقىمدىن ئۆز باھاسىغا مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قېتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن: «مەن ھاياتنىڭ دوستى». توماس ماننىڭ بۇ سۆزلەرنى يېزىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ، ئۆزىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئەسىرى— «بودېنبورگ ئائىلىسى — بىر ئائىلىنىڭ چۈشكۈنلىشى» دېگەن رومانىدا ئوخشىمىغان ئىككى كاپىتالىست ئائىلىنىڭ رىقابەتلىشىپ ئاخىرىدا مونوپولىيە كاپىتالىزمى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى يازغان. بۇ ئەسىرىدە لىيوبەك سودىگەرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، لىيوبەك بايلىرى يازغۇچىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. لېكىن يازغۇچىمۇ قېرىغاندا «ئۆزۈمنى تەنقىد قىلىپتىمەن» دەپ ئۆتكۈنگەن، لىيوبەك خەلقىمۇ ئۇنى كەچۈرۈپ مەخسۇس خاتىرە ئۆيىنى تەشكىللەپ، ئۆز يازغۇچىسىغا بولغان كاتتا ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

ھېنرى توماس، توماس مان مۇزېيى لىيوبەك خەلقىنىڭ غۇرۇرى، خۇشاللىقى ئىكەن. شەھەر مەركىزىدىكى بۇ قەدىمىي بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىققان ئادەم ئاكا - ئۇكا يازغۇچىلارنىڭ نيۇ - يورك ئايرودرومىدا قول تۇتۇشۇپ، قىزغىن كۆرۈشۈۋاتقان چوڭايتىلغان رەسىمىنى كۆرىدۇ. بۇ رەسىمنىڭ تېگىگە ھېنرى توماسنىڭ: «مەن نەدە بولسام، گېرمانىيە مەدەنىيىتى شۇ يەردە» دېگەن سۆزى يېزىلغان.

بۇ، ئاكا - ئۇكا يازغۇچىلار ئەلۋەتتە شۇنداق دېيىشكە مۇناسىپ. ھېنرى توماس ھاياتىدا 19 توم رومان، 55پارچە پوۋېست، ھېكايە ۋە نۇرغۇن دراما، سىياسىي، پوبلىستىك ماقالىلارنى يازغان. ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە گېرمانىيە فاشىزمىنى، ئەزگۈچىلەرنى قاتتىق سۆككەن. فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنى ئەمگەكچىلەرنى، بولۇپمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكىشى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. ئۇ، ۋەتىنى (ميۇنخىن) دە، فرانسىيىدە، ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ سىبونكا شەھىرىدە خەلقئارا تىنچلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بۈيۈك ئەرباب. 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنى دۆلەت سەنئەت ئىلمىي ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك دۆلەت مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلىغان. يازغۇچى گېرمانىيىگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، 1950 - يىلى 12 - مارت كۈنى 79

يېشىدا ۋاپات بولغان.

مۇزېيغا يازغۇچىنىڭ 1935 - ، 1938 - يىللىرى فرانسىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە يازغان رومانلىرىدىن «پادىشاھ ھېنرى (IV) نىڭ ياشلىق دەۋرى»، «پادىشاھ ھېنرى (IV) نىڭ تاماملىنىشى» قاتارلىقلارنىڭ كۆپ تىللاردىكى نەشرى، «پېپو. سفانو»، «يۈرەك»، «مۇھەببەت ھېكايىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى، پوبلىستىك ماقالىلىرىدىن «زولا توغرىسىدا»، «ھوقۇق ۋە ئادەم»، «تەپەككۇر زوراۋانلىقى»، «روھ ۋە كەسپىي ئىش» ناملىق ماقالىلىرى بېسىلغان گېزىت - ژۇرناللار قويۇلغان.

مۇزېيدىكى چۈشەندۈرۈشلەر ئىچىدە ئاكا - ئۇكا يازغۇچىلارنىڭ بىر مەزگىل 1 - دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئۆزئارا كۈرەشلىرى مېنى قىزىقتۇردى. ئاكىسى ھېنرى توماس 1918 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىنى تەنقىد قىلىپ «زولا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندا، ئىنىسى توماس مان ئاكىسىنى تەنقىد قىلىپ «بىر سىياسەت بىلەن كارى يوقنىڭ قاراشلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ئاكىسىغا ھۇجۇم قىلدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن قېرىنداشلىقتىن ۋاز كېچىشكىلى تاسلا قالدۇ. لېكىن 1942 - يىلى ئاكىسىنىڭ 71 ياشقا توشقانلىقىنى تەبرىكلەپ يازغان خېتىدە توماس مان ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلدۇ.

يازغۇچىلار ئارىسىدا، قېرىنداشلار ئارىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ بولۇشى نورمالنى ھادىسە. لېكىن بىز بۇ نورماللىقتا تېخى كۆنۈكمىدۇق. ھەدىسىلا «دۈشمەن، ئىككى گۇرۇھ مەۋجۇت» دەپ ئارىغا كىرىپ زۇغۇيلۇق قىلغۇچىلار، قۇتراتقۇچىلار چىقىپ تۇرۇدۇ. بۇ خىل ئادەملەر شۇنى بىلىشى كېرەككى، پىكىر ئىختىلاپلىرىغا يول قويۇش كېرەك. ۋاقىت، ئەمەلىيەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مۇزېينىڭ ئىسمى توماس مان مۇزېيى. لېكىن ئۇ يەرگە ئاكىسى ھېنرى توماس توغرىسىدا يۇقىرىقى نەرسىلەر ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇلغان.

توماس مان ئاكىسىدىن تۆت ياش كىچىك. ئۇ 1875 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ليوبەك شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بايىقى خاتىرە تېشى ئورنىتىلغان جايدا چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1929 - يىلى نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكىچە بولغان ئارىلىقتا «تىلىستان»، «تونىئاۋ - كىلىگر»، «ۋېنىس شەھىرىدە ئۆلۈش» قاتارلىق پوۋېستلارنى ۋە ئاتاقلىق رومانلىرىدىن «بودىنبورگ ئائىلىسى — بىر ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى» (2 توم)، «بەگ خوجام جانابلىرى» قاتارلىقلارنى يازغان. 30 - يىللاردىن كېيىن بولۇپمۇ 1933 - يىلى گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ بېرلىن قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قېتىم فاشىزمغا قارشى نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1933 - يىلى بېرلىندا ۋاگنىر ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزى ئۈچۈن 1936 - يىلى ناتسىستلار ئۇنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇ، ئاۋۋال چېخوسلوۋاكىيىگە، شۋېتسارىيىگە، كېيىن 1938 - يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكىغا پۇقرا بولۇپ، ئامېرىكا پولىنسدۇن ئۇنىۋېرسىتېتىغا پروفېسسور بولىدۇ. 2 - جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە فاشىزمغا قارشى 50 نەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ، تونجى پوۋېستى «چۈشكۈنلىشىش» دىن تارتىپ (1894 - يىلىدىن) 1954 - يىلقى تاماملانمىغان ئاخىرقى

رومانى «ئالدامچى فىلىكس كرورنىڭ ئەركىنلىكى، ئەسلىمىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى» ئىچە بولغان ئارىلىقتىكى 60 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىدە ئون نەچچە داڭلىق رومان، 70 نەچچە پوۋېست، دراما ۋە نۇرغۇن ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. مۇزېيدا مەن توماس مان ئەسەرلىرىنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇندەرجىسى، ئاۋۋال ماشىنكىدا ئۇرۇلغان، كېيىن تەھرىرلەنگەن قوليازمىلىرىنى، ئۈستەل، ئورۇندۇق، كىيىم-كېچەك، دوست-ئاغىنە، بالا-چاقىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ، بىر يازغۇچىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، خەلق ئالدىدىكى بۇرچى، ئۆز ئىشىغا بولغان مۇھەببەت-مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. ئۇ 60 يىل توختىماي يازغان، توختىماي يېڭىلىققا ئىنتىلگەن. ئۇ، سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە كلاسسىكلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىمۇ ۋارىسلىق قىلغان ھەم يېڭى سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى پېشقەدەم كىتابخانلارمۇ، يېڭىلىققا ئامراق ياشلارمۇ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ رومانلىرىنى تەنقىدچىلەر: «گېرمانىيىنىڭ روھىي تارىخى»، «پۈتۈن ياۋروپا ئۇنى ئۆزىگە ئالاقىدار دەپ قارايدۇ» دەپ باھالىغان. ئۇ نەسىرچىلىكتە: بىۋاسىتە بايان ۋە ۋاستىلىك بايان قىلىش، ئوموملاشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىش ياكى بايان بىلەن مۇلاھىزىنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە ئىچكى مونولوگ قاتارلىق ئۇسۇللارنى، شۇنداقلا پىكىر ئېقىمى ۋاستىسىغا ياتىدىغان زامانىۋى ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان.

توماس مان مۇزېيى ماڭا بىر مۇھىم لېكسىيە، بىر مۇھىم كىتاب بولدى. مەن سۈرەت ۋە نەرسىلەر بىلەن تولغان ئۆيدىن ئۈنسىز، شاۋقۇنسىز بىلىم ئالدىم.

لىيو بەكلىلەر، ئۆز ئەدىبلىرىنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. مۇزېيغا يەنە بۇ شەھەردە تۇغۇلغان ئايال يازغۇچى ئىدا بويىت ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا قويۇلغان. گەرچە بۇ نامى مەشھۇر بولمىغان ئايال ئەدىب ئۇلۇغ گېرمانىيە شائىرى گيوتىنىڭ شارلىتى فەن كەلپ ئىسىملىك ۋاپادار ئاشنىسى توغرىسىدا بىرلا ئەسەر يازغان بولسىمۇ.

شائىر گەيبىل (1884 — 1915) ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئايالىمۇ مۇشۇ شەھەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن بۇ مۇزېيدىن ئورۇن ئالالىغان.

ئۆز ئەدىبلىرى بىلەن پەخىرلىنىش بىر مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتى بولسا كېرەك، مەن گېرمانىيىدە يۈرگەن قىرىق نەچچە كۈن ئىچىدە شەھەرلەردە، يېزىلاردا شائىرلار، يازغۇچىلار نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن چوڭ-كىچىك كوچىلارنى، ھەيكەللەرنى، مۇزېيلارنى كۆردۈم. مەسىلەن: فرانكفورتتىكى ئەڭ چوڭ كوچا دانتى كوچىسى، فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىغا گومېر بىلەن ئارىستوتېلنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇلغان، نيورنبورگ شەھىرىنىڭ بىر يېزىسىدىكى كوچىلارنىڭ بېشىغا: «ھ. ھەينى، شىللىر، گيوتى... كوچىلىرى دېگەن ۋىۋىسكىلار قادالغان.

بىزنىڭمۇ ئاجايىپ ئەدىبلىرىمىز بار. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇزېيى، ھەيكەللىرىگە ئۇنچىلىك چوڭ ئەھمىيەت بېرەلمىدۇق. كوچىلارنىڭ سانى جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرساق كېرەك، لېكىن ئەدىبلىرىمىزنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىرى بەك ئاز، بەلكى يوق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ماھگۈل پەخرىدىن

# چالاچوكان

(ھېكايە)

مەشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپتۇ، پۇت ـ قوللىرىم ئۇيۇشۇپ كېتىپتۇ، قاچاندىن بېرى شۇنداق ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. قولۇمدا قەلەم، ئالدىمدا قەغەز... بىرەر نەرسە يازماقچى ئىدىمكى، مېڭەم داتلىشىپ كەتكەن پىچاقتەك ھېچنېمىگە يورىمىدى... قولۇم تىترەۋاتىدۇ. ياق، يۈرىكىم ـ ئەلەم ئامبۇرىدا قىسىلغان بىر پارچە گۆش بولۇپ تىترەۋاتىدۇ. نېمە يازارمەن؟ كىمگە يازارمەن؟ نەدىن باشلايمەن؟

كېچە، ھەممە تىنىچ ئۇيقۇدا، مەن خىيال ئىلكىدە...

*　　*

رەھمۇتۇللانى ھايات سەھىپەمدە بىردىنبىر بەخت يولى ئاچقۇچى بولىدۇ دەپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئېتىقاد باغلىغانىدىم. بۇ ئىشەنچ ئارزۇيۇمغا يېتىشىمنى كۈچ، قۇدرەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئانىملار «تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە نان يېمەك تەس» دەپ، قانچە توسقان بولسىمۇ، ئاخىرى مۇھەببەت غالىب كەلدى.

رەھمۇتۇللالارنىڭ چىرايلىق پېشايۋانلىق ھويلىسى، ئازادە سېلىنغان تۆت، بەش ئېغىز ئۆيى بار ئىدى. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن ئىدىم. چۈنكى، بىر چوڭ ـ كىچىك ئالتەيلەن ھويلىسىنىڭ تايىنى يوق كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيدە چوڭ بولغاچقا، تارچىلىقتىن بەكمۇ تويۇپ كەتكەنىدىم. ئەمدى رەھمۇتۇللا بىلەن كەچتە چېرتىيۇز سىزامدۇق، ئۆگىنىش قىلامدۇق، نېمىلا قىلساق قولايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمىلەخان ئانا باشتا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تېنىمنى شۈركۈندۈرگۈدەك سۈرلۈك قارىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «ئالما گۈللۈك پىيالەڭ بولسا، ئانار گۈللۈك چەينەكتە چاي دەملەپ ئىچسەڭ، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئوغلۇمنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، ئۆزى ئەقىللىق جۇمۇ، قاراڭلار بۇ قىزىمنى...»

دەپ، بولغۇسى قېيىن ئانىلىق سۆلكىتى بىلەن كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالغانىدى. ئاخىرى تويىمۇ بولدى. جەمىلەخان ئانام: «ئوڭ قانىتىم جېنىم غوجام، سول قانىتىم جېنىم قىزىم» دەپ، داستىخان ئۈستىدىمۇ، تېلېۋىزور كۆرسىمۇ بىزنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئاخشىمى بىر ۋاقىتچە بىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى.

بىر ئاي ئۆتە ئۆتمەيلا، بۇ ئازادە ئۆي ماڭا قەپەزدىنمۇ تار بىلىنىشكە باشلىدى. جەمىلەخان ئانامنىڭ: «گۈلبەھرەم خېنىم!» دەپ سوزۇپ توۋلىشى گويا تىكەن بولۇپ سانجىلىپ بەدىنىمنى چىمىلدىتاتتى. ئەمما بىر تۇرۇپ ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، ياتباش بىر ئۆيگە كېلىپ تۇرغاندىكىن، ئېھتىمال كۆنگىچە شۇنداق ياتسىراش بولۇدىغاندۇ، دەپمۇ ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم.

بىر كۈنى سەھەر قوپۇپ، باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ، چاچ تاراۋاتاتتىم. هويلىدا: «ۋاي ئىسىت بالام، ۋاي ئىسىت غوجام!» دەپ نالە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىتتىك سىرتقا چىقىۋىدىم، جەمىلەخان ئانام بىزنىڭ دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ.

— ئانا، نېمە ئىش بولدى؟

ئۇ لام ـ جىم دېمەستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىشىك گويا بېشىمغا تەگكەندەك، ئىككى چېكەم چىڭقىلىپ، مېڭەم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى...

بۇنداق ئىش بۇ ئۆيدىكى مۇقەررەر ئادەتتەك ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇردى. قېيىن ئانامنىڭ خاراكتېرى مەن ئۈچۈن يەشكىلى بولمايدىغان بىر تېپىشماق ئىدى.

رەھمۇتۇللا ئىككىمىزنىڭ بىرەر يەرگە بىللە بېرىشىمىز، ھەتتا يانمۇ ـ يان، ياكى ئۇدۇل ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىمىزمۇ گۇناھ ئىدى. ھەر ئىككىمىز بىر زاۋۇتتا ئىشلەپ تۇرۇقلۇق بىر باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتۇق.

يېڭى يىل ھارپىسىدا، زاۋۇت ئىتتىپاق كومىتېتى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تانسا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرغانىدى. مەن تەشۋىقات ھەيئىتى تۇرۇپ بارمىسام بولمايتتى. قېيىن ئانامنىڭ خۇيىنى بىلگەچكە، «مۇھىم يىغىن بار ئىدى» دەپ، چاندۇرماستىن ماڭماقچى بولدۇق. كىم بىلسۇن، بىز جابدۇنۇپ چىققۇچە، ئاناممۇ تەييار بوپتۇ.

— مەنمۇ زاۋۇتقا بېرىپ، قانداق يېڭى ئىشلار بار كۆرۈپ، يېڭى گەپلەر بار ئاڭلاپ كېلەي، — دېدى ئۇ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋېتىپ.

— ئانا، بۇ ياشلارنىڭ يىغىنى، سىزگە... — رەھمۇتۇللا ئۇنى توسماقچى بولدى.

— ياش، ياش! مەنمۇ تېخى ئەللىككە ئۇلاشقىنىم يوق، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ تۆت تامغا يەم بولسام بولامتى؟!

— ئانا، كىچىك بالىدەك نەگىلا بارساق ئەگىشىۋالىدىكەنسىز.

— نېمە؟ يەنە بىر دەپ باققىنا؟ مەن تېخى سەن نېمىگە كۈشەندە بولۇپ قاپتىمەن ـ دە! ۋاي ئىسىت، داداڭدىن ئىككى سىڭىلىڭىم بىلەن قېلىپ، شۇنچە يىل باققانلىرىم! مەندىن قېچىۋاتقىنىنى كۆرۈڭ! ماڭا بۇ نېمە تارتقۇلۇق، نېمە كۆرگۈلۈك!؟

ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ، كۆزلىرى ئالاڭغۇلىشىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان

قوش ئېگەكلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— پېتىر مانتىنى شوپۇكلاپ يېگۈزۈپ بېقىپ چوڭ قىلغان يالغۇز ئوغلۇمدىن كەلگۈلۈك شۇ بولدىمۇ؟ «ئۆلۈپېتىشىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ نىجىس» دەپتىكەن، بۇزدى، بۇزدى، بالامنى بۇزدى!

— رەھمۇتۇللا، سىزمىچۇ كىچىك بالىدەك گېپىم باردەپ ھەر نېمىنى دەۋېرىدىكەنسىز. ئانا، خاپا بولمىسىلا، ئۆزلىرى بىلىلا ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ گېپى شۇنداق توغراق، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— گۈلبەھرەم خېنىم! تاماشا بوپ بەردىغۇ؟ تۇۋا، مۇنداق يېرى بار تېخى. ئوغلۇمنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋاتقانلار بار. «ئېشەكنى ئىززەتلىسە، ئوقۇرىغا تېزەكلەيدۇ» شۇنداق ئەمەسمۇ، گۈلبەھرەم خېنىم، ھە؟

نەدىن بىلەي، مېنىڭ بىر ئېغىز تەسەللىرىم ئېچىتقۇ بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ئېگىز سەكرىتىشىنى!؟ بەرىبىر «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» ئىكەن. مانا ئەمدى مەن كىشىنىڭ ئالدىدا «ئېشەك»مۇ بولدۇم. «قاغا»مۇ بولدۇم، ھەر نېمە بولدۇم.

«جېنىم ئانا، جېنىم دادا! بىسمىللا دېمەستىن نېمە ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن - ھە؟» ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مېنىڭ شۇ تاپتا يىغىدىن باشقا نېمىگە كۈچۈم يېتەتتى؟

دادام بىلەن ئانامنىڭ مېنى تاھازىرغىچە: «ھۆپپىدە قىز، شۆپپىدە قىز، سەمەنلىكنىڭ چىلگىنى قىز، ئوردا ئالدىنىڭ گىردىنى قىز، ئۈستەڭبويىنىڭ مانتىسى قىز، دۇمبۇلىياغىنىڭ سامسىسى قىز» دەپ ئەركىلىتىشلىرىنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى زادى تۇتۇۋالالمىدىم. ئىلگىرىكى سومكامنى يۆلۈپ ئېلىپ، ئىشىك تۈۋىگە باردىم - يۇ، بىردىنلا ئانامنىڭ: «بالام، بىر ئۆي دېگەندە داۋاملىق سەن چىرايلىق، مەن ئوچۇق، سەن تاتلىق، مەن چۈچۈك دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. قازان - قومۇچنىڭ چېقىشىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. مېنىڭ بالام بولىدىغان بولساڭ، ئۆي تۇتىمەن دېسەڭ، قىلدىن قىغىر كەتسە يامانلايدىغان، گەپ توشۇيدىغان تەۋاز تەنتەكلەردىن بولما. ئۆزۈڭگىمۇ، بىرگىمۇ ياخشى ئەمەس» دېگەن نەسىھىتىنى ئويلاپ، لاسىدا بولۇپ قالدىم.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى. رەھمۇتۇللا قاچان ماڭا چىراي ئاچقان ھامانلا قېيىن ئانام: «ۋاي ئىست، بالام!» دەپ يىغلايتتى. كېچە - كۈندۈز دېرىزىدىن نېرى كەتمەيتتى. بىر مەزگىل لېۋىمنى چىشلەپ چىداپ تۇرماستىن ئادەتتىكىدەك يۈرۈۋەردىم. رەھمۇتۇللاغىمۇ ئاق - كۆك دېمىدىم. بىلىمەن، ئۇمۇ ئوڭايسىزلىنىۋاتىدۇ. ئانا - دە، ئانا!...

بىر كۈنى كەچتە مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇۋاتاتتىم. تۇساتتىن مۇزدەك بىر نەرسە مۈرەمدە يىلاندەك تولغىنىپ ماڭغىنى تۇردى.

— ۋايجان! — قورققىنىمدىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ، داسنىمۇ ئۆرۈۋەتتىم. رەھمۇتۇللا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ بىر تال چىۋىقنى ياقامنىڭ ئىچىدىن مىدىرلىتىپ، مۈرەمگە ماڭدۇرغانىكەن. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە جۆر بولدۇم. تۇيۇقسىز ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ كەتتى.

— قانداق قىلارمەن، ئوغلۇم توگى -

شىدىغان بولدى، قانداق قۇتۇلارمەن، بۇ ئېچقاپ قالغان ...

قېيىن ئانامنىڭ ئاغزىدىن نېمىنىڭ چىقىۋاتقىنىنى بىلمىدىم. كاللام ئاغرىپ ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالدى. رەھمۇتۇللا تاماكىنى پۇرقىرىتىپ چېكىشتىن باشقىنى بىلمىدى. مېنىڭ ئەمدى زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى - دە، يامانلاپ كەتتىم.

ئاناملارغا «ئاغرىپ قېلىپ كەلدىم» دەپ قويدۇم. دادام: «ياتلىق قىلغان قىز بالىنى ئۆيدە ئارتۇق تۇرغۇزۇش ياخشى ئەمەس، ئىشقا بېرىپ كېلەلىگۈدەك بولغاندىكىن، يېنىپ كەتسۇن» دەپتۇ. بىراق «ئۆزى كەتكەن يارىم، ئۆزى كەلگەن يارىم» دېگەنىدەك بولامدۇ - يوق! دېلىغۇللۇقتا قالغانىدىم. زاۋۇتتا رەھمۇتۇللا بىلەن بىرگە بولغاندا، ئۇ خىيالنى ئارقامغا تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كەتتىم.

بىرەر يىلغىچە ئارا كۈندە ئالتە قېتىم «مىجەزىم يوق» بولۇۋېرىپ، نومۇس كۈچىدىن دەردىمنى سىرتقا چىقارمىدىم. يۇ، بارغانسېرى جۇدەپ مۇردىغا ئوخشاپ قالدىم. كۆرگەنلا كىشى «كۆزلۈكرەك دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىلا، جۇمۇ!» دەيتتى.

— سىڭلىم، — دېدى خاناچام بىر كۈنى بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — مىجەزىم يوق، مىجەزىم يوق دەيلا، يا تۈزۈكرەك داۋالانمايلا، بىزدىن سىر تۇتۇۋاتقان بىر ئىش بارمۇ يا؟ راستىنى ئېيتسىلا، كىم سىلىنى بوزەك ئەتتى؟ ئۇنداق ئادەمنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمىسام، خاناچىلىرى بولماي كېتەي.

چوڭ ئاكامنىڭ ئايالى نادىرە مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم بولۇپ، مەندىن ناھايىتى ئىككى - ئۈچ ياش پەرقلىنەتتى. ئۇ تولىمۇ خۇش پېئىل، ئوچۇق-يورۇق ئايال ئىدى. ئىككىمىزنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپى يوق ئىدى.

مەنمۇ يېرىلالماي تۇراتتىم، نەچچە ۋاقىتتىن ئىچىمگە يۇتۇپ كەلگەن دەردلەرنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تۆكۈۋالدىم.

— ۋاي بىچارە سىڭلىم، — دېدى خاناچام ماڭلاي چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھېلىغۇ سىلى چىداپىلا، مەندەك ئادەم بولسا، يائاللا، تۆت كۈندە ۋاك دېمەمدىغان، ئوغلىنى كۈنلىگەندىكىن، ئۆيلەپ نېمىش قىلاتتىكى ئۇ جەددال!

— نېمە دېدىلە، خاناچا؟ — قۇلۇقىمغا ئىشەنمەي سورىدىم.

— ئوغلىنى كۈنلەپتۇ.

— خۇدايا تۇۋا، دېسىلە خاناچا، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنلا. ئانا دېگەنمۇ... — ئاخىرقى بىر سۆزنى ئاغزىمغا ئېلىشتىن ئۇيالدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. ئۆمۈر — ئۇزۇن مۇساپە. ئەگەر ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە سۈركىلىش، زىددىيەت، كۆڭۈلسىزلىك بولىۋەرسە، بۇ مۇساپە ئۇنىڭ ئەكسىگە يۈزلەنمەمدۇ؟ «ئايرىم ئۆي تۇتايلى» دېيىشكە ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. بىر ئانا، بىر بالا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش مېنىڭ بۇرچۇم، لېكىن...

ھەممىدىن بېسىپ چۈشىدىغىنى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان تەنىلىرى بولۇۋاتاتتى. بەزىلەر ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ قىز بالىغا ئەر ياراشمىدى، شۇڭا كېسەلدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ — دېسە

بەزىلەر:
— ئۇستامنى خېلى دىيانەتتى بار ئا-
دەم دېسەك، قىزىنى ھە دېسە ئۆيىدە
ساقلاپ، سېغىپ ئىچەمتىكىن؟ — دېيىشەتتى.
ھەتتا بەزىلەر:
— قاراپ تۇرۇڭلار، بۇمۇ ئاخىرى
«چالا چوكان» بولۇپ ئولتۇرىدۇ ... —
دەيتتى.

بىر كۈنى قېيىن ئانام بازاردا ئا-
نامغا: «قىزلىرىڭنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېلىپ
بازارغا سالماقچىمىدىڭە؟ ھە دېسىلا پوكان-
لىرىغا بېسىۋېلىپ نېمانچە قىلدىلا؟ قىزلىرى
ئاسماندىن چۈشكەن كۆز مونچاق ئەمەس.
ۋايجان، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا
قازان، ئوغلۇمنىڭ چۆرىسىدە پىرە ئوي-
ناپ يۈرگەن نى - نى قىزلار بار» دەپ،
بىر مۇنچە سۆزلەپتۇ.

خەلق ئالەم ئالدىدا قېيىن ئانامنىڭ
ئاھانىتىگە چىدىمىغان ئانام ھوشىدىن
كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىكەن، تونۇش -
بىلىشلەر ئۇچراپ ئۆيگە ئېپكېلىپتۇ. ئاكام-
لار «دەرھال ئاجراشتۇرۇۋېتىمىز» دەپ،
مۇشتۇمىنى تۈرۈپلا چىقىشتى. دادام باشتا:
«ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىش ياخشى
ئىش ئەمەس، باللار تۇبدان بولغاندىكىن
ئۆيىنى بۇزمايلى» دەپ زادىلا ئۇنىمىغا-
نىدى. ئەمما ئانامنىڭ نالىسى بىلەن
جىم تۇرۇۋالدى.

ئاخىرى، شۇنچە ئارزۇدا ئېرىشكەن
قىزىل قەغەزنى ئاق قەغەزگە ئالماشتۇ-
رۇشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇ كۈنى كەچتە
ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسام، دوقمۇشتا تۇرغان
«ئۇچۇرچى» ئايالالار: «مەھەللىمىزدە «چا-
لا چوكانلار» سېپىگە يېڭى ئەزا قوشۇل-
دى» دەپ پاقا كۆركىرىغاندەك كۈلۈشۈپ
كەتتى.

مەھەللىمىزدە ئەرنىڭ ئۆيىدە ئىككى
ئايدىن بىر يىلغىچە ئولتۇرۇپ ئاجرىشىپ
كەتكەن تۆتەيلەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇ-
لارنى «چالا چوكانلار» دەپ ئاتايتتى.
ئۇلارنىڭ بىرسى تولا كىيىم جوداسى قى-
لىپ، بىرسى ئېرىنى ئىتتىنمۇ، پىتتىنمۇ
كۆنلەپ، بىرسىنىڭ ئەر بىلەن خاراكتېر-
مىجەزى ماس كەلمەي ئۆي تۇتالمىغانلار
ئىدى. مەنمۇ بىر ئايال بولغىنىم ئۈچۈنلا
ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ئىچىنسامىمۇ قىلچە
مەنسىتمەيتتىم. «تاڭ سۆزلىمە تاڭدا
كېلۇر، ئالدىرىمىغىن ئاستا كېلۇر» دەپ،
مەنمۇ بۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدىم. مانا
ھازىر چوكانلىق ھاياتىمنى باشلىغىنىمغا
ئىككى كۈز، ئىككى قىش، بىر ياز، بىر
ئەتىياز بولىدۇ. ئىز قوغلىشىپ ئۆتكەن
بۇ كۈنلەردىن مېنىڭ ئېرىشكىنىم پەقەت
«چالا چوكان» دېگەن نام، خالاس!

* *

ئۆزۈمدىن قورقۇۋاتىمەن، يېقىندىن
بۇيان تىلىم دىلىمنى باشقۇرالمايدىغان
بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئارقا كوچىدىكى ئامىنە
خېنىم سەۋدايى مەن بىلەن قوچاقلىشىپ
كۆرۈشۈۋاتىدۇ. خۇدايىمەي، مەن راستىنى-
لا ... ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن
«دەرد كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ، دەرد كەلگەنى-
دە يىغلايدۇ». كاشكى ھالىمغا يېتىدىغان
بىرسى بولسا، ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى
دەپ - دەپ سىرتقا چىقىرىۋەتسەم، مەندەك
بىر ئاجىزەنىڭ كۆڭلى - كۆكسى ئېچىلىپ،
بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللەپ قالارمىكىن؟
ھەي مۇڭداشقۇچۇم قەغەز، سىرىدىشىم قە-
لەم، يەنىلا سىلەرگە ئىلتىجا قىلاي،
ئىلتىپاتىڭلارنى سۇنۇڭلار!

«جېنىم ئانا، بىتەلەي قىزىڭنى كە-

چۈرەرسەنمىز؟ سەن بىلەن يۈزتۇرانە تۇرۇپ هال مۇڭدىشىشقا نومۇسۇم، غۇرۇرۇم يول قويمىغاچقا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. هاياتلىق ئىستىكى بۈگۈن يەنە قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندەۋاتىدۇ. جېنىم ئانا تۇرمۇش بىۋاپا، تەقدىر رەھىمسىز، ئىنسان خاراكتېرى تېپىشماق ئىكەن. مەن رەھمۇتۇللانى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم، ئۇمۇ شۇنداق ئىدى. بىز ئۆمۈرلۈك بەختىيار ئائىلە قۇرۇشقا تەلپۈنەتتۇق. رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ زەربىسىدىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتۇم. لېكىن تەقدىرىمنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تىرماشتىم. مەن هازىر بىر گۇناھكار، قانۇن ئالدىدا بەلكىم پاكتۇرمەن. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، ۋىجدان سوتى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھكارمەن. شۇ ۋەجىدىن شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، سىلەرنى مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە قويغىلى تاس قالدىم. جېنىم ئانا، ئىچىگە سالسا دەرد بولىدىكەن، كىشىگە دېسە گەپ، ساڭىلا دەي، سالامەتلىكىمدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ...»

ئاھ! نېمىلەرنى يېزىۋاتىمەن؟ خەتنى يېزىپ بولالمىدىم، توغرىسى، يازالمىدىم. ئانامنىڭ بۇ، زەربىگە چىدىغۇچىلىكى يوق. ئاچام بولسىمۇ كاشكى. ئويلا-ئويلا ئاخىرى ھالىمنى خاناچامغا ئېيتماقچى بولدۇم.

«دىلكىشىم خاناچا، سىلىنىڭ ئەقىللىرىگە قول قويۇپ، ئاچا يولىدا تېگىرقاپ قالغان تەقدىر ئەسىرى ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە بۇ خەتنى يازماقچى بولۇۋاتىمەن. ئالدى بىلەن كىچىكىدىن يالغان سۆزلەشنى ئار-نومۇس دەپ بىلىپ كەلگەن سىڭىللىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يالغان سۆزلىگەنلىكىنى كەچۈرگەيلا. ھازىر مەن يەنىلا رەھمۇتۇللانىڭ نىكاھىدا! خاناچىنا ئالجىپ قېلىپ جۆيلۈۋاتامدىكىن دەپ قالمىسىلا. شۇ تاپتا مېنىڭ ھوش كاللام جايىدا. ئەينى ۋاقىتتا بىز نائىلاج ئاجراشتۇق، دەپ جاكالاپ قويغانىدۇق، ئەمەلىيەتتە، قىزىل قەغەز قولىمىزدا ئىدى. ئىشلار خىيالدىكىدەك ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ياشلىق دېدۇقمۇ، نادانلىق قىلدۇقمۇ، يا كۆڭۈلنىڭ كەينىدە ئازدۇقمۇ، بىلمىدىم ... قورسىقىمدا كۈنسېرى چوڭىيىپ، تىنىمسىز پىتىرلاۋاتقان بۇ كىچىك جاننىڭ ماڭا نېمە دەرد-ئەلەم، بالا-قازا ئېلىپ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، ئەر كىشى دېگەن بىپەرۋا بولىدۇكەن. ماڭا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ. چۈنكى مەن كۆپىنىڭ نەزەرىدە «چالا چوكان» دە! يا ھەممە كىشىگە «ئايىيۇھانناس ئاڭلاڭلار، گۈلبەھرەم بىلەن رەھمۇتۇللانىڭ نىكاھىدىن ئاجراشمىغىنى راست!...» دەپ جاكالىغىلى بولمىسا، جېنىم خاناچا، خىيال قايىنىمىدا تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتىمەن، قانداق قىلىشىمنى بىلمىدىم. ئۆزلىرى ئاقىلانە بىر يول كۆرسەتسىلە...»

خەتنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىمغا سالدىم. مىنۇت ئۆتمەستىن ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ پارە-پارە بولدى، بايا تېخى «ھوش كاللام جايىدا» دېگەن ئىدىمغۇ؟ خۇشاللىقنى ياراتقان خاناچام، سىردىشىم نادىرە ئۆزى نېمە پېغاندىدۇر؟

كىچىك ئاكامنى ئۆيلەش ئالدىدا چوڭ ئاكامغا يا زاۋۇتتىن، يا سىرتتىن باش تىققۇدەك بىر ئېغىز ئۆي ھەل قىلالمىدۇق. نېمە ئىلاج؟ توينى قىلىۋەردۇق.

چوڭ ئاكام بىر مەزگىل كوللىكتىپ ياتاقتا ياتتى، كېيىنچە قايتىپ كەلدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە نۆۋەتلىشىپ قونۇش دالاندىن سارايغا سارايدىن دالانغا يۆتكىلىپ، نەپسى - پەدىشەپىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان بۇنداق زېرىكىشلىك، تېتىقسىز تۇرمۇش ئاخىرى شەرمى ھايالىق خاناچامنى بىزار قىلدى. «مەن قورقمەن دۆگدىن، گەپ قىلمىغان مۆگدىن» دەپ، ئاكام دېگەن غورىنىڭ «ھۆرت - پۆرت» دىن باشقا ئىككى ئېغىز تاتلىق سۆزى بولسا، كاشكى! شۇنداق قىلىپ، ئۆيىمىزنىڭ بۇلبۇلى كەتتى، تۆردىمىزنىڭ زىننىتى ئۆچتى، خاناچام بىھۇدە «چالا چوكان» قاتارىغا كۆچتى.

«چالا چوكان»، «چالا چوكان! ئاھ، چالا چوكان!».

تۇيۇقسىز قورسىقىمنىڭ قاتتىق چىڭقىلىشىدىن ئېسىمگە كەلدىم. كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئالدىدا كۆڭلەكچان ئەينەككە قاراپ تۇرۇۋېرىپتىمەن. قەغەز پارچىلىرى كۆز شامىلى تۆككەن غازاڭدەك، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلغانىدى. ئانام ئارقامدا ئىشىككە يۆلىنىپ، ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى.

— يوقال، كۆزۈمگە كۆرۈنمە!

مۇشتۇمۇمنى تۈگۈپ ئالدىمدا تۇرغان «چالا چوكان» نى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىۋېدىم، «جاراڭ - جۇرۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئېسىمدىن كېتىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئانامنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدىم.

ئانامنىڭ ياشلىرى يۈزۈمگە سىم - سىم يامغۇردەك چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ يىرىك قوللىرىدا دەم چېكەمنى ئۇۋۇلاتتى، دەم قورساقلىرىمنى سىلايتتى، مەن قاتتىق قورۇنۇپ، كۆزۈمنى ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.

— جېنىم بالام، بولدى قوي، يىغلىما. ئەمدى ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئۆزۈڭنى تولا ئۇپراتما، سەن مۇنداق تۇرساڭ مەن تۈگىشىپ كېتىدىكەنمەن، — دېدى ئانام كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، — بۈگۈن زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن دادىڭ ئىككىمىزنى چاقىرتىپتىكەن.

— ھە!

چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىم ئېچىلدى. بۇ قورقۇنچنىڭ بەلگىسىمۇ، يا ئۈمىدنىڭ چاقنىشىمۇ بىلمىدىم. ئاق سۈت ئېمىشكە تەلپۈنگەن بوۋاقتەك ئانامغا تەلمۈردۈم.

ھەممىنى ئۇقتۇم بالام، زاۋۇتتىكىلەر جەمىلىخان بىلەنمۇ سۆزلىشىپتۇ. ھەممە گۇناھ بىز چوڭلاردا. ھەرقانچە دېسەك ئۇنىغا كەلمەيدۇ. پەرىشان بولما! قەددىڭنى رۇسلا، سەن بىزگە ئاق. رەھمەتۇللاغا پاك. يۈزۈڭنىڭ يورۇقلۇقىغا تەشكىل گۇۋاھ.

ئانامنىڭ سۆزلىرى زۇلمەت باغرىنى يېرىپ چاقنىغان چاقماقتەك دىلىمنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى. رېئاللىقنىڭ زەربىسىدىن ئەلەمگە تولۇپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن يۈرىكىمدە بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا بولدى - يۇ، بىراق، يەنىلا ئانام ماڭا پەقەت چۈش ئۆرۈپ بېرىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى.

ئەلەم، نومۇس، تەشۋىش ۋە ئۈمىدكە تولغان قەلبىمدە غەيرەت تۇيغۇسى گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ تۇراتتى.

— قىزىم، زاۋۇت باشلىقى جەمىلىخان ئاناڭ بىلەن ئەتە بىزنىڭكىگە كەلمەكچى. قالدى گەپنى رەھمەتۇللا بالام خېتىدە يازغاندۇر.

ئانام يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. خەتنى قولۇمغا قانداق ئالغىنىمنى بىلمەيمەن. ھاياجاندىن ئانامنىڭ بويىنىغا چىڭ گىرە سېلىۋالدىم.

— ئانا ...

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى).

ئەرشىدىن راشىدىن

## ھەقلىق پاراڭلار

(مەسەل)

ئۆتكەنىدىم بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىن،
چىقتى ئاۋاز ھويلا ئىچى - دالدىدىن.
قۇلاق سالسام قىيا-چىيا، دە - تالاش،
توختاپ قالدىم (ئىش بولسىمۇ ئالدىراش).

قارىۋىدىم پەنجىرىدىن - ئاراشتىن،
ئايان بولدى ئۇندىكى ئىش «قاراش»تىن.
كۆزۈم چۈشتى يىغىن ئاچقان سورۇنغا،
ئۆي قۇشلىرى يىغىلغان بۇ ئورۇنغا.

كاتىپ قىلغان بولسا كىرەك كەپتەرنى،
ئولتۇرۇپتۇ تۇتۇپ قەلەم - دەپتەرنى.
«تېچلىنىڭلار!»دەيتتى رەئىس غاز سۆزلەپ
«رۇخسەت» دېدى توخۇغا غاز ئاز سۆزلەپ.

توخۇ دېدى: «پىكىر قىلسام ئىگەمگە،
ھەل بولماستىن كەلدى پىكرىم بۇ كەمگە.
ھەيۋە قىلدى ئۇ ماڭا كىر، ‹كۆلگە› دەپ،
‹غىدىڭ - پىدىڭ قىلغىنىنىڭ تەڭ نۆل-
گە› دەپ.

‹تۇرغىن،— دەيدۇ، كۆل ئىچىدە كەچتىمۇ›،
‹چىقىشىڭغا بولماس،— دەيدۇ،— قاشقىمۇ›.

قىستىغاچقا كۆلگە كىردىم ئامال يوق،
چىقسام ئاران كۆز ئاچقۇدەك ماجال يوق.

چالۋاقىدى ئىگەم ‹ھالىڭ شۇ› دېدى،
‹ئىست سېنى... ئۈزەلمىدىڭ سۇ› دېدى،
‹ئۆگەن، بىلىم ئىقتىدارىڭ كەم›دېدى،
‹تىرىشمىساڭ بېرىلمەيدۇ يەم› دېدى.

بىلىسىلەر بۇرادەرلەر زاتىمنى،
ئەزەلدىنلا توخۇ دەيدۇ ئاتىمنى.
قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى نەسلىمەن،
سۇ ئىچىدە تۇرالمايمەن ئەسلى مەن.

كېچىلىرى ياتار جايىم قوندىقىدۇ،
توخۇلارنىڭ ئادىتىمىز شۇندىقىدۇ؟...»
توختىدى ئۇ قايناپ يەنە بىر تالاي،
ئۇندىن كېيىن سۆز باشلىدى ئۆدەكۋاي.

«كۆلۈشمەڭلار ئۇنۇم ئانچە ساز ئەمەس،
ئىگەمىزگە مېنىڭ پىكرىم ئاز ئەمەس.
مەجبۇرلىدى چىق دەپ مېنى قوندىقىغا،
ئۆدەك دېگەن نېمىشقىلىسۇن قوندىقىغا؟

دېۋەيلىدى بۇيرۇقىغا ياق دېسەم،
قانچە قېتىم يالۋۇرۇپ «غاق - غاق» دېسەم.
قول شىلتىدى «يولىماسسەن سۇغا» دەپ،
«كېپىم-گەپتۇر، يول يوق، ئۇيۇ-بۇ»غا دەپ،

كىرەلمىدىم كۆلگە ئىلاج يوقىدىن،
قورقۇپ ئىگەم ھەيۋىسىدىن، دوقىدىن.
تېخى «دەرھال قانات قېقىپ ئۇچ!» دېدى،
«قونداق ئارا ئۆرلە، زەپەر قۇچ!» دېدى.

بىلىسىلەر، سۇ ئۈزۈشكە ماھىرمەن،
قۇرۇقلۇقتا ياشاشقىمۇ قادىرمەن.
مەندە بىر جۈپ قانات بولغان گۇناھمۇ،
ئۇچالىسام، ئۇچماي كۆڭلۈم ئۇنارمۇ؟


مېنىڭدىكى ماھارەتكە قول قويماي،
ھۈنىرىمنى كۆرسىتىشكە يول قويماي؛
پىكىر قىلسام ئىگەم بۇنى ھار كۆرسە،
يارامسىز دەپ باھا بەرسە، خار كۆرسە؛

ئېيتىڭلارچۇ، ئاچچىقىمغا ھاي بارمۇ؟
ئەھۋالىمنى سورايدىغان جاي بارمۇ؟»
باشقىلارمۇ سۆز قىستۇردى، گەپ قىلدى،
كاتىپ چۈشكەن پىكىرلەرنى سەپ قىلدى.

ئاخىرىدا دېدى ھەممە: «غاز ئاكا،
ھەممىمىزنىڭ پىكرى ئەمەس ئاز ئاكا.
ۋەكىل بولۇپ ئىگىمىزگە يەتكۈزگىن،
بېشىمىزدىن غەم - غۇسسىنى كەتكۈزگىن
ئىقتىدارىدىن تاشقىرى يوق كارامەت،
ئىگەم بۇنى ئەستە تۇتسۇن داۋامەت.»

ئۆز ئىشىمغا ماڭدىم ھايال ئۆتمەيلا،
غازنىڭ «يېپىش نۇتقى» نىمۇ كۈتمەيلا.
گەپ قوشمىدىم، ئاڭلىغاننى سۆزلىدىم،
ئېيتىڭلارچۇ، مەن نېمىنى كۆزلىدىم؟...

(خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى).



سىدىقھاجى روزى

## ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈشمۇ ياكى «تالانت» نىڭ مەھسۇلىمۇ؟

(«يۇلتۇزلار يۇرتى» ۋە «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانلىرىغا باھا)

يولداش ئارسلاننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى — «يۇلتۇزلار يۇرتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) نىڭ 1-، 2-بابلىرى «ئانۇش ئەدەبىياتى» نىڭ 1983-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغاندا، قوشۇمچە تەھرىر ئېلاۋىسىمۇ بېرىلگەنىدى (تۆۋەندە بۇ تەھرىر ئېلاۋىسىدىن كەلتۈرۈلگەن ستاتىلارغا «*» بەلگىسىنى قويىمىز). تەھرىر ئېلاۋىسىنىڭ ئاپتورى ئارسلانغا «ئۆز تالانتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە ئاجايىپلىقى»، «مەنىۋى بايلىق كۆچىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرىلىقى... بەدىئىي ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى... خەلق روھىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆتكۈر ئىزھارلاشلىرى بىلەن... خېلى يىللاردىن بۇيان كۆپ مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلمەكتە» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. بەدىئىي ئەسەرلا بولىدۇكەن، شائىر، يازغۇچىلا بولىدۇكەن، باھا بېرىش بولىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا ۋە رېئاللىقتا ھەرقانداق ئوبيېكت ھېچقاچان باھاسىز قالمايدۇ. ھالال ئەمگەكلا بولىدۇكەن، قەدىرلىنىدۇ، بەدىئىي ئەمگەكنىڭ ۋە بەدىئىي ئەسەرنىڭ رېئاللىققا كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي تەسىرى باھالىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئەدىب بەدىئىي ئەمگىكىنىڭ خاراكتېرىغا يارىشا باھاغا ئېرىشىدۇ.

«ئۆزىدىكى ئۆلمەس ماۋزۇغا مۇناسىپ بەدىئىي تالانت بىلەن يېزىلغان، شېئىرىيىتىمىز ئاسمىنىدىكى ‹ئۆچمەس يۇلتۇز› دەپ، شۆھرەت قازانغان ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› داستانى»* «ئۆچمەس يۇلتۇز» دەپ ئاتالغان كۈنلەردىن باشلاپلا ئۆچۈپ كېتىدىغان ئامىللارغا ئىگە بولسىمۇ، بايقاش مۇئەييەن جەرياننى شەرت قىلغانلىقتىن، بۇ ئامىللار داستان «شۆھرەت» قازانغان ئەينى چاغلاردا بايقالمىغانىدى. «شۆھرەت» كە ئىگە بولغان داستاننىڭ «شۆھرەت» كە لايىق بولمىغان تەرەپلىرى بايقالغاندىن كېيىن، بۇ داستاننىڭ بۈگۈنكى كۈندە تەنقىدنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ قېلىشى تەبىئىيدۇر.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى بەدىئىي ئەسەر ئىكەن، مۇستەقىل ئىجادىي ئەمگەكنى

شەرت قىلغاندىن باشقا، داستاننىڭ بىلىش قىممىتىنىڭ ۋە ئېستېتىك قىممىتىنىڭ مەۋجۇت-
لۇقىنىمۇ ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. لېكىن بۇ داستاندا «لىرىك» تەسۋىرلەنگەن تارىخىي شەخسلەر،
تارىخىي ئوبيېكت بولۇش خۇسۇسىيىتىدىن، تارىخىي ئوبيېكت بولۇش خاراكتېرىدىن ئايرىلغان
شەخسىيلەردۇر. چۈنكى بۇ شەخسىيلەر مۇئەييەن تارىخىي دەۋر بىلەن چەمبەرچەس
باغلانغان، ھالبۇكى، ھەربىر تارىخىي دەۋر كونكرېت ماكان بىلەن زاماننىڭ بىرلىكى
ئىچىدىكى دەۋردۇر. بۇنداق بىرلىكتىن ئايرىلغان داستاندا چىنلىق بولمىغاچقا، تولۇق
مەنىدىكى لىرىك خۇسۇسىيەتمۇ بولمايدۇ. «تىيانشاننىڭ ئۇزاق تارىخى، نەچچە مىڭ
يىللىق بوران-چاپقۇنلۇق ئۆتمۈشىنى ئومۇملاشتۇرۇش» *مىسرالارغا كۆچۈش، قاپسىلەرنىڭ
رەڭدارلىقىغا كۆچەشلا بولماستىن، بەلكى بۇنداق زور تارىخىي جەرياننى داستاننىڭ
قۇرۇلمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، تارىختىن، تارىخىي ئەينەنلىكتىن ئايرىلغان ۋە تارىخىي
قىياپەتنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئەدىبنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدا ھازىر بولغان تارىخنىڭ
قىياپىتىنى ۋە بۇ قىياپەتكە ماسلاشقان تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى كونكرېت
بەدىئىي ئوبرازلارغا، ئەڭ مۇھىمى، ماكان ۋە زامان شەكلىگە ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانى-
دۇر. پەقەت مۇشۇنداق جەريان تاماملانغاندىلا، «ئانا يۇرت، ئانا ۋەتەنگە سىمۋول قىلىن-
غان تىيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك كارتىنىسى ۋە شائىرانە سۈرەتلەنگەن
شېئىرىي ئوبراز» نىڭ بەدىئىي مەنزىسىگە ھەم تارىخنىڭ بەدىئىي قىياپىتىگە ئېرىشە-
لەيمىز. ئەكسىچە بولغاندا، «شائىرانە سۈرەتلەش» بىھۇدە سۈرەتلەش بولىدۇ، خالاس.

تارىخىي ئوبيېكتلار، بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېستېتىك ئوبيېكتتۇر. داستان ئاپ-
تورى بەزى ئىزلەنگۈچىلەر تۈزۈپ چىققان كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى ۋە مۇناس-
ۋەتلىك ماقالىلارنى ئۆز تەسىرىگە تارىخىي مەنبە قىلىغانلىقتىن، ئىجادىيەت جەريانىدا ھېسسىي
باسقۇچتىن ئېشىپ كېتەلمىگەن، ئۇنىڭ تارىخنى بىلىشى، تارىخىي قارىشى يۈزە بولغانلىقتىن،
ھېسسىياتنى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرەلمىگەن، بۇنداق ئاجىزلىقنى «ئىقتىدار»
دەپ تونۇپ، ئارزۇغا مۇناسىپ مادارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئويلاشمىغان، ئىشنى باشلاپ
قويۇپ، ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن پەيتتە، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىچكى ئازابقا
دۇچ كەلگەن. «مەن» دىن تۇغۇلغان غورۇر ئاپتورنى يېزىشقا قىستىغان. غورۇر بىلەن
«ئىقتىدار» نىڭ تىركىشىشى، يەنى «ئىقتىدار» نىڭ غورۇرغا مۇناسىپ بولماسلىقى ئاقى-
ۋەتتە ئاپتورنىڭ يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان، نەتىجىدە، «شەكىللىنىۋات-
قان ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان، پوئېزىيىنىڭ لىرىك چوققى-
سى» * ھېسابلانغان «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى گرۇزىن شائىرى گېئورگى لىئونىدزېنىڭ
«ستالىن» ① داستانىدىن ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن. باشقىلارنىڭ بۇنى سېزىپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرىگەن ئاپتور داستاننىڭ بېشىغا گرۇزىن شائىرى گېئورگى لىئونىدزېغا تەقلىد
دېگەن سۆزنى قىستۇرۇپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان.

گرۇزىن شائىرى يازغان «ستالىن» داستانىنىڭ بىرىنچى قىسمى — «بالىلىق ۋە
ئۆسمۈرلۈك» شىنجاڭدا كەڭ تارقالغانىدى. گرۇزىن شائىرى گېئورگى لىئونىدزې كىتاب-

① «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1952 - يىل نەشرى.

نىڭ بۇ قىسمىدا، روسىيىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋالىنى كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ستالىننىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئەتراپتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى تونۇپ يېتىشى ۋە بالىلىق دەۋرىدىكى ھېسسىياتى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى لىرىك ئاساستا يورۇتۇپ، ستالىننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئوبرازىنى ياراتقان. لىرىك ۋە ئېپىك شەكىلنىڭ بىرلىكىدە يېزىلغان بۇ داستاندا پەلسەپىۋى پىكىر، تەبىئەت مەنزىرىسى، ئىجتىمائىي مەنزىرە ئورگانىك رەۋىشتە بىرلەشتۈرۈلگەندى، بولۇپمۇ زامان ئېقىمىدىكى ماكان كۆرۈنۈشى، ماكان ئۆزگىرىشىدىكى زامان كۆرۈنۈشى، شەكىلنىڭ ئابستراكت يۈكسەكلىكى داستاننىڭ تارىخىي چىنلىقىنى شۇنچە كونكرېتلىققا ۋە شۇنچە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەندى.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنى «ستالىن» دىن ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرگەن ئاپتورنىڭ «شېئىرىي ئىلھامى» ۋاستىلىق ئىلھام بولۇش سۈپىتىدە ئارسلانغا تەئەللۇق «ئىلھام» بولماستىن، غەيرىي مۇستەقىل ئىجادىي بولۇش سۈپىتىدە ئۇسلۇب ۋە باشقا جەھەتتىن گرۇزىن شائىرىغا تەئەللۇقتۇر. چۈنكى «ۋاستىلىق ئىلھام» كۆپىنچە ۋاستە قىلىنغان داستاننىڭ ياكى بەدىئىي ئوبيېكتنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ، بەلكى ساقلاپ قالىدۇ. تەقلىد قىلىنغان ئوبيېكت كونكرېت بولسا، تەقلىدتىن كېيىنكى ئوبيېكت ئابستراكت بولىدۇ، تارىخىي چىنلىق مەركەزلەشتۈرۈلمەي، تارىخىي شەخسلەر خۇنۇكلىشىدۇ.

چىنلىق ئۆزىگە خاسلىقتىن ئايرىلسا، مۇبالىغە ئاساستىن ئايرىلىدۇ. تارىخىي داستان دەپ ئاتالغان «يۇلتۇزلار يۇرتى» نىڭ كلاسسىك ئەدىبلەر تۇغرىسىدىكى كاتولىكقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن ئەمەسمۇ؟!

قاراڭ:

«نۇرلىرى يالقۇنلۇق خۇش خەۋەر كەبىي،
جاھاننىڭ ئۇپۇقىدا ئۆچمەس ئەبەدىي.»

«ستالىن»، 28 - بەت.

«يۇلتۇزلار يورۇتار يۈرەك يولىنى،
قۇياشنىڭ مەشئىلى ئۆچمەس ئەبەدىي.»

«يۇلتۇزلار يۇرتى».

بىر كۇپلېت شېئىردا ئاۋۋالقى ئىككى مىسرادىكى پىكىرنىڭ بىرلىكى كېيىنكى ئىككى مىسرالىق پىكىرنىڭ بىرلىكى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ شەكلى پۈتۈنلۈكىدە مەزمۇن روشەنلىكىنى ساقلايدۇ، بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان، ۋەزىن ۋە تۇراق مۇقىملىقىدا گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈدىغان، ئۆزگىچە شەكلى مەۋجۇتلۇقىنى تەمىن ئېتىدىغان بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ ئىچكى شەكىللىك خۇسۇسىيىتىدۇر. تەقلىدىي كۆچۈرۈش پەرقلىق جۈملە شەكلىدە مەزمۇن ئوخشاشلىقىنى مەجبۇرىي ساقلاپ قېلىش ۋەزىن ۋە تۇراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاپتور يۇقىرىدا تەقلىدىي ئوخشىتىلغان ئىككى مىسرانىڭ پىكىر بىرلىكىنى يوقىتىپ قويغان. بىرىنچى مىسرادا پىكىر «يۇلتۇز»نىڭ «نۇرى»غا باغلانغان بولسا، ئىككىنچى مىسرادا پىكىر

«قۇياش» نىڭ «نۇرى»غا باغلىنىدۇ. «نۇر» توغرىسىدىكى پىكىرنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىمال ئاپتورنىڭ گرۇزىن شائىرىغا ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان بەدىئىي دىتى بولسا كېرەك.

«قۇياش» بىلەن «مەشئەل» نىڭ لېكسىكىلىق مەنىدىكى پەرقى بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئۇستىلىستىكىلىق رولىنىڭ پەرقىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە، «قۇياش» نىڭ ئۇستىلىستىكىلىق مەنىسى «مەشئەل» نىڭ ئۇستىلىستىكىلىق مەنىسى تەرىپىدىن تېخىمۇ كۈچەيتىلمەستىن، ئەكسىچە تۆۋەنلەپ كەتكەن. «نۇرلىرى يالقۇنلۇق» دېگەن ئوخشىتىشنى ئوخشالغۇچى «مەشئەل» نىڭ ئورنىدا ئىشلەتكەندە، تەقلىدىي كۈچچۇرۇشنىڭ چېنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئاپتور ئورۇنلۇق بىر سۆزنى تاپالماي، «قۇياش» سۆزىگە ياندىش «مەشئەل»نى ئىشلىتىدۇ. ئۇستىلىستىكىلىق مەنىسىدىن ئېيتقاندا، «مەشئەل» قۇياشقا تەڭ بولالمايدۇ. تەقلىدىي كۈچچۇرۇش زۇرۇرىيىتى شېئىردىي مىسرانىڭ بۇزۇلۇشىغا، ئوخشىتىشنى جايىدا ئىشلىتەلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

«كارتىلى تاغنىڭ شامالىرىدا،
تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار.
كارتىلى ئۈپۈقىنىڭ قىزغۇچ رەڭگىدە،
قان قۇيما گۈللەرنىڭ قىزىللىقى بار.»

«ستالىن»، 12 - بەت.

ئاپتور بۇ كۇپلېتقا تەقلىد قىلىنغان تۆۋەندىكى كۇپلېتنى قۇراشتۇرۇش جەريانىدا تەقلىد قىلىنغان كۇپلېتنىڭ كونكرېتلىقىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، ئەسلى كۇپلېتنىڭ مەزمۇننى قىسمەن ساقلاپ قېلىپ، پەقەت شەكىلنىلا قالدۇرىدۇ:

«بۇلۇتلار توپىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە،
ئەزىمەت بوۋىلار كۈلەگىسى بار.
ھاۋانىڭ تىترەتكۈچ گۈلدۈرلىشىدە،
ئانلار قەھرىنىڭ ئەلەگۈسى بار.»

بۇ كۇپلېتتىكى «ئەلەگۈسى»، «كۈلەگىسى» دېگەن قاپىيىلەرمۇ ئارسلاننىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس. چاندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر قىلغان ئاپتور بەت ئاتلاپ كۈچچۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ قاپىيىلەر گرۇزىن شائىرىنىڭ ئەسلى مىسرالىرىدا مۇنداق پىكىرلەرنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى:

«قىزىرىپ پىشماقتا تاتلىق كاۋاپلار،
يوغان بىر ياڭاقنىڭ كۈلەگىسىدە.
توختىماستىن ئوتقا تېمىۋاتقان ياغ،
پىژىلدار كۆمۈرنىڭ ئەلەگۈسىدە.»

«ستالىن»، 126 - بەت.

يەنە قاراڭ:

«ياقۇت يامغۇرىدا چۆمۈلگەن كەبى،

ئەتىرگە پۈركۈنۈپ ئالەم دىمىقى.»

«ستالىن» 11 - بەت.

«يامغۇردىن كېيىنكى يۇلتۇز سىردىشىم،
پۈركۈيدۇ ئەتىرنى دېڭىزدەك باغلار.»

«يۇلتۇزلار يۇرتى»

ئەقلىدىن ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى ئوبيېكت ئوخشاشلا ئوخشىتىش ئارقىلىق پىكىرنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مىسرالاردۇر. بۇ مىسرالاردا پىكىرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئوخشاشلا «ئەتىر» نىڭ ئۈستىگە چۈشكەن.

«قان قۇيما گۈللەرنىڭ قىزىللىقى بار»

«ستالىن» 12 - بەت.

«ئاشقمەن قان قۇيما ئانارلىرىڭغا»

«يۇلتۇزلار يۇرتى» 141 - بەت.

پىكىر، ئوخشىتىش «قان قۇيما»غا مەركەزلەشكەن.

«رەڭلەر دېڭىزىگە ئوخشاش كارتىلى»

«ستالىن» 12 - بەت.

«باغرىڭ نۇر ۋادىسى، رەڭلەر دېڭىزى»

«يۇلتۇزلار يۇرتى» 141 - بەت.

پىكىر «رەڭلەر دېڭىزى»گە مەركەزلەشكەن.

گرۇزىن شائىرىنىڭ مىسرالىرىدىكى «ئەتىر»، «قان قۇيما»، «رەڭلەر دېڭىزى» قاتارلىق ئوخشىتىشلار شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسا، ئارسلاننىڭ مىسرالىرىدا ئوخشىتىش پىكىر ۋە ھېسسىياتتىن يىراقلاشقان.

«تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار»

«ستالىن» 12 - بەت.

«تۇلپارلار يايلىنىڭ يەلپۈنۈشى بار»

«يۇلتۇزلار يۇرتى» 25 - بەت.

بۇ ئىككى مىسرانىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گرۇزىن شائىرىنىڭ ئوخشىتىشى — «يەلپۈنۈش» قانات بىلەن ئوبرازلىق بىرلىككە ئېرىشكەن بولسا، ئەينەن كۆچۈرگەن ئارسلاننىڭ ئوخشىتىشى — «يەلپۈنۈش» ئاتنىڭ يايلى بىلەن ئىچكى باغلىنىش يارىتالمىغان.

«مانا بىر ۋاقىت بۈركۈت ئۇگىلىغان تاغلار»

«ستالىن» 28 - بەت.

«بۈركۈتلەر ۋەتىنى قارلىق چوققىلار»

«يۇلتۇزلار يۇرتى» 9 - بەت.

پىكىر بۈركۈتنىڭ تاغدا ئۇگىلىشىغا مەركەزلەشكەن.

«قولىدا چېقىمىدىن ئۆتكۈر قىلىچ بار»

«ستالىن» 69 - بەت.

«قىلىچقا تايىنىپ بؤغداخان يؤرەر»

«دىيؤلتؤزلار يؤرتى»، 34 - بەت.

پىكىر قىلىچقا مەركەزلەشكەن. ئەينەن ئؤخشاشلىقىنى يوشؤرالمىغان.

«ئازادلىق ئىستىگىن تاغلار، دالالار،
ئورمانلار قەلبىدە ساقلىدؤق مەھكەم.»

«ستالىن»، 10 - بەت.

«ئورمانلار بوراندا كۆتؤرگەن شاۋقؤن،
يىللارنىڭ سىرىنى سۆزلەيدؤ گويا.»

«دىيؤلتؤزلار يؤرتى»، 10 - بەت.

«يىللارنىڭ سىرى»، «ئازادلىق ئىستىكى» شېئىردا ئؤخشاش مەنىدىكى، لېكىن ئؤخشاش بولمىغان جؤملە شەكلىدىكى پىكىرلەردؤر. گرؤزىن شائىرى بىلەن ئارسلاننىڭ پىسخىك مايىللىقى بؤ مىسرالاردا ئؤخشاش مەقسەت ۋە ئؤخشاش پىكىر ئؤستىگە مەركەزلەشكەن.

«ھېلىدىن - ھېلىغىچە تىك چوققىلاردا،
قىڭغىر مؤنارلار چوقچىيىپ تؤرار.»

«ستالىن»، 10 - بەت.

«شؤ مؤنار بەستىدە تاغنىڭ بەستى بار»

«دىيؤلتؤزلار يؤرتى»، 75 - بەت.

گرؤزىن شائىرىنىڭ مىسرالىرىدا «مؤنار» بىلەن «چوققا» سېلىشتؤرما قىلىنغان. ئارسلاننىڭ مىسرالىرىدا پىكىر ئىخچاملاشتؤرؤلؤپ، «تاغنىڭ بەستى» «مؤنارنىڭ بەستى» گە يانمؤ - يان قويؤلغان.

«قەلئە رەھناسىدىن كېلىدؤ ئاۋاز»

«ستالىن»، 16 - بەت.

«ئؤچتؤرپان قەلئەسى كۆتەرسە چوقان»

«دىيؤلتؤزلار يؤرتى»، 89 - بەت.

بىرىنچى مىسرادىكى «ئاۋاز» ئىككىنچى مىسرادا «چؤقان»غا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمؤ، لېكىن مىسرالارنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا، پىكىرنىڭ ئەينەن ئؤخشاشلىقى ساقلاپ قىلىنغان.

«چاقماق يالتىرىشى ئېرىغان نؤردەك»

«ستالىن»، 7 - بەت.

«چاقنىغان چاقماقلار قىلىچىڭ گويا»

«دىيؤلتؤزلار يؤرتى»، 5 - بەت.

بىرىنچى مىسرادا «چاقماق» «يالتىراش» بىلەن سؤپەتلەنگەن بولسا، ئىككىنچى مىسرادا «چاقماق» «چاقناش» بىلەن سؤپەتلەنگەن. بؤ، پەرقلىق جؤملە شەكلىدىكى پىكىر ئؤخشاشلىقى دېگەنلىكتؤر.

«بەزەن گؤلدؤرماما گؤلدؤرلىشىدە»

«ستالىن»، 7 - بەت

«لە رەڭدۇر باھارنىڭ گۈلدۇرماممىسى»

«يۇلتۇزلار يۇرتى»، 5 - بەت.

«بەزەن پارقىرايدۇ بۇندا ئاپتاپ»

«ستالىن»، 7 - بەت.

«ئاپتىپىڭ ئوخشايدۇ ئالتۇن سۆيىگە»

«يۇلتۇزلار يۇرتى»

ئارسلاننىڭ «يېڭى ۋە ئىلغار تېمىلاردىكى تەپەككۇرغا باي، يارقىن لىرىكىلىرى، گۈزەللىكنى جەملەش، ھېسسىياتلىق جانلاندۇرۇش ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلىك ئىچكى نۇرىنى ئۆزىگە ئالاھىدىلىك قىلغان سەنئەتلىك شېئىرلىرى» * گرۇزىن شائىرىنىڭ تەپەككۇرىنى ئارىيەت ئېلىشتىن بارلىققا كەلگەن ۋە يارقىنلاشقان شېئىرلاردۇر. «گۈزەللىكنى جەملەش» نىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، گۈزەللىك يارىتىشقا چامى يەتمىگەن شائىر، ئەمەلىيەتتە، گرۇزىن شائىرى «ستالىن» داستانىدا ياراتقان گۈزەللىكنى «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا جەملىگەن، «پەلسەپىۋى پىكىرلىك ئىچكى نۇر»نى ئۆز بىلەن گرۇزىن شائىرى ئوتتۇرىسىدىكى پىشخىك پەرقنى چەتكە قايرىۋېتىش ئارقىلىق «ستالىن» داستانىدىن «يۇلتۇزلار يۇرتى»غا كۆچۈرگەن. پەقەت مۇشۇنداق جەرياندىن كېيىنلا «يۇلتۇزلار يۇرتى» مەيدانغا كەلگەن.

كۆچۈرۈش ئارقىلىق «شۆھرەت» قازىنىش ئېھتىياجى ئاپتورنى يەنە كۆچۈرۈشكە ئۈندىگەنلىكتىن، گرۇزىن شائىرى كېيىنكى لىنوندزىغا خۇش ئېيتىپ، ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلامنى تېپىۋالدۇ.

«قوۋۋانىڭ ئانارى، ئەنجان ئۈزۈمى،
نەمەنگەن ئەنجۈرى، تاشكەنت ئالمىسى،
سەمەرقەند شارابى، قوقەن قوغۇنى،
مەرغىلان شاپتۇلى، ھەممە - ھەممىسى»

«تاللانغان ئەسەرلەر»، 165 - بەت.

غاپۇر غۇلامدىن كۆچۈرگەن مىسرالارغا ئارسلان مۇنداق رەڭ بېرىدۇ:

«سۆيىمەن ئالتاينىڭ ئالتۇنلىرىنى،
ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرلۈك بوستانلىرىنى،
...
كۆزۈمدە قەشقەرنىڭ بېھىشلىك بېغى،
قەلبىمدە ئىلىنىڭ ئالما ۋادىسى،
بىر ھەسەن - ھۈسەندەك يەكەن ئەتلىسى،
خوتەننىڭ قاشتېشى كۆڭلۈم جىلۋىسى.
كۆكسۈمدە شەربەتتىن ئېقىن ياسايدۇ
تۇرپاننىڭ مارجاندەك ئۈزۈم دانچىسى.
جەملەنسە كورلىنىڭ نەشپۈت شىرنىسى،
توشمامدۇ لوپنۇردەك كۆلدىن قانچىسى.»

«يۇلتۇزلار يۇرتى»، 141 - بەت.

شائىر غاپۇر غۇلام پىكرىنى بىر كۇپلېتتا تاماملىغان بولسا، ئارسلان شۇپىكرىنى ئۈچ كۇپلېت بىلەن تاماملىغان. كۆچۈرمىچىلىكنىڭ تىنىمسىز ئېقمى غاپۇر غۇلامنىڭ كۇپلېتلىرى ئارىسىغا ئېقىپ كىرىپ، «قۇۋا»، «ئەنجان»، «نامەنگان»، «تاشكەنت»، «سەمەرقەنت»، «قوقەنت»، «مەرغىلان» قاتارلىق يەر ئىسىملىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «قەشقەر»، «ئالتاي»، «ئاتۇش»، «تۇرپان»، «ئىلى»، «كورلا» قاتارلىق يەر ناملىرىنى سەپلىگەن. بەزى كىتابخانلار «ئوخشاپ قاپتۇ»، «ئوخشىشىپ قېلىش ئۇچراپ تۇرىدىغان ھادىسىغۇ» دېيىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت ساددا زوقلانغۇچىنىڭ ساددە پىكرى بولۇپ، ئارسلان «ئوخشاپ قېلىش» نى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا «ئوخشاپ قالسا نېمە بوپتۇ» دېگەن پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىپ، «سەنئەت ئۈچۈن» كۈرەش قىلىغاندى، «ئوخشاپ قېلىش» ھادىسىلىرىنى ۋە «ئوخشىتىپ» قويۇشنى تەنقىدلىگەنىدى. بۈگۈن بۇ يەردىمۇ ئۇ، بەلكىم بۇ كۆچۈرۈش ئەمەس، ئۆگىنىشقۇ دېيىشى مۇمكىن. شېئىر يېزىشنى يېڭىدىن مەشق قىلىۋاتقان ھەۋەسكارلارنىڭ شېئىرلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ قالسا، تەنقىد ئۇنى ئانچە سۈرۈشتە قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، لېكىن كۆچۈرۈش «تالانتلىق شائىر» دېگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقالغاندا، تەنقىد تەخىر قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن. تەنقىد «تالانت» ئۇقۇمىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە يول قويمايدۇ. چۈنكى «تالانت» شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى، شائىرنى ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە پىسخىك ئىقتىداردۇر. راستىنى ئېيتقاندا، بەزى شائىرلار تەبىئىي تالانتلىق بولسا، بەزىلىرىنىڭ تالانتقا ئىگە بولۇشى غەيرىي تەبىئىي بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تەرەققىي قىلمىغان زوقلانغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا «تالانت» ئىگىسى سۈپىتىدە «شۆھرەت» قازىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ بىر مەزگىل «شۆھرەت» قازانغانلىقىنىڭ سەۋەبى كىتابخانلارغا سىر بولمىسا كېرەك.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا سەنئەتلىك» * ئوخشىتىشلارنى، تەسەۋۋۇرلۇق» مۇبالىغىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن زوقلانغۇچى ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇر «ئىقتىدارى»غا «ئاپىرىن» ئوقۇيدۇ. ئاپتورنى «ئاپىرىن» غا ئىگە قىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ سىرى نەدىدۇر؟

«تۇرمۇشنىڭ گۈلدۈرمامىسى»، «باھارنىڭ گۈلدۈرمامىسى»، «گۈركىرەك ئاسمان»، «بىر ئاۋاز گۈلدۈرمامىدەك»، «قايغۇنىڭ يامغۇردىن گۈلدۈرى بىلەن»، «گۈلدۈرماما چۇقانلىرى» (كۆلكىلىك ئوخشىتىش)، «ئاسماندا ماڭغاندا بۇلۇت گۈلدۈرى»، «گۈلدۈرمامىدا ئۇنىڭ كۈلكىسى»، «تىترەتكۈچ گۈلدۈرلىشىدە»، «گۈلدۈرماما سادالىرىدىن» قاتارلىق مىسرالاردا تەكرارلانغان ئوخشىتىش — «گۈلدۈرلەش» «ستالىن» داستانىدىكى:

«بەزەن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىشىدە
ئوق تەگكەن ئارسلاننىڭ ھۆركىرىشى بار.»

دېگەن مىسرالاردىن كەلگەن.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدىكى «باتۇرلار قىلىچى چاققان چېقىندىن»، «قىلىچلار پىسىدىن ئىرقىرىغان قان»، «جاللاتلار كۆتۈردى قانلىق قىلىچنى»، «قىلىچقا تايىنىپ بۇغدا خان يۈرەر»، «قىلىچى يارىدۇ تاشنى ئىككىگە»، «پۈتكىنى ئوق-قىلىچ كۈيىدىن داستان»، «ئۆلسىمۇ ئۈزمىگەن قولنى قىلىچتىن»، «قىلىچنىڭ ئۇچىدا زېمىنغا ئۇچۇپ»، «قىلىچنى ئەسلەتتى داۋان مۇزلىرى»، «ئېسىپتۇ يىگىتلەر بېلىگە قىلىچ»، «سوزۇلدى نۇر ئالتۇن قىلىچتەك»، «ھېلىمۇ قىلىچقا بىس شۇ سۆگەكلەر»، «قىلىچنىڭ ئۇچىدا ئابدۇرېشىت خان»، «قىلىچلار جاراڭلاپ، ئاتلار كىشنىشىپ»، «دولقۇنلۇق تەۋرەشتە قىلىچلار بىسى»، «قىلىچتا نۇزۇگۇم ئۆچىنى ئېلىپ»، «مىسرادا قىلىچنىڭ جىلۋىلىرى بار»، «پەسەيسە بىر دولقۇن سۇندى بىر قىلىچ»، «قىلىچتا سىنىلار يىگىت جەزبىسى»، «يېتىپتۇ قىلىچقا قويۇپ بېشىنى»، «ئادەمدە سىنالدى قىلىچلار بىسى» قاتارلىق مىسرالاردا ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشالغۇچى بولۇپ كەلگەن «قىلىچ» «ستالىن» داستانىدىكى:

«قىلىچى ئىسقىلىق ئىگەر قېشىدا»

دېگەن مىسرانى ۋە بۇ مىسرادىكى «قىلىچ» نى مەنبە قىلغان. ئەمدى بۇ داستاندىكى «ئەگىم ئاي قېشىڭ سېنىڭكى»، «ئەگىم ئاينى ھەم»، «ھالقىسى ئەگىم ئاي»، «كۆرۈندى ئەگىم ئاي»، «ئەگىم ئاي ئۈستىگە مىنىپ»، «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى» قاتارلىق تەكرارلانغان ئوخشىتىشلارنىڭ مەنبەسى نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

بۇ ئوخشىتىشلاردىكى گىرامماتىكىلىق ئېنىقسىزلىقنى، «ھىلال ئاي» نى «ئەگىم ئاي» غا ئۆزگەرتىپ تىل ئادىتىنى بۇزۇۋېتىشنى قويۇپ تۇرۇپ، دىققىتىمىزنى «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى» دېگەن ئوخشىتىشقا ئاغدۇرىمىز. بۇ ئوخشىتىش ئاپتورنىڭ «كۆلپەتلىك مۇھەببەت» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن ۋە ئىشىنىڭ تەكتىنى بىلمەيدىغان بىر ئوبزورچى تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەنىدى. بۇ تەنقىدكە قارشى يېزىلغان تەنقىدنىڭ ئاپتورى: «تەنقىدلىگۈچى تۆتىنچى پەردىدىكى ‹ئاسمانغا يېڭى ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى› كۆتۈرۈلگەن دېگەن تەبىئەت تەسۋىرىنى ھېچكىممۇ بۇنداق دېمەيدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە بەدىئىي جانلاندۇرۇش ۋاسىتىسىنى ئىشلىتىپ، ئوخشىتىشتا ھېچكىممۇ دېمىگەن سۆزنى دېگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭدىكى مۇستەقىل ئىجادىيلىقنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەپ ئەيىپلەشنى قايتا ئەيىپلەيدۇ. «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى»، «ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى» قاتارلىق ئوخشىتىشلارنىڭ شەكلى قانچە ئۆزگەرمىسۇن، لېكىن ئۆزى كەلگەن مەنبەنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىز «نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» دېگەن رومانىنى ۋاراقلىساق، كىتابنىڭ 6-بېتىدە يازغۇچى لېئونىد سولوۋيېۋنىڭ «سالقىن شامال ئىسسىقا باشلىدى. تۇمانلىق ئاسماندا قىزغۇچ شەپەق ئۆچتى-دە، ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى ئاشكارا كۆرۈندى» دېگەن تەسۋىرىي جۈملىسىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئوخشىتىش ئو-

پېرادا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئىككى داستاندىمۇ ئوخشاشلا تەكرارلانغان. بۇ قانداق ئىجاددىيلىق!؟ بۇ «ياش ئاي» دېگەن سۆزنى «يېڭى ئاي» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىپ، «ئىنچىكە ئوغىقى» دېگەن ئوخشىتىشنى كۆچۈرگەنلىك ئەمەسمۇ؟! بۇنى قانداقمۇ «ھېچكىممۇ دېمىگەن سۆزنى دېگەن» دېگىلى بولسۇن؟

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ ئاپتورى ئوخشىتىشنى ئايىماي تەكرارلىغان، تەكرارلاش شېئىردا ھېسسىياتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شېئىرنىڭ رېتىم، تۇراقلىرىنى تولۇقلاش ياكى بوغۇم زۆرۈرىيىتى ۋەجىدىن بولغان.

ئاپتور ئىككىنچى قېتىم «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانىنى يېزىپ، كۆچۈرۈشنى يەنە داۋاملاشتۇرغان. «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ «شېئىرىيىتىمىز ئاسمىنىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز» بولۇپ قېلىشى، بىرىنچىدىن، «ستالىن» داستانىدىن كۆچۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولسا؛ ئىككىنچىدىن، «ئاھ مېنىڭ خەلقىم» داستانىغا كۆچۈرۈش مەنبەسى بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

پاكىتقا قاراڭ:

«نەرەگىدۇر باھارنىڭ گۈلدۈرمامىسى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«قەھرىنىڭ ئوت بورانى ۋە گۈلدۈرماما»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ئەتراپتا چېتىلما تاغلار زەنجىرى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«كوئىنلۇن ۋە تەڭرىتېغىنى چاتقان»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ئاق تاشقا ئايلانغان ئەجداد بېشىنى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«تېپىلدى تاشلارغا ئايلانغان كاللا»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

پەرق بولمىغان يەردە سەنئەت بولمايدۇ. شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەرقىنى (شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سەۋەب، نەتىجىلىك بولىدۇ) بەدىئىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق پەرقلىق ئېستېتىك نەتىجىگە ئېرىشتۇرۇش سەنئەتكارنىڭ سەنئەت قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. «خەلق» دېگەن ئۇقۇم مۇنداق قارىغاندا، ئوخشاش پىسخىك سېزىم پەيدا قىلىشىمۇ، ئوخشاشلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇنداق ئوخشاشلىق ھەرگىزمۇ سەنئەتكە مەنبە بولالمايدۇ. خەلق توغرىسىدا نۇرغۇن شائىرلار شېئىر يازدى، لېكىن «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى بىلەن «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانلىرىدىكى ئوخشاش مەزمۇننى تەكرارلىمىدى. سەنئەتتە ئۇقۇم ۋە ئوخشاشلىق بىلەن ئىش كۆرمەيدۇ، شۇڭا سەنئەت شائىرغا ئوخشاش مەزمۇننى تەكرارلاۋېرىش تەلىپىنى قويمىغان.

«ئالتە مىڭ تۆت يۈز يىل ياتقان قەبرىنى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ يىللار ئىلگىرى»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«بۇغدايىنى، يۇڭ رەختىنى كۆرسەتتى جەسەت»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«يۇڭ ئەدىيال، ئۆكسىلىك تۇماق، كۆن ئۆتۈك»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«يۇڭ رەختلىك ئىشتان ۋە قونجىلىق ئۆتۈك»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

قاراڭ، قاپىيە بىلەن قاپىيىنىڭ، مىسرا بىلەن مىسرالارنىڭ پەرقىدە پەرق بار-مۇ؟ ئاپتور «لىرىكىنىڭ سىرلىق كۈچىنى ئۆز نەمۇنىسى» بىلەن ئېچىپ بەرگەنمۇ ياكى داستاندىن - داستانغا پىكىر كۆچۈرۈشنىڭ «سىرلىق كۈچىنى» «ئۆز نەمۇنىسى» بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەنمۇ؟ مىسرالارنىڭ ئوخشاشلىقىدەك پاكىت بىزنى «قاراڭغۇ» لۇقتىن يورۇقلۇققا، قايمۇقتان زوقلانغۇچىنى ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىشكە يېتەكلەيدۇ.
يەنە قاراڭ:

«مارجىنى ئەسلىتەر يورۇق يۇلتۇزنى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«قاش تېشى مارجاندا بېزەلگەن ياشلىق»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ئۆزىنىڭ يېزىقى، ئېلىپبەسىنى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«ئۇلار كۆپ يېزىقنى ئەيلىدى كەشپ»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«جاھاندا ئەزەلدىن بار بىر ھەقىقەت،
ۋاقىتنىڭ، بوشلۇقنىڭ چېكى يوق پەقەت.»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«قۇدرەتتە ۋاقىتنىڭ يوقتۇر تەڭدىشى»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ۋە قارشى پۈتۈكلەر قىزغىن ھاياجان»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«شۇ يېزىق بېسىلغان توپ - توپ كىتابلار»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ھەجىم جەھەتتىن بۇ داستاننى...مۇقەددىمە ۋە خاتىمەدىن باشقا 11 باب قىلىپ 3 مىڭ مىسرادىن»* ئارتۇق يېزىشقا ۋە «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» دەك داستاننىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مىسرا كۆچۈرۈش ئارقىلىق دۇنياغا كېلىشىگە مۇمكىنلىك بەرگەن «بەدىئىي تالانت»* مۇشۇمۇ؟ گېپى كەلگەندە، ئەنە

شۇنداق ئۇستىلىق ئارقىلىق «فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر»* نى ئۆتنە ئېلىپ، «بىر مىللەتـ-
نىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى» نى ئىككى داستاندا ئوخشاش مىسرالار ئارقىلىق تەكـرارلاپ
«چىنلىقتا، ئىجادىيلىقتا، ئىلھامغا باي لىرىك تارىخىي داستان شەكلىدە ئېچىپ بېرەلد-
گەن ئەسەر»* نـى ۋە شائىرنـى «كەم كـۆرگەنىدۇق»* دېيىشىمىزنىڭ ئاساسىي شۇمۇ؟
يەنە قاراڭ:

«تۇتۇق بىر سۇرەتتەك تۇرار خارابە»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«يېزىلار خارابە، شەھەرلەر ئارا»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«كۆمۈلمەس ئەل ئۈچۈن يارالغان شۆھرەت»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«كۆمۈلىدۇ قەبرىستان، كۆمۈلمەيدۇ شان»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ئاستىدا قىمىرلار كارۋان قارىسى»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«يول ئېچىش ئۇدۇم تۆگە كارۋانلىرىغا»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

«ئىت قاۋار بىر پارچە سۆڭەككە بىر كۈن»
«يۇلتۇزلار يۇرتى»

«ئىككى ئىت تالىشار بىر تال سۆڭەكنى»
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»

يولداش ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»، «زېمىن ئەركىـ-
سى» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشقا ۋە بۇ داستانلارنىڭ ئەسلى
مەنبەسىنى «ستالىن» داستانىغا سېلىشتۇرۇشقا ۋاقتىمىز يېتىشمەيدۇ. بىر شېئىر ۋە ئىككى
داستاننى ئۆرە تۇرغۇزغان «ستالـىن» داستانى بىلـەن بىر شېئىر ۋە ئىككـى داستاننىڭ
ئوخشاشلىقىنى نەزەردە تۇتماي، پەقەت «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا «لىرىك» تەسۋىر-
لەنگەن ھەر بىر تارىخىي شەخسـىنىڭ ئۈستـىدە سەرپ قىلىنـغان «قۇرۇق ھاياجان» ۋە
ئەسەرگە سـىڭـدۈرۈلـگەن. «پـىكـىر» ھەم تارىـخـىي ئوبـيېـكـتـلارغا بېرىـلـ-
گەن باھانىڭ قەيەردىـن كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلساقـلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. باھا ۋە
پىكىرلەر «ستالىن» داستانىنى مەنبە قىلىپ، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىغا يۆتكەلـگەن.
ئەينەن كۆچۈرگەن بولسا كونكرېتلىقنى ساقلاپ قالاتتى. خىجىللىق ھېس قىلغان شائىر تەقلىد-
دىي كۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىـن، «يۇلتـۇزلار يۇرتى» داستانىـدا ئابستراكت
نەتىجىگە ئېرىشكەن. كونكرېتلىق بىلەن ئابستراكىتلىقنىڭ زىددىيىتىدە «ستالىن» داس-
تاننىڭ تەقلىدىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى بىلـەن «ستا-
لىن» داستاننىڭ ئوخشاشلىقى «شائىر تالانتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلگەن» *
لىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، ئاپتوردا «تالانت» قا غەيرىي يول بىلەن ئېرىد-

شىش «ئىقتىدارى» نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس.

شائىرلار بەزىدە بىۋاسىتە ئىلھامغا، بەزىدە ۋاستىلىق ئىلھامغا غەرق بولغاندەك، ئارسلانمۇ بۇنداق تاسادىپىيلىقتىن خالىي بولمىسا كېرەك. ۋاستىلىق ئىلھام ۋاستىلىق تۇرمۇش تەجرىبىسىنى بەدىئىي ھېس قىلىشتىن تاشقىرى، باشقىلارنىڭ كىتابىنى ئوقۇۋاتـ- قان چېغىدا زوقلانغۇچى ئورنىدا تۇرغان شائىردا تۇيۇقسىز قوزغىلىدىغان ۋاستىلىق شېئىرىي ئىلھامدۇر، يەنى تەسەۋۋۇر ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولىدىغان يېڭى تەسەۋۋۇر، ئىلھامدۇر. بۇ پەيتتە ئىلھامنى تۇتۇۋېلىشنى، ئۇنىڭغا سادىق بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، لېكىن ئۆزىنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چاغدىمۇ، ئاپتورلاردا بۇنداق پسىخىك جەريانىنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پسىخولوگىيە پەنى تېخى بىر نېمە دېمىدى. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن ۋاستىلىق ئىلھامغا ئىگە بولۇش ئاساسىدا شېئىر ۋە داستان يېزىشنى كۆچۈرۈش دېيىشكە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ «ئىجادىيلىق» دېگىلى بولمايدۇ.

مەن يۇقىرىدا تەقلىدىي كۆچۈرۈشنىڭ، ئۆزى يازغان ئەسەرلەردىن ئۆزى كۆچۈرۈش- نىڭ تىپىك ئۈلگىسى سۈپىتىدە «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتتۈم. بىراق كۆچۈرۈش خاھىشى قانداق پەيدا بولىدۇ؟ قانداق پائالىيەت سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ؟ بۇنداق خاھىشنىڭ پسىخىك ئاساسى نېمە؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر ئاز توختالمىغاندا، بۇ ماقالە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالماي قالىدۇ.

بىر پارچە ئەسەرنى نەزەرىيىۋى پرىنسىپلار بويىچە تەھلىل قىلىش ئوڭاي بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ كونكرېتلىقى ۋە ئۇسلۇبى بىلەن مۇئەللىپىنىڭ خاراكتېرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئانچە ئوڭايغا توختىمايدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت خاراكتېرى ئىجادىيەت پسىخىكىسى مەسىلىسىدۇر. بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى مۇئەللىپنىڭ خاراكتېرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئۇنۇم- لۇك ۋاستىسىدۇر.

ئىجادىيەت خاراكتېرى سىرلىق، بىلگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. بەزىلەر «مۇئەللىپنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى دېمەكتۇر» دەپ قارايدۇ. ئە- دىبنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرى بىلەن ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ھەقىقەتەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. لېكىن يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجادىيەت خاراكتېرى بىلەن ئۇسلۇبنى ئوخشاش، دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى خاراكتېرنىڭ ئېرسىيەتلىك مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ئىجادىيەت خاراكتېرنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاندىن باشقا، ئىجادىيەت خاراكتېرى دەۋر، مىللىي مەدەنىيەت، ئەنئەنە، ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئادىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇئەييەن ماكان ۋە زامان ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نىسپىي ئىجتىمائىي پسىخىك قۇرۇلمىنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى شەرتسىزدۇر. بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، مۇئەييەن دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي پسىخىك قۇرۇلما ئىچكى تىپلىق ۋە تاشقى تىپلىق بولىدۇ. ئىچكى تىپ ئاكتىپ، يوشۇرۇن بولسا، تاشقى تىپ ئاشكارا، پاسسىپ بولىدۇ. بۇنداق نىسپىي مۇقىملىق خەلقنىڭ ئىج-

تىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، لېكىن بەزى ئادەملەرنىڭ ئىچكى تىپقا مايىل بولماي، تاشقى تىپقا مايىل بولۇشى، يەنە بەزىلەرنىڭ تاشقى تىپقا مايىل بولماي، ئىچكى تىپقا مايىل بولۇشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى بۇنداق چاغدا تاللاش ئەقلىنىڭ مەيلىگە ئەمەس، بەلكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتدارلىقنىڭ مەيلىگە باغلانغان بولىدۇ. مەنپەئەتپەرەستلىك ئايرىم شەخسىيلەرنىڭ ئەسلى خاراكتېرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان شەخسىيەتچىلىكتۇر. ئەدىب بۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولسا، ئەدىبنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىدە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىدۇ-دە، ئەدەبىيات بۇنداق شەخسىيلەرنىڭ نەزەرىدە ۋاستىلا بولىدۇكى، مەقسەت بولالمايدۇ. ئەدەبىياتنى مەقسەت دەپ تونۇماي، ۋاستە دەپ تونۇغان كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى «شۆھرەت» خاھىشىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىۋەتكەن كىشىدۇر (شۆھرەت پەقەت خەلققە، مىللەتكە تالىق بولسىلا، قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ). شۆھرەتكە ئېرىشىش ئىشتىياقى ئەدىبنى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىقتىدار تەلەپ قىلغانلىقتىن، بۇنداق ئىقتىدارغا مۇيەسسەر بولمىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئەمگىكىدىن ئۇستىلىقچە پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بەزى ئەدىبلەردە كۆچۈرۈش خاھىشى تۇغۇلىدۇ.

پوئېزىيە تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرلىرىمىز تۆۋەندىكىدەك مۇناسىۋەتنى ئىجادىيەت تەلىپى يۇكسەكلىكىدە ھەل قىلىشى لازىم:

بىرىنچى، تاشقى دۇنيا بىلەن شائىرنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا ئوبيېكت بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھالقىلىق مەسىلىدۇر.

ئىككىنچى، ئەسەر بىلەن ئوبيېكتنىڭ، يەنى زوقلانغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، زوقلانغۇچىنىڭ ئېستېتىك تەقەززالىقى بىلەن غايىۋى ئىنتىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەڭ مۇھىمى، شائىرنىڭ زوقلانغۇچى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە جاۋابكارلىقى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

بۇ مەسىلىلەر پوئېزىيە ساھەسىدە قىسمەن شائىرلار تەرىپىدىن ھەل قىلىنغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى شائىرلار تەرىپىدىن ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەردۇر. بولۇپمۇ تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتنى تاللاش مەسىلىسىدە شائىرلاردا ئۆزگىچىلىك كەم بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا شائىرنىڭ ھەقىقىي شائىر بولماي، بىرىنىڭ پىكرىنى بىرى تەكرارلايدىغان ياكى بىرىنىڭ ئەسىرىدىن يەنە بىرى تەقلىدىي كۆچۈرۈدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزى كۆچۈرۈدىغان خاھىش ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ھادىسە پوئېزىيىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، زوقلانغۇچىنىڭ پوئېزىيىگە بولغان مۇھەببىتىنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە پوئېزىيە، بىر قارىساق، ئايرىم شەخسىيلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، شائىر بولغان كىشى ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان كىشى، زوقلانغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزلىنىدىغان كىشى، زوقلانغۇچىغا ئېستېتىك تەربىيە سىڭدۈرىدىغان، شۇنداقلا جاۋابكارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان كىشىدۇر. پوئېزىيە يەنە بىر قارىساق، پسىخىك پائالىيەت، يەنى شېئىرىي تۇيغۇ، ئىپادىلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان پسىخىك ئىنتىزارلىقتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ھەر جەھەتتىن تەربىيە كۆرگەن بولۇشى، ئاز - تولا خېمىرتۇرۇچقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(داۋامى 88- بەتتە)

## ئىبراھىم نۇرۇز

ئىبراھىم نۇرۇز 30 ـ، 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شائىرلارنىڭ بىرى.

شائىر 1911 ـ يىلى چىلەكتە تۇغۇلغان ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى شۇ يەردە ئوقۇغان. شائىرنىڭ ئاتا جەمەتى ئەسلى ئۇچتۇرپانلىق بولۇپ، 1884 ـ يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ چىقىپ، بايتوقاي يېزىسىنىڭ ھاكىمتام قىشلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ نەسەب تارىخى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىدۇ:

«ئەي ئەزىزلەر، ئىبراھىمدۇر مېنىڭ ئېتىم،
مەلۇماتىم بەكمۇ تۆۋەن، ئاجىز تېنىم.
تارىخىمنى بىلمەكچى بولغانلار دەيدۇ «تاران»،
مۇتلەق ئۆزۈم ئۇيغۇر ئوغلى، مىسكىن يېتىم.
ئۇ بوۋامنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى غۇلجا،
ئالدىنقىلار ئۆتكەن ئىكەن ئۇچتۇرپاندا.
تۇزالىم زۇلمى قىلغان ئۈچۈن ئەلنى ۋەيران،
رالىغان بومىسكىنلەر بىر ماكاندا.»

(«ئۆتەۋشلەردىن» قول يازما، 45 ـ بەت).

نۇرۇز باقى ئائىلىسىنىڭ ھاياتى بايتوقايدا ناھايىتى نامرات ئۆتكەن، ئۇلار تىرىكچىلىك كويىدا ئاخىرى يەتتە سوغا بېرىپ بىر مەزگىل مۇساپىر بولغان. 1932 ـ يىلى ئىبراھىم نۇرۇزنىڭ ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تۇپرىقى بولغان شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن بايتوقاي يېزىسىغا ماكانلىشىپ، دېھقانچىلىق قىلغان.

ئىبراھىم نۇرۇز تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دراماتورگ، رېژىسسور، پېداگوگ ۋە مەرىپەتچى ئىدى.

ئىبراھىم نۇرۇز 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، تاكى 1969 ـ يىلىغىچە 40 يىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

شائىر شېئىرىيەت جەھەتتە ئالاھىدە تالانتلىق، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى، خەلق ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە دەۋر ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىملىقىنى چۈشەنگەن. شائىرلارنى كونا جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا، خەلقنى مەرىپەت، ئىلغارلىق تەرىپىگە يېتەكلەشكە چاقىرغان. شائىر 1942 ـ يىلى يازغان «شائىرلارغا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«شائىر بولساڭ ھەقنى سۆزلە، يالغان قاتما،
ئابروي ئىزدەپ، خۇشامەت قىپ ئارنى ساتما!
چىن، ھەقىقەت، بىر مەسلەكتە تۇرۇپ ئۆزۈڭ،
تۈز يېتەكلە بارچە ئەلنى، يارغا تاتما.
...
ئەي شائىر، بىساتىڭدا بولسا ۋىجدان،
توغرا سۆزنى ئات مەيدانغا، پۇلغا ساتما!
بىر جېنىڭنى ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان ئاتاپ،
باس ئالدىڭغا، توغرا كەلسە ئوتتىن قايتما!»

ئىبراھىم نورۇز تىل سەنئىتى ۋە تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشتا ئۆزىگە خاس ئىستىل شەكىللەندۈرگەن، بولۇپمۇ 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ، خەلق تىلىنى ئۆز شېئىرلىرىدا كەڭ جارى قىلدۇرغان. 30 -، 40- يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت تىلى ئارخائىزم ۋە ۋارۋارىزم ئامىللىرىدىن تېخى تەلتۆكۈس خالاس بولۇپ كېتەلمىگەندى، ئىبراھىم نورۇز بولسا، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىستېمالدىن قېپقالغان كونا سۆزلەر، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس ئىبارىلىرىنى قوللىنىشتىن قاتتىق ساقلانغان، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق قوشاقلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئاممىۋىلىقىنى، خەلقچىللىقىنى ئاشۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، خەلق ئارىسىغا تېز تاراپ ئومۇملاشقان. شائىرنىڭ 33 -، 36 - يىللاردا يازغان «ئۆتمۈشلەردىن» ناملىق بىر گۇرۇپپا ۋەقەلىك شېئىرلىرىدا يۇقىرىقى ئامىللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىبراھىم نورۇز ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ 30 -، 40 - يىللاردا يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «چېرىكلەر»، «شيەن يامۇلدا»، «دەھشەتلىك كۈن»، «يولدا»، «داغ»، «شىڭشىسەي»، «تاران» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يەتتەسۇ ئاھالىسىنىڭ 30 - يىللاردا باشلانغان ئىلى ۋادىسىغا قايتىپ كېلىشى، ئىلى يېزىلىرىنىڭ شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى قىياپىتى، «تارانچى» دېگەن نام بىلەن كېلىپ چىققان مىللىي بۆلۈنۈش ۋەقەلىرى قاتارلىق رېئال دەۋر ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان.

ئىبراھىم نورۇز داستانچىلىقتىمۇ ماھارەت كۆرسەتكەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭ «سايىت باقى» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق داستانى يېڭى زامان رېئالىزملىق داستانچىلىقىدىكى بىر ئورىگىنال ئەسەر. شائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بۇ داستاندا ساتىرا ۋە يۇمۇر ئامىللىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئىبراھىم نورۇز «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئاساسەن دراماچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، «گۈلەمخان»، «غەزەپ يالقۇنى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ سەھنىلەشتۈرگەن ھەم ئۇلارغا ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان.

شائىر ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن قول يازمىلىرىنى رەتلەپ ئالاھىدە توپلام قىلىپ كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا «مىراس» دەپ نام قويغان. بۇ توپلامغا

## نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ



1937 - يىلى 7 - ئىيۇلدا ياپون جاھانگىرلىكى «لوگوچياۋ ۋەقەسى» نى پەيدا قىلىپ، ئېلىمىزگە ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ سەككىز يىل داۋام قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ ئەنە شۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئەدەبىيات سېپىمىزگە كىرىپ كەلگەن شائىرلارنىڭ بىرى.

شائىر 1918 - يىلى غۇلجىدا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كۆز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكا سوپۇنچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى قامدايتتى. نۇرمۇھەممەت غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ چىقراق بىلىم ئېلىش ئىستىكى بىلەن 1935 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئەمما ئۇ، ئۈرۈمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىللا ئوقۇيالىدى، ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئۇنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمىدى، ئۇ ئاخىر «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ باسما زاۋۇتىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن بىلىم ئېلىش يولىدا ئۆزلۈكسىز تىرىشىدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى،

---

شائىرنىڭ 100 گە يېقىن شېئىرى، بىر داستانى، ئون نەچچە لەپەر ۋە ئېيتىشىش قاتارلىق ئەسەرلىرى جەملەنگەن. بۇ توپلام ئۇنىڭ 1932 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە يازغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىگە ئۇلارنىڭ يېزىلىش تارىخى ھەققىدىكى ئىلاۋىمۇ قوشۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، «گۈلەمخان»، «غەزەپ يالقۇنى»، «خەلق ئاھىدىن نۇر» (كېيىن «بىز يېتىم ئەمەس» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ناملىق ئۈچ سەھنە ئەسىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ دەپتەرگە كۆچۈرۈپ قالدۇرغان. شائىرنىڭ ئۆز قول يازمىسى بولغان بۇ دەپتەرلەر ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللام ئىبراھىمنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

شائىر ۋە دراماتورگ ئىبراھىم نورۇز 1970 - يىلى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولدى.

شائىرنىڭ ئەسەرلىرى تۇنجى قېتىم «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانىدا ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۈدۈك» توپلىمىدا ئېلان قىلىندى.

تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر.

ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، بىر ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىقىش يولىدا چاپالىق ئىزدىنىدۇ. ئۇنىڭ «نۇر بوساقوۋ» نامى بىلەن ئېلان قىلغان شېئىرلىرى 1937-يىلىنىڭ ئاخىرى «شىنجاڭ گېزىتى» يۈزىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ شېئىرلاردا بىر ۋەتەنپەرۋەر ياشنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەققانىي سادالار ئەكس ئەتكەنىدى.

1941-يىلى ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە مۇھەررىر بولۇپ كېلىدۇ. ئورتاق ھېسسىيات، ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بۇ ئىككى ياشنى تېزلا ئىجىل دوست، سەپداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتتە بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ جەرياندا ل. مۇتەللىپنىڭ نۇربوساقوۋقا بولغان ئىلھامى ۋە ياردىمى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان تاجاۋۇزى، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقتە ئۇرۇش ئوتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى شىڭ شىسەينى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئىنقىلابقا قارشى ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆتتى. شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاق تېررورلۇق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي سەپداشلىرىدىن، ھەمسەلەكداشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ئايرىلىش، قاتتىق سىقىلىشقا ئۇچراش نۇر بوساقوۋنى 1944-يىلى خىزمەتنى تاشلاپ غۇلجىغا كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شائىر غۇلجىدا سوپۇنچىلىق قىلىپ، تۇرمۇشنى قامدايدۇ.

1944-يىلى ئىلىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب ئوچقۇنى تېز ئارىدىلا ھەيۋەتلىك يالقۇنغا ئايلاندى. شائىر نۇربوساقوۋ ئىنقىلاب قوشۇنىغا يەكدىللىك بىلەن قاتنىشىپ، بىر تەرەپتىن جەڭ مەيدانلىرىدا جان تىكىپ كۆرەش قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابنى قوللاپ، خەلقنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇشقا، ئىنقىلاب يولىدا جان تىكىپ كۆرەش قىلىشقا چاقىرىپ، «بۇ نېمە دولقۇن؟»، «ئاتلان كۆرەشكە»، «يوقالغىن پات» قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلارنى يازدى.

ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شائىر نۇربوساقوۋ گېزىتخانىدا مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بىجانىدىل ئىشلىدى. ئۇ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاخبارات خادىمى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ۋە ئىشتىراكچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيىتى مول ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولدى. ئۇنىڭ «ئەسىرلەر قوينىدا تاۋلاندۇق»، «ئالغا باس»، «سۆزلە تارىخ»، «گۈدۈك»، «قەلەم» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرى، سىياسىي-نەزەرىيىۋى، ئەدەبىي، ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە «قانلىق قىساس» ھېكايىسى ئاشۇ يىللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇسلۇبقا، چوڭقۇر مەزمۇن، يۈكسەك جەڭگىۋارلىققا، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

ئۇنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ يازغان «گۈدۈك» ماۋزۇلۇق شېئىرى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىردا دەۋر ۋە ئىنقىلابىي روھ چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر قەلىمىدىكى «گۈدۈك» ئىنقىلاب سىگنالى، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ جاراڭلىغان خىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسىردىن ئەسىرگە ئۇلۇغلاپ تۇرىدۇ.

«ئەركىن گۈدەك، كۆكنى ياڭرات، ئازاد ئۈنۈڭ ئەرشكە يەتسۇن،
مىليونلىغان مەزلۇملارغا دەستەك بولۇپ تەسىر ئەتسۇن.
سېنىڭ ئۆتكۈر ئۈنۈڭ گويا ئالماس بولۇپ تاغنى تەشسۇن،
شۇ ئۈنۈڭدىن مەدەت ئېلىپ بەندە قۇللار قولىن يەشسۇن —
قولىن يەشسۇن، ئازادلىقنىڭ يوللىرىنى قورقماي كەزسۇن!»
...

شائىر نۇربوساقوپ ئۆزى ئىشلىگەن گېزىتتە يەنە «غىدىق» ناملىق مەخسۇس ستون ئاچتى ۋە بۇ ستونغا خەۋەر، ماقالە يېزىپ، رەسىم سىزىپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىپ، ياخشى كەيپىيات تىكلەش يولىدا كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ يەنە ياشلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخباراتچىلىق، رەسساملىق، فوتوگرافىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

كۆپ يىل جاپالىق كۈچىنىپ ئىشلەش ياش شائىرنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ كېسەلگە گىرىپتار قىلدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئېغىر كېسەلگە باش ئەگمەي، خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، شائىر چەكسىز خۇشاللىق، ھاياجان ئىلكىدە ئازادلىق تېڭىنى كۈيلىدى. ئەپسۇسكى ئۇزۇن ئۆتمەي، 1950 - يىلى 18 - دېكابىردا رەھىمسىز ئۆلۈم ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا 32 ياشتا ئىدى. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن غۇلجىدا چوڭ تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار قاتارىدا دەپنە قىلىندى.

شائىر ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1951 - يىلى ئۇنىڭ «يېڭىلمەس كۈچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى. 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۈدۈك» ناملىق توپلامغا شائىرنىڭ تەرجىمھالى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئىنقىلابىي شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوپ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا:

«قېرىدىسامۇ، ئۆلسەممۇ مەن بىللە دائىم،
ھاياتتىكى كۈرەشلەردە ئىزىم ئۆچمەس.»

دەپ يېزىپ قالدۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ كۈرەشچان روھى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى.

# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

## كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرىكىشى

شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئامېرىكىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان شائىر يوسىپ ئالېكساندىر برودزسكىيغا 1987 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. برودزسكىي بۇ يىل 47 ياشتا بولۇپ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر ئىچىدە ئەڭ ياش ھېسابلىنىدۇ.

برودزسكىي يەھۇدىي قان سىستېمىسىدىن بولۇپ، 1940 - يىلى لېنىنگرادتا تۇغۇلغان. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاز - تولا شېئىرلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن توپلام قىلىنمىغان. 1964 - يىلى ئۇ «ھارامتاماقلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى» دەپ ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان ۋە بەش يىللىق كېسىم بىلەن سۈرگۈن قىلىنىپ، چەت بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەككە سېلىنغان. ئۇ، قاماقتىكى چېغىدا تۇنجى تاللانما شېئىرلار توپلىمى — «شېئىر ۋە داستانلار» (1965 - يىلى) ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ئۇ مۇددەتتى توشماي قويۇپ بېرىلگەن ۋە لېنىنگرادقا كېلىپ، ئىجادىيەت ھەم تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان. 1970 - يىلى تاللانما شېئىرلار توپلىمى — «باياۋاندىكى توختاش» يەنە غەربتە نەشر قىلىنىپ، غايەت زور داغدۇغا پەيدا قىلغان. شائىر 1972 - يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ، ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە شېئىرلار توپلىمىدىن بىرنەچچىنى ئارقا ئارقىدىن نەشر قىلدۇرغان. 1977 - يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا قاتتىق قايغۇرغان شائىر: «بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر ئېلان قىلالماسلىقتىنمۇ ئارتۇق پاجىئە بولمايدىكەن» دەيدۇ. ئۇ، ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دەسلەپ رۇس تىلىدا يېزىپ چىقىپ، كېيىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان، يەنە بىر قىسمىنى بىۋاسىتە ئىنگلىز تىلىدا يازغان. ئۇنىڭ 1987 - يىلى نەشر

قىلىنغان ئەسەرلەر توپلىمى — «بىرگە توشمايدۇ» بىۋاستە ئىنگلىز تىلىدا يېزىپ چىقىلغان.

شېۋىتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى ئۇنىڭغا: شائىرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەملىكەتلەردىكى ھايات سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنى ئادەتتىن تاشقىرى باي، نەزەر دائىرىسىنى ئىنتايىن كەڭ ۋە قالتىس تارىخىي كۆز قاراشقا ئىگە قىلدى، دەپ باھا بەرگەن.

برودزىسكىي بىرقەدەر مۇرەككەپ شائىر بولۇپ، ئومۇمەن مودېرنىزمغا مايىل، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئورتاق تېمىلارمۇ ئاز ئەمەس. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ بەزى ئورتاق تەجرىبىلىرى، مەسىلەن، مۇھەببەت، دوستلۇق، شۆھرەت، سەنئەت، ئۆلۈم ۋە تەشۋىش قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە باشتىن-ئاخىر بىر خىل پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى گۇمان ۋە ئۈمىدسىزلىك سىڭگەن. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ئاساسىي مۇقام بولسىمۇ، لېكىن كىتابخانىغا ھەسرەتلىنىك تۇيۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يۇمۇر، مەسخىرە، ياپتى گەپ قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تۇتۇق كەيپىياتنى بىرئاز سۇسلاشتۇرغان. ئۇ، ئىجادىيەتتە ئىككى تەرەپنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئۇنىڭ بىرسى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا روسىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئاۋانگارت ئېقىمىنىڭ، بولۇپمۇ ئاخماتوۋا، ماندارىستامنىڭ تەسىرى، يەنە بىرى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت. شائىر ئۇزۇن مۇددەت تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ئېلىئوت، ئودۇن قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر خىل قوش ماھارەت ۋە شەكىل جەھەتتە ئىزدىنىدىغان خاھىشچانلىقنى ئىپادىلىدى. شېئىرىيەت سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن بۇ شائىرنىڭ ئەركىن ھەم ۋەزىنلىك شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياخشى يېزىلغان. ھازىرقى زامان ھېس-تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئادەتتە قىسقا لىرىك شېئىرلار، بايان خاراكتېرلىك ياكى دراماتىك داستانلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك كاساتلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بايان خاراكتېرلىك ياكى دراماتىك داستانلار ئۇستىدە قەتئىي بوشاشماي ئىزلىنىش روھى غەرب تەنقىدچىلىرىنىڭ ئوبدان باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ «شېئىر ۋە داستانلار» ناملىق تۇنجى تاللانما شېئىرلار توپلىمىدىكى «يوھان دوئىنغا مەرسىيە» دېگەن شېئىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ. دوئىن ئەنگلىيىنىڭ XVII ئەسىردە ئۆتكەن ھېكمەتچىلەر ئېقىمىدىكى مەشھۇر شائىرى بولۇپ، كۆپلىگەن مەرسىيەلەرنى يازغان، ئۆزگىچە ماھارەت ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ XX ئەسىردىكى مودېرنىست شائىرلىرىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. برودزىسكىينىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدا ئاددىي كىشىلەر قاتتىق ئۇيقۇدىن تېخىچە باش كۆتۈرمىگەنلىكتىن، بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئۇ دۇنيادىكى روھىي ئەلەم بىلەن يىغلىغانلىقى ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن. «قۇرلار» ناملىق شېئىرىدا خىلمۇخىل ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار — ھاملېت، خالىكئۇيس (كولومبونىڭ ھەمراھى، شۇنداقلا ياۋروپا، ئامېرىكا كومېدىيەلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان قىزىقچى)، شاھزادە مىشكىنلەر قەلب مونولوگى ئېلىپ بارىدۇ. شائىر بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىكى زىيانلىق دۇنيا قاراشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە بىر پارچە شېئىرىدا «ئىنجىل» دىكى يوپ بىلەن ئىساكنىڭ ھېكايىسىدا سۆزلىنىدىغان ماماتلىقنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە بولغان گۇمانىنى يېڭىچە نۇقتىدا تۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ شېئىر قەبىھلىك ئالدىدا ئامالسىز قېلىش تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ تاشقان.

برودزسكىينىڭ قارىشىچە، كىشىلەر بۇ دۇنيادا گۈزەللىككە تەلپۈنىسىمۇ، ئەمما قابىھەتلىك يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. كىشىلەر مېھىر - شەپقەتكە ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە زورلۇق كۈچ، قان ئاققۇزۇش، ئۇرۇش، قاتىللىق قاتارلىقلار تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسىملارغا ئايلىنىپ قالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياتلىشىش، چىقىشالماسلىق، يېتىملىك قاتارلىقلارمۇ كۆلەڭگىگە ئوخشاشلا كىشىلەرگە سوڭدىشىپ يۈرمەكتە. برودزسكىينىڭ شېئىرىدا ياۋۇزلۇقنىڭ رولى سەل مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تاللانما شېئىرلار توپلىمى — «باياۋاندىكى توختاش» ئادەتتە ئۇنىڭ سالماقلىق ئەسەرلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. توپلامغا شائىرنىڭ 58 پارچە قىسقا لىرىك شېئىرى، سەككىز پارچە داستانى ۋە بىر دراماتىك دىئالوگ شەكلىدە يېزىلغان ئۇزۇن شېئىرى — «كائوپىنارو بىلەن كائوچاكوۋ» (نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىككى پېرسوناژنىڭ ئىسمى) كىرگۈزۈلگەن. شائىر بۇ ئەسەرلىرىدە مۇدېرنىزملىق يېڭىچە ماھارەت بىلەن شېئىرىيەت سەنئىتىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن. رىم شائىرى ۋىگىلنىڭ «ئىندى» ناملىق تارىخىي داستانىدىكى تراگېدىيىلىك پېرسوناژ دىدو برودزسكىينىڭ قەلىمىدە يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: تاشلىۋېتىلگەن ئايال پادىشاھ گاتەيگى يىراقتا كەتكەن ئىنىياسنىڭ يولىغا قارايدۇ. گۈلخان لاۋۇلداپ كۆيىدۇ. ئۇنىڭ يۈرەك باغرى ئازابتىن پارە - پارە بولىدۇ. شائىر بۇ تېمىلارنى بىرتەرەپ قىلىشتا تەبىئىي ھالدا غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئەپسانە ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا يېئاست ۋە ئېلىئوتنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. شائىر ئەپسانىلەر ئارقىلىق قەلبىدىكى ئۆزىگە خاس تەسىراتقا ئۇمۇمىي مەنە بېرىشكە تىرىشىدۇ. «شىشىدىكى خەت» ناملىق يەنە بىر داستانىدا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر كېمە ھەققىدە سۆزلەنگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئولتۇرۇشۇپ قالغان ھېسسىياتتىن ئېنىق بىشارەت بېرىۋاتقانلىقى، يەنى مۇھەببەت جۇدالىقىنى سۆزلەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. «ئېلىئوتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يازغان شېئىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇدېرنىزملىق

شېئىرىيەتنىڭ بۇ پېشۋاسىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئىلئوت شەخسىي تۇرمۇشتا گەرچە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا مۇھەببىتىنى دۇنياغا بېغىشلايدۇ. ئۆز دۆلىتىدىن ھالقىغان بۇنداق تېمىلارنى تاللاش برودزىسكىينىڭ مەيدانىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. شائىر توپلامنىڭ نامى قىلىنغان «باياۋاندىكى توختاش» ناملىق شېئىرىدا لېنىنگرادتىكى يونان چېركاۋسىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شېئىرىدىن ھەرقانداق مەدەنىيەت - تەرەققىيات ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ۋەزىن جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئەنئەنىگە قايتىش خاھىشچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بەزى تەقرىزچىلەر ئۇنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھازىرقى زامان كلاسسىزمى، دەپ ئاتاشتى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان كلاسسىزم، تەبىئىيكى، ئىلئوت ئۆزى ئاتىۋالغان كلاسسىزم بىلەن ئوخشاش بولۇپ، رومانتىزملىق ھېسسىياتنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ.

برودزىسكىي 1972 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن — ئۆزگە تونۇش بولغان زېمىن ۋە تۇرمۇشتىن ئايرىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە گۇمانخورلۇق كەيپىيات بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان ئەسەرلىرىدىكى گۈزەل شەيئىلەرگە بولغان تەشنالىق يوقۇلۇپ، دۇنيا كۆپىنچە مەنىسىز، خىيالىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا غەرب مەدەنىيىتى گەرچە ماددىي ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل مەدەنىيەتتە يېتىمسىرەپ قالىدۇ. بۇ خىل تەنقىدىي ئىدىيە شائىرنىڭ ئۆزگىچە خاس ئاۋازىنى شەكىللەندۇردى.

(«ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1987 - يىللىق 19 - نويابىر سانىدىن **كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى**).

(بېشى 158 - بەتتە)

ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر ھايات ياشاۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ بېسىلىپ قالغان ئەسەرلىرىمۇ قايتا نەشر قىلىنغان. گونچاروۋنىڭ «ياش چېركاۋ» ناملىق ئەسىرى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئۇكرائىن تىلىدا ئېلان قىلىنغاندا تەنقىدكە ئۇچرىغانىدى. بۇ ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى يېقىندا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. پېشقەدەم يازغۇچى دوبېنېۋ 30 نەچچە يىللىق سۈكۈتتىن كېيىن يېقىندا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى رومانى «ئاق خالات»نى ئېلان قىلغان.

87 - يىلى يەنە رېئال تۇرمۇشتىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئىپادىلەنگەن چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «جازا مەيدانى»، بېلوۋنىڭ «ھەممە ئىش تېخى ئالدىمىزدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشردىن چىققان. بۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىش بىلەنلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان. بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرىلەر ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا ئىكەن.

(خەنزۇچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» نىڭ 87 - يىل 5 - سانىدىن **ئازاد قاسىم تەرجىمىسى**).




گ. ت. مۇھەممەت (ھىندىستان)

# كۆز

(ھېكايە)

كىشىلەر مېنى كۆرسىلا كۈلۈشىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ ۋە مەن توغرىلىق نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

مېنىڭ بويۇم بەكمۇ پاكار، چىرايىم كۆمۈردەك قارا، پۇت - قوللىرىم بىر - بىرىگە ماسلاشمىغان. يوغان بېشىم خۇددى غەيرى - تەبىئىي ئۆسكەن سەت گەۋدىگە قوندۇرۇپ قويغان خانتاجىغا ئوخشايدۇ. دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىم كۆز چاناقلىرىمغا چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. بۇرنۇم شىرنىڭكىگە، ئاغزىم پاقىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. تارغىنە پېشانەمنى كېلەڭسىز قۇلاقلىرىم ئارىغا ئېلىپ تۇرىدۇ. يۈزۈمدە يەنە چېچەكنىڭ نەقەدەر ئاچكۆزلۈكىنى بىلدۈرىدىغان چوقۇرلار بار. بۇ ئۇن ئىككى يېشىمدا بولغان ئىش. بالىلىق دەۋرىمدىكى بىر كۆز پەسلى يەنە مېنىڭ ئوڭ پۇتۇمنى ناكا قىلدى. شۇنداق، مەن ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى سەت. ئەمما ھەر بىرىڭلارغا ئوخشاشلا، خۇدا ماڭىمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەن. مەنمۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىمەن. ئەمما، مۇنداق قىلىشىمنى كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولىدۇ، دەپ قارايدىغاندەك قىلىسىلەر. مەنمۇ مۇھەببەتكە ۋە باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە تەشنا. بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسما؟ دۇرۇس، مېنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتەم كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ، چۈنكى ياش بىر قىز مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ماڭا تەگدى، ئەمما مېنىڭ سىرتقى قىياپىتىم، يەنى بارلىق كىشىلەر قاچىدىغان ۋە يىرگىنىدىغان سىرتقى قىياپىتىم بىلەن پۈتۈنلەي كارى بولمىدى.

لىرا ئىسىملىك بۇ ئەما تىلەمچى قىز ياشىنىپ قالغان ئاپىسى بىلەن شەھەردىكى بىر زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى بىر كەپىدە تۇراتتى.

لىرا ھەمىشە كېلەتتى، بۇ كېيىنچىرەك ئادەتكە ئايلاندى. بىزنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپىمىز يوق ئىدى، بۇ مېنىڭ تۇرمۇش يولۇمنى ۋە مەنىۋى ئېغىرچىلىقىمنى ئاز - تولا يەڭگىللەتكەندەك قىلدى.

تۇرمۇش مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. لىرانىڭ كۆزلىرى! ئەگەر بۇ كۆزلەردە نۇر بولغان بولسا، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. لىرانىڭ كۆزى كۆرەلىگەن بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە؟! مەن بۇ خىيالىمنىڭ نەقەدەر ئەخمەقانىلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ كۆزى ساق بولغىنىدا تىلەمچى بولۇپ قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. تىلەمچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مەندىن سەدىقىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتى! شۇنداق، ئۇنىڭ كۆزى مېنى ئىزدەپ كېلىشكە، مەن بىلەن ھەر كۈنى پاراڭلىشىپ تۇرۇشقا يول قويمايتتى.

بىر كۈنى مەن لىرادىن:

— لىرا، سېنىڭچە مەن قانداقكەنمەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ، ئۇيالغان ھالدا كۈلۈپ قويدى، بۇنىڭدىن ھەقىقەتەنمۇ خۇشال بولدۇم.

— سەن مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — ئۇ خىجىل بولغان ھالدا يەرگە قارىۋېلىپ ھېچنېمە دېمەدى. مەن تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن سېھرىي كۈچى مۇشۇنىڭدىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كەلدىم.

بىر ئازدىن كېيىن لىرا كېتىپ قالدى. «لىرا!» ئاخىرى چەكسىز كەتكەن بۇ ئېچىنىشلىق دۇنيادا ماڭىمۇ مۇھەببەت بىلەن چاقىرىدىغان بىر ئىسىم، تەشنالىق شادلىقى بىلەن كۈتىدىغان بىر ئادەم چىقتى. تۇرمۇش، ماڭا ئۆز ئازاب - ئوقۇبىتىنى ھېس قىلدۇرغان تۇرمۇش، ئەمدى شېرىن ۋە خۇشال تۇيۇلىدىغان بولدى. بۇ، مېنىڭ تەلىيىم ئەمەسمۇ؟

لىرا ئەتىسى يەنە كەلدى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— لىرا، ماڭا تېگىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ، ماڭا چۆچۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— خالايمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى جاۋاب بېرىپ، — مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مېنى كۆزىگە ئىلمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇلار: «ئاۋۇ، مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ ئاشىقى» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ گېپىچە سەن ناھايىتى سەتكەنسەن.

— سەن قانداق ئويلىدىڭ؟

— مەن ئۇلار دەۋاتقان گۈزەللىكنى بىلمەيمەن، مايمۇنسىمان ئادەمنىمۇ كۆرمىگەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇڭا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن چاتىقىم يوق. ئەگەر ئۇلار سېنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئەر كىشى، دېسە باشقىچەرەك تۇيغۇغا كېلىپ قالارمەنمۇ؟ مەن بۇ دۇنياغا، گۈزەللىك بىلەن سەتلىككە قەلبىم بىلەن قارايمەن. سېنىڭ پىكرىڭ بولمىسا، مېنىڭمۇ يوق. مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا مېنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرىدىغان ھېچكىم يوق. ئەمما...

— شۇنداق بولسا، نېمىشقا «ئەمما» دەيسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەندىشە بىلەن.

— شۇنداق، گەرچە مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىسىمۇ، ئەمما مۇھەببەتنى خالايمەن.

بىز ئۇزۇنغا قالمايلا توي قىلدۇق:

كېيىنچەرەك لىرا ئانا بولىدىغان بولدى. خۇشاللىق (مەن بۇنى ئەزەلدىنلا ئويلاپ باقمىغان) مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. مەن ئەر بولدۇم، يەنە تېزدىنلا دادا بولىدىغان بولدۇم.

ئەمما بالىمىز تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي
ئىلگىرى لىرا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى.
— كېسىلى ئېغىر ئەمەسكەن. مەن
ئۇنى جەزمەن ساقايتىمەن، — دېدى دوخ-
تۇر ۋە سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورى-
دى، — ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا كورمەمتى؟
— شۇنداق، — دېدىم مەن.
دوختۇر ئۇنىڭ كۆزىنى يەنە بىر قې-
تىم تەكشۈردى، ئاندىن ئويچانلىق بىلەن:
— مەن ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى
ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرەلەي-
مەن. ئەمما هازىر مۇمكىن ئەمەس. ئۇ
تۇغۇپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋ-
بولسۇن، — دېدى.
دوختۇرنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ بار-
لىق ئوي - پىكىرلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇ-
رىۋەتتى. لىرانىڭ كۆزى ساقايسا، ئۇ مې-
نى يەنە ياخشى كۆرەرمۇ، هۆرمەتلەرمۇ؟
مەن دوختۇرغا نېمە دېسەم بولار؟ مې-
نىڭ: «ياق، ئۇنىڭ كۆرۈشى هاجەتسىز»
دەپ توۋلىۋەتكۈم كەلدى. ئەمما ئەمەلى-
يەتتە بولسا:
— لىرا، دوختۇر كۆزۈڭنى ساقايتقى-
لى بولىدۇ، دەۋاتىدۇ! — دېگەن گەپنىلا
قىلالىدىم.
مەن بۇ سۆزلەرنى مېخانىك هالدىلا
تەكرارلىدىم. بولمىسا ئۇنىڭغا قانداق
چۈشەندۈرەلەيمەن؟ ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى-
نىڭ ئەسلىگە كېلىشى دەل تۇرمۇشۇمنىڭ
يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلىشى مۇمكىن.
— ناۋادا، كۆرۈش قۇۋۋىتىم ئەسلىگە
كېلىپ قالسا - هە، مەن شۇنداق بولۇشىنى
تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. سەن بۇنىڭدىن
خۇشال بولامسەن؟ ئەگەر سېنى كۆرەلى-
گەن بولسام، مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن
بولاتتىڭ — دەيتتى ئۇ.
ئۇ كېسەل هالەتتە تۇرسىمۇ ئۇنىڭ
چىرايىدىن تولۇپ - تاشقان ئۈمىد ئالامە-
تىنى بىلدۈرگىلى بولاتتى. بۇ يېڭى بىر
خىل تۇرمۇشنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىنلا
شۇنداق بولۇۋاتامدىغاندۇ؟
لىرا ناهايىتى خاتىرجەم ئىدى، ئەمما
مېنىڭ كۆڭلۈم داۋالغۇشقا باشلىدى. كال-
لامنى هەر خىل خىياللار قوچۇۋەتتى. «ياق،
هەرگىز ئۇنداق قىلمالىق! لىرانىڭ كۆرۈش
قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەڭ! هەي،
دوختۇر! نېمە ئۇچۇن تۇرمۇشۇمغا قوقاس
تاشلايسىز؟ ياق، سىزنى ئەيىبلىگىلى بول-
مايدۇ! سىز ئۇنىڭغا كۆرۈش قۇۋۋىتى بې-
رىشىڭىز كېرەك! ئىلاهىم، لىرانىڭ كۆزى
ئېچىلغاي! خۇدايىم ئۆز پاناهىدا ساقلاپ،
ئۇنىڭغا هەر بىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك
مۇشۇ نەرسىنى ئاتا قىلغاي! بىراق مەن
چوقۇم ئۇ «مايمۇنسىمان ئادەم» دېگەنى-
نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ-
قۇپ قېلىشتىن بۇرۇن توپراققا ئايلىنىپ
كەتسەم بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئان-
دىن تولۇپ - تاشقان مۇهەببەتكە ئىگە ئا-
دەم سۈپىتىدە ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈ
ئورۇن ئالالايمەن. ئۇنىڭ ماڭا بولغان ها-
زىرقى مۇهەببىتى ۋە مەن ئۇنىڭغا بېغىشلىغان
گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۈزۈلۈپ قالارمۇ؟» دې-
گەن خىياللار يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى.
لىرا ئوغۇل تۇغدى. بوۋاق لىرانىڭ
چىرايىغا ۋە مېنىڭ كۆزۈمگە ۋارىسلىق
قىلغانىدى. لىرانىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە
كەلدى. بىر كۈنى ئۇ مەن شەخسىيەتچى-
لىك قىلىپ ئامالىنىڭ بارىچە بېسىپ قويى-
غان هېلىقى ئىشنى سوراپ قالدى.
— ئەمدى دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارامدۇق؟
ئۇ، ئۆز سۆزىنىڭ قەلبىمدە قانچى-
لىك بوران - چاپقۇن قوزغىۋەتكەنلىكىنى
بىلمەيتتى. مەن ئۇنىڭغا:
— توغرا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇنى
بىرگۈنلا بېرىپ ئىزدەي! — دەپ يالغان
ئېيتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ يالغانچىلىق قىلى-

ۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم. شۇڭا ئۆزۈمنى دې-
گىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چايقىلىپ تۇرغان
ئادەمدەك سەزدىم. سىرتقا چىقىپ بىرنەچ-
چە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يېنىپ
كېلىپ:
— ھېلىقى دوختۇر ئۆلۈپ كېتىپتۇ،—
دېدىم.
مېنىڭ دېيەلىگىنىم مۇشۇ بولدى.
مەن ئەسلىدە ئۇنداق گەپنى دېيەلمەيمەن،
دەپ ئويلىغانىدىم. مەن ئېچىنغان قىياپەت-
كە كىرىۋالالمىدىم، ئەمما مەن ئۇچۇن، يە-
نى ئۇنىڭ ئېرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، لىرا-
نىڭ كۆزىنى ساقايتىمەن دەپ ۋەدە بەر-
گەن ئاشۇ ياخشى دوختۇرنىڭ ئۆلۈمى ئۇ-
چۇن قايغۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن شەپ-
قەتسىز ۋە شەخسىيەتچىل بولغان بۇ مەخ-
پىيەتلىكنى غەمكىن كۆڭلۈمگە كۆمۈپ
تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ كۆتۈرگىلى
بولمايدىغان ئېغىر يۈك ئىدى. مەن ئۆز
بەخەتەرلىكىم ئۈچۈن قىلغان جىمى ئىش
كۆڭۈل خاتىرجەملىكىمنى ھەر ۋاقىت يۇتۇپ
كېتىۋاتاتتى.
ماڭا ئېغىر كېلىۋاتقان كۈنلەر داۋام-
لاشماقتا ئىدى.
بىر كۈنى مەن سىرتتىن قايتىپ كې-
لىپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پارە قىلىدىغان
بىر ئىشنى كۆردۈم. لىرانىڭ ئاپپىسى بىر
مىس جاۋۇرنى ئۆيگە قويۇپ قويغانىكەن.
بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان لىرا ئوپۇل -
توپۇللا بۆشۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ-
تۇ، قولىغا ھاسىسىنى ئېلىۋالمىغاچقا، جا-
ۋۇرغا پۇتلىشىپ كېتىپ، ئىشىكنىڭ يان
ياغىچىغا ئۇسۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېشى
قاناپ يارىلىنىپتۇ. مەن شۇئانلا ئۇنى
دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم.
لىرا، مېنىڭ ھاياتىم، دۇنيارىم! مەن
لىرانىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇنى ئازاب قىي-
نىماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم.
ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ:
— ئالدىمدىكى سەنمۇ؟ مەن كېتى-
دىغان بولدۇم. مەن سېنى كۆزۈم بىلەن
بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋالغان بولسام،
نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى.
لىرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى مەن-
دىكى چىدامغا بولغان سىناقتەكلا تۇيۇلدى.
ئۇ تاكى ھازىرغىچە ھېلىقى دوختۇرنىڭ
ئۆلۈمىگە ئۆكۈنۈۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ گەپ
سۆز قىلمىدى.
— لىرا! — دېدىمەن ئۇنىڭغا، — مې-
نى كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ قانداقلا بولمى-
سۇن، قالتىس ئىش ھېسابلانمايدۇ. سەن
مېنى ساپ ۋە يوپيورۇق يۈرىكىڭ بىلەن
كۆرىدىغۇ؟ ماڭا مەلۇمكى، بۇ دۇنيادا پە-
قەت سەنلا مېنى ھەقىقىي تۇردە كۆردىڭ.
كىشىلەر بىر - بىرىنى ھەرگىزمۇ كۆز بى-
لەن كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا، خاتىرجەم بول،
قەدىرلىكىم. سەن پات ئارىدا ياخشىلىنىپ
كېتىسەن.
لىرا سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، بىر ھازاغى-
چە شۈكلەپ قالدى. ئۆينىڭ سىرتىدىكى
يوپيورۇق قۇياش غەربكە قاراپ ئولتۇرۇ-
ۋاتاتتى. لىرا يىغلىدى. مەن قاتتىق ئازاب-
لاندىم. شۇ تاپتا ھېلىقى قورقۇنچلۇق
مەخپىيەتلىكىم كۈچىنىڭ بارىچە ئېتىلىپ
چىقىشقا باشلىدى. مېنىڭ ئەمدى بۇ يەردە
تۇرۇدىغان ماجالىم قالمىدى.
لىرانىڭ پاك روھى ئاستا - ئاستا ئۇ-
چۇپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى
قىلغانلىقىمنى ئەسلىيەلمىدىم. سوقۇپ تۇر-
غان بىر يۈرەك ھەرىكەتتىن توختىدى، باش-
قىلىرى بولسا يېرىلغىلى تۇردى.

(«ياشلاردىن تەرەملەر» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 9 - سانىدىن غوپۇر قادىر تەرجىمىسى).

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 15 - يانۋاردىن 20 - يانۋارغىچە بېيجىڭدا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىن قاتناشچىلىرى بىرلەشمە تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇر» نى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى.

كۆپچىلىك «تەسەۋۋۇر» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرلەشمىنىڭ ماھىيىتى، ئورنى، ۋەزىپىسى، رولى، پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بىرلەشمىنىڭ خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇنلىغان پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«تەسەۋۋۇر» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر ۋەكىللەرنىڭ بىردەك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

△ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1988 - يىلدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ژۇرناللاردىكى مۇنەۋۋەر تەھرىرلەرنى مۇكاپاتلاشنى يولغا قويۇشنى، تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر تەھرىرلەرنى تاللاش ھارپىسىدا، ئەدەبىي ژۇرناللاردا تەھرىرلىك قىلىۋاتقىنىغا 25 يىلدىن ئاشقان پېشقەدەم تەھرىرلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەنلەر ئىچىدە ئابدۇكېرىم خوجايېۋ، ئابلىمىت سادىق، رەخىم قاسىم، ئايتقالى، ئۆمەر غازى، چىن بەيجۇڭ، دۇشىڭفۇ قاتارلىقلار بار.

△ مەملىكەتلىك «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يېقىندا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، 20 مىللەتتىن 37 يازغۇچىنىڭ 36 پارچە ئەسىرىنى مۇكاپاتلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە!» ھېكايىسى، يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «گۈزەل ۋادا» ھېكايىسى، ئەدەبىي تەرجىمان جاڭ شىرۇڭنىڭ «شىنجاڭدىكى ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسى، قازاق يازغۇچىسى جۇمابايى بىلالنىڭ «نىكاھ» ناملىق ھېكايىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

△ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى خېنەن شۆبىسى 1 - ئايدا ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى ئەدەبىياتچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، 13 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يېڭى بىر يىلدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى قانداق جان-

لاندۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.
خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خېنەن ئۆلكىلىك شۆبە جەمئىيەت بۇ يىل كەسپىي يازغۇچىلار بىر
لەن ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلارنىڭ دوستلۇق جەمئىيىتىنى قۇرۇشنى، ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئەدەبىي
خاتىرىلەرنى ئاساس قىلغان «جوڭگو دولقۇنلىرى» ناملىق گېزىتنى چىقىرىشنى ۋە يېزا - بازار
كارخانىلىرىدىكى ئىسلاھاتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي خاتىرىلەر توپلىمى تۈزۈشنى پىلانغا
كىرگۈزگەن.
△ ئۆتكەن يىلى ئېلىمىزدىكى 100 ئەدەبىي ژۇرنال «جوڭگو دولقۇنى» ئەدەبىي ئاخبارات
ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. يېڭى يىل
كىرىشى بىلەنلا بۇ پائالىيەتتە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، نۇرغۇن ياخشى
ئەدەبىي ئاخباراتلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. نۆۋەتتە «جوڭگو ستۇدېنتلىرى» ناملىق ئەدەبىي
ئاخبارات كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.
△ ھەممىگە مەلۇمكى «قىسقا يېزىش — تالانتنىڭ ھەدىسى». يېقىندا نەنجىڭدىكى «ياشلىق
باھارى» تەھرىر بۆلۈمى قىسقا يېزىش كەيپىياتىنى ئۇلغايتىش مەقسىتىدە 500 خەتلىك ئەدەبىي
خاتىرە مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنى 800 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاشنى
قارار قىلدى. بۇ، قەلەم ھەققى تۈزۈمىدىكى بەزى كەمتۈكلەرنى تولۇقلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىغۇسى.
△ يېقىندا نەشىردىن چىققان «موسكۋا خەۋەرلىرى» گېزىتىدىكى بىر ماقالىدا سىمىيون بابا-
يېۋسكىنىڭ 1949 - يىلى ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرى» ناملىق رومانى
تەنقىد قىلىنىدى.
ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئەسەردە «دەۋر روھى» غا ماسلىشىش ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئە-
دەبىياتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى مەنسەپدارلارغا خۇشامەت قىلىش يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان
ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىنكى سوۋېت يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھالدا بېزەپ كۆر-
سىتىلگەن. ماقالىدا ئەدەبىي ئەسەر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن
خەلقنى ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلالايدۇ، دېيىلگەن.
«ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرى» دىكى ئاساسىي قەھرىمان 25 ياشلىق تاتولىنوۋ ئالدىنقى سەپتە
خىزمەت كۆرسىتىپ يۇرتىغا قايتىدۇ، يەنە يېڭى تۇرمۇشنى گۈللەندۈرۈشتە قەھرىمان بولىدۇ. ئۇ
ھەننىۋا نەرسىنى بىلىدۇ، ھەممىنى توغرا قىلىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدىكى قەھرىمانلارنى ئازراق-
مۇ چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي ستراتېگىيە ئىدىيىسى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئىلمىي
تەسەۋۋۇرغا ئاساسلانمىغاندا، بىر ئادەمنىڭ پائالىيىتى قانچە ئاكتىپ ۋە ناھايىتىمۇ نەتىجىلىك
بولغان تەقدىردىمۇ ھەرقانداق بىر يېزىنى قۇتقۇزالمايدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى بولسا تېخىمۇ قۇت-
قۇزالمايدۇ.
ماقالىدا، شەخسكە چوقۇنۇش دەۋرىدە مەلۇم بىر ئادەمگە چوقۇنۇش مەۋجۇت بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى كۆپ قاتلاملىق بەزى ئوتتۇرا، كىچىك شەخسىيلەرگىمۇ باش ئۇرۇدىغان چوقۇنۇش
سىستېمىسى مەۋجۇت بولىدۇ. «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرى» دىكى رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى
كوندىراتيېۋ ئەنە شۇنداق ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان، تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارغا
رەھبەرلىك قىلالايدىغان شەخس. ئەلۋەتتە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇرۇشنىڭ

خانىۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىغان دۆلەت ۋە خەلق ئىلھام بېرىشكە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، بۇ تىپتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بەكمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇش ھاجەتسىز ئىدى. ئەمما، رېئاللىقتىن چەتنەش يولى ئارقىلىق كىشىلەرگە رېئال بەختنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىلىق تەربىيە بەرگىلى بولمايدۇ، دېيىلگەن.

△ كولۇمبىيە «دەۋرى» گېزىتىنىڭ 1987 - يىل 5 - ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ۋېنسۇئېلادىكى «كىمۋايو» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان 1987 - يىللىق لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇنەۋۋەر ھېكايىلارنى باھالاش پائالىيىتى ئاياقلاشقان. كولۇمبىيىلىك ياش يازغۇچى مادرىيانو ئاكىسانىڭ «بوشلۇقتىكى ئۆتكۈر تاش» ناملىق ھېكايىسى «مۇنەۋۋەر ھېكايە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

△ 20 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئەرەب دراماتورگ، مىسىر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى تەۋپىق. ھەكىمى 1987 - يىل 26 - ئىيۇلدا 88 ياشتا ۋاپات بولغان. مىسىر ۋە ئەرەب ئەللىرىدىكى ئەربابلار: ئۇنىڭ ۋاپاتى ئەرەب ئەدەبىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور يوقىتىش، دەپ ھېسابلىغان.

△ «ئەرەب ھەپتىلىك ژۇرنىلى»نىڭ 87 - يىل 20 - ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «جىنادىرىيە مەدەنىي مىراسلار» بايرىمى ھارپىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا «ئەرەب دۇنياسىدىكى مىللىي مىراسلار بىلەن سەنئەت ۋە ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.

تۆت كۈن داۋام قىلغان بۇ ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا، «ئەرەب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى دېگەن نېمە؟»، «ئەرەب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى بىلەن ئىجادىيەت تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئەرەب مىللىي مىراسلىرى ئىچىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەتتىكى مۇھىم رولى توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلغان.

يىغىن 1988 - يىلى «ئەرەب پروۋزا سەنئىتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش، مەدەنىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قارار ماقۇللىغان.

△ 1986 - يىلى ئىيۇندا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. بىر قانچە چوڭ ژۇرناللار بەس-بەس بىلەن بىر قىسىم دۇنيادىن ئۆتكەن پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئۇزۇن يىللار بېسىلمىي قالغان ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان. «بايراق» ژۇرنىلى شائىر تۋاردوۋسكىينىڭ 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا يازغان «ئۆتكەنلەرنى سېغىنىش ھوقۇقى» ناملىق تۆت پەردىلىك داستانىنى، بولگاكوۋنىڭ 1931 - يىلى يازغان «ئادەم ۋە ھاۋا ئانا» ناملىق تۆت پەردىلىك دراممىسىنى ئېلان قىلغان. پېشقەدەم يازغۇچى بېكمىش ۋاپات بولۇپ 14 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رومانى «يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش» يېقىندا نەشىردىن چىققان. «مىللەتلەر دوستلۇقى» ژۇرنىلى تېلفانوۋنىڭ بىئوگرافىك تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى رومانى «غايىپ بولۇش»نى ئېلان قىلغان.

(داۋامى 151 - بەتتە)

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەخمەت تۇردى ...... خەير-خوش، توققۇز كۈنلۈك ماكان (ھېكايە) ... 3

ئارزۇگۈل بىلال ...... بەخت كۈلكىسى (ھېكايە) ...... 32

ياسىنجان ئۆمەر ...... مۇئەللىمە (پوۋېست) ...... 59

زوردۇن سابىر ...... ياۋروپاغا سەپەر (زىيارەت خاتىرىسى) ...... 95


## شېئىرلار


ئابدۇكېرىم مەخسۇت ...... ئاقار مۇھەببىتىم دەريا سۈيىدەك ...... 22

قۇربان بارات ...... شېئىرلار ...... 26

تۇردى سامساق ...... دولقۇنلىرىڭ يۈرىكىم سازى ...... 30

ئەركىن روزى ...... كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دالا ...... 46

ياسىن مەخسۇت ...... كۆكلەم ناخشىلىرى ...... 48

ئاۋۇت مۇھەممەدى ...... يۈرەك ناخشىلىرى ...... 49

ھامىد مەھمۇدى ...... بەخت قەسىدىسى ...... 51

نىياز ئىمىن قۇربانى ...... مىڭ ئۆي ...... 52

ئادىل تۇنىياز ...... كۈمۈش ئاققۇ قاقار يۇمشاق پەر ...... 54

مۇھەممەتجان ئەمەت ...... چاچلىرىڭدا يەلپۈنسۇن دۇنيا ...... 55

مۇھەممەتئىمىن توختى ...... ئىككى شېئىر ...... 56

ئابدۇرېھىم غازى ...... داغدا قالغان مىسرالار ...... 57

تۇرسۇنجان ھاشىمى ...... چوققا لىرىكىسى ...... 58

**مەسەل، يۇمۇر ۋە ساتىرا**

زۇنۇن قادىرى ............ چۇمۇلە بىلەن قارا چىكەتكە .................... 89
مۇھەممەت ئىمىن .............. مەنسەپجاننىڭ تەكلىپى .................... 90
ئۆمەرجان روزى............ لاپ گەپكە باج تۆلىگەنلىك توغرىسىدا ھېكايە ..... 92
تۇرسۇن ئابباس ............... كەلكۈندىن ئالغان نەپ ........................ 94
پەرھات ئابدۇرېھىم ............ يالقۇن بىلەن كۈمۈتا ............................ 94
توختىمۇھەممەت تۇردى ........ ئىلتىماس ........................................ 94
ئەنۋەر نىياز ..................... پۇت بىلەن كۆز ....................................... 94

**تەرمە گۈللەر**

ماھىگۈل پەخرىدىن ............ چالا چوكان (ھېكايە) .......................... 120
ئەرشىدىن راشىدىن ............ ھەقلىق پارائلار (شېئىر) ...................... 127

**مۇھاكىمە ۋە تەقرىز**

سىدىقھاجى روزى ............ ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈشمۇ ياكى «تالانت» نىڭ
مەھسۇلىمۇ؟ ........................................ 129

**ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن**

ئىبراھىم نورۇز ........................................ 143
نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ ........................................ 145

**مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن**

كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرىكىشى ........ 148

**چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن**


ك.ت. مۇھەممەت ............ كۆز (ھېكايە) ........................ 151

**ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار**



باغچىدىكى راۋاق

سۈرەتنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.



# تارىم


《塔里木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIM A MONTHLY LITERATURE IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

1988-يىل 4-سان (326-سان)، 38-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32-قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782-خەت ساندۇقى).
O·P. BOX 782 BEIJING. CHINA

刊　　号：65—1010/I新疆维吾尔自治区期刊登记证第356号
定　　价：壹元

باسما تاۋاق: 10، ژۇرنال نومۇرى: 65-1010/I، باھاسى: 1 يۈەن.
قەرەللىك ژۇرنال كىنىشكا نومۇرى: 356.